NEW JADE LITERATURE




# يېڭى قاشتېشى

# 新玉文艺

ISSN 1002-9206

2002.6

# ئەدىبلەر ئالبومى



▲ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇ-چىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئاتاغلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر خوتەندى-كى قەلەمكەشلەر بىلەن بىللە.



◄ ئەدىبلەر سۆھبەتتە



► ئاتاغلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر قومۇلدىكى خانتەڭرى ئەدەبى-ياتى مۇكاپاتى يىغىنىدا خوتەن ۋە-كىللىرى بىلەن بىللە.



◄ گوما خەلقى ۋە ئەدىپلەر يازغۇچى ئابدۇقادىر سادىرغا تون كەيدۈردى.

# يېڭى قاشتېشى

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال
2002 ـ يىل 6 ـ سان (ئومۇمىي 128 ـ سان)

## مۇندەرىجە

### پوۋېست ھېكايىلەر

ھايات قىسمەتلىرى............(پوۋېست) ...........ئەزىز قۇربان 40
شېرىك ..........................نۇرمۇھەممەت توختى 1
زەڭگەر پەردىلىك دېرىزە............نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى 14
«نوچى» ئەر ..................... ... ئاينۇر ئىمىننىياز 63
باغاق .............. ........گۆھەرنىسا قادىر 76

### شېئىرلار

تەنتەنە ........................ئابدۇغېنى سېيت 30
ۋەتەن مۇھەببىتى...................... مۇھەممەتتوختى ئەخمەت 31
يۈرەكنى قوش قوللاپ تۇتسەم ساڭا ......مۇھەممەت بارات تەشنائىي 32
ئىككى شېئىر ........................مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇننىياز 32
ئېيتسەپ قوي روھىمنى توغراق............... ئەخمەتجان تۇرۇپ 33
شېئىرلار ........................غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت 34
دېھقان ........................ئېلى ئەخمەت 35
ئىككى شېئىر........................تۇرانقىز ئابدۇراخمان 36
شېئىرلار ........................ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار 36
ئالدىنىپ............(ساتىرا) ...........ئابدۇلئەھەت ھەسەت بارچۇقى 38
ۋىسال كۈيلىرى....................مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن 39
غەزەللەر ........................ئابدۇلئەھەد قادىرى 66
ئاشىقلىق لىرىكىسى....................ئابلىمىت مىجىت 67
شېئىرلار ........................ئەزىز ھاشىم 69
قەلبىڭدىن مەڭگۈلۈك ۋاپانى ئىزدەپ............ئايىمنىسا سۇلايمان 70
شېئىرلار ........................ئازادگۈل ساۋۇت 78
شېئىرلار ........................قاۋۇل قارى 78
ئىككى شېئىر ........................مۇرات 79
غەزەلخانلار ناۋاسى ..............مۇھەممەتجان ئىسمايىل (يۇناقى) 80
غەزەللەر ........................ئىدرىس مەتسىيت 82
باھار........................ئېلى ئابدۇقادىر 83
ھەي، ھاراق ..................مۇھەممەتجان ئىكرام 83

**ئەسىرلەر**

ناخۇش تۇيغۇلار ........................ئابدۇرېھىم زۇنۇن 71
روھ سۈرىتى.............................. مۇھەممەت 73
سەنمۇ شۇنداق ئويغۇنامسەن؟ ...............ئەسقەرجان ئەزىزى 74

**ئوبزور**

«ئوسمىچى قىزلار» دىكى جەلبكارلىق...........توختىخان ئابدۇقادىر 77

**ئەدەبىي خاتىرە**

بىر ستودېنتنىڭ خاتىرىسى ........................مەتتۇرسۇن ئېلى 25

**قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن**

ئومۇم ۋە شەخس...............شىك دالىن..........داۋۇت ئادىل—(ت) 28

**چەتئەل ئەدەبىياتىدىن**

مۇھەببەت ئوبرازى...ۋش.كوشىك (ھىندىستان)......ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام—(ت) 84

**ئاتالار ھېكمەتلىرىدىن**

ئەمىر تۆمۈر ھېكمەتلىرىدىن ...........تەييارلىغۇچى: پاتىگۇل سابىر 92
ئەللامە زەمەخشەرى ھېكمەتلىرىدىن......تەييارلىغۇچى: ئابدۇلھەمىت توختىباقى 94

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن**

بىزنى راستلا سۆيسىلە...... ئېيتىپ بەرگۈچى: توختىمۇھەممەت مىرمەخمەت / توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇغېنى سىيت 95


مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: **پەتلەش** لىتىپ ئابدۇقادىر سىزغان.

مۇقاۋا 3 ـ بەتتە: ①**كىچىك دوكتۇر** قەلبىنۇر فوتوسى ②**شادىيانە** ③**كىچىك مەشرەپ** لىتىپ ئابدۇقادىر سىززغان. ④ **كونا ئۆي** ئالىمجان مەتقاسىم سىزغان.


تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مىجىت باقى

مۇئاۋىن ھەيئەت مۇدىرى: نىيازمۇھەممەت روزى

باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

تەھرىر ھەيئەتلەر: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئېلىندى)
ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇللا مەمتىمىن، ئەركىن ئۆمەر، سىدىق قاۋۇز، دىلنۇر ئابلىز، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مىجىت باقى، مەتنىياز روزى، مەتسېلىم مەتقاسىم، نىيازمۇھەممەت روزى، نۇرىمۇھەممەت توختى، تۇرسۇنجان مۇھەممەت

قىستۇرما سۈرەتلەرنى: ئالىمجان مەتقاسىم سىزغان.
مەسئۇل كوررېكتور: دىلنۇر ئابلىز

نۇرمۇھەممەت توختى

# شېرىك

(ھېكايە)



يىراق يېزىدىكى يېقىن تونۇغقىنىمىز شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. بىز بۇنى كىچىك قىزىمىزدىن ئاڭلىدۇق. ئۇ مەكتەپتىن قايتىشتا ئاشۇ تۇغقىنىمىزنى شەھەرنىڭ ۋاللىداپ تۇرىدىغان ئاسفالت كوچىسىدا ئۇچرىتىپ قاپتۇ.

—ئوبدان تۇردىڭىزمۇ قىزىم؟—دەپ ھال سوراپتۇ تۇغقىنىمىز.

—ئوبدان تۇردۇم—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىزىمىز.

—ئۆيدىكىلەر ئوبدان تۇردىمۇ؟—دەپ سوراپتۇ يەنە تۇغقىنىمىز.

—ئوبدان تۇردى—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىزىمىز.

—ئۇلارغا سالام دەڭ—دەپتۇ تۇغقىنىمىز.

—باركاللا!—دەپتۇ قىزىمىز.

شۇ گەپلەردىن كېيىن تۇغقىنىمىز خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ. قىزىمىز كىچىك ۋە تارتىنچاق بولغاچقا، تۇغقىنىمىزدىن ئەھۋال سورىيالماپتۇ، ئۆيگىمۇ تەكلىپ قىلالماپتۇ. قىزىمىز ئاشۇلارنى سۆزلەپ بەرگەندە، بىز سەل ھەيران بولدۇق. شۇنچە يىراق يېزىدىن شەھەرگە كەلسىمۇ، بىزنى يوقلىماي كەتسە، ئەمدى ئۇ قانداق يېقىن تۇغقان بولدى؟ بىزنى يات كۆرگىنىمۇ ـ يا؟

مېڭىمىزنى ھەر خىل ئوي ـ خىياللار چۇلغىۋالدى. شەھەرگە نېمىشقا كەلگەن بولغىيتتى؟ نېمىشقا بىزنى يوقلىماي كېتىپ قالغاندۇ؟ بىزدىن ئاغرىنىپ قالغاندىمۇ ـ يا؟... بىز ئاشۇنداق ئويلايتتۇق. يەنە تۇغقان دېگەن تۇغقانلىرىنى يوقلاپ تۇرىشى كېرەك، يوقلاشمىسا قانداق تۇغقان بولالايدۇ؟ ئاستا ـ ئاستا ياتلىشىپ كەتمەمدۇ؟ دەپ ئويلايتتۇق. ئاشۇ تۇغقىنىمىز شەھەرگە كەمدىن ـ كەم كېلەتتى. بىرەر مۇھىم ئىشى چىقىپ قالمىسا كەلمەيتتى، كەلسىلا بىزنى يوقلىماي قالمايتتى. مانا ئەمدى شەھەرگە كەپتىيۇ، بىزنى يوقلىمايلا كېتىپ قاپتۇ. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ شەھەر يېزىلارنى يات كۆرگەندەك، يېزىمىز شەھەرنى يات كۆرۈۋاتامدۇ ـ يا؟

تۇغقىنىمىزنىڭ شەھەرگە كېلىپ بىزنى يوقلىمايلا كېتىپ قالغان ئاشۇ ئىشى بىزنى بىرەر ھەپتىدەك ھەر خىل ئويلارغا سالدى. قىش كېتىپ ئىللىق باھار يېتىپ كەلگەن، تېرەك ياپرىقى «ساچقان قۇلىقى بولغان»، ئۆرۈك ـ شاپتۇللار چېچەكلەپ، تەبىئەت ياسىنىۋاتقان چاغلار ئىدى. يېزىلارغا بېرىپ يېشىل داللارنى، چېچەكلىك باغلارنى كۆرۈپ، سەيلى قىلىپ كېلىشنىڭ ئېسىل پەيتى ئىدى. بىر تۇغقانچىلىق دېگەن ئۆزئارا بولىدۇ، تۇغقىنىمىز بىزنى يوقلىمىسا، بىز تۇغقىنىمىزنى يوقلىشىمىز كېرەك دەپ ئويلىدۇقتە، دەم ئېلىش كۈنى تاكسى كىرا قىلىپ ئاشۇ يىراق يېزا تامان يۈرۈپ كەتتۇق. تۇغقىنىمىزنىڭ شەھەرگە كېلىپ بىزنى يوقلىماي كېتىپ قالغانلىقىدىكى تۈمان ئاشۇ كۈنى تارقىدى. تۇغقىنىمىز شەھەرگە ئوينىغىلى، بىرەر نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى ياكى تۇغقان يوقلىغىلى بارماپتۇ، ئىش بېجىرگىلى بېرىپتۇ. ھۆكۈمەت ئىشىغا شەخسىي ئىشنى ئارىلاشتۇرغۇسى كەلمەپتۇ. بىزنى يوقلىماي كېتىپ قالغانلىقىدىكى سەۋەب شۇ ئىكەن. بىز يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇق. ئاددىي دېھقان بېجىرىدىغان

قانداق ھۆكۈمەت ئىشىدۇر بۇ؟ پاراڭ ئارىسىدا ئەڭ ئاخىرقى
تۆكۈچمۇ يېشىلدى. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن:

× ×

تۇغقىنىمىزنىڭ ھويلىسى ئەتراپىدا ــ ئېنىقى، دەر-
ۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئورمان بەلۋېغىدا ئۆسۈۋاتقىلى ئون
نەچچە يىل بولغان، غايەت يوغىناپ كەتكەن سەگۈ تېرەك-
لەردىن 10 ـ 8 تۈپ بولىدىغان، ئۆتكەن يىراق ھەپتە مە-
ھەللىگە بىر ياغاچ سودىگىرى پەيدا بوپتۇ. سەگۈ تېرەك-
لەرگە كۆزى چۈشكەن چېغى، تۇغقىنىمىزنى قىچقىلاشقا
باشلاپتۇ. سودىگەر دېگەننىڭ قانداق قىچقىلايدىغىنى
ھەممىگە ئايان. ئۇ پاختىدەك يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن
تۇغقىنىمىزنىڭ تارشىدەك قېتىپ كەتكەن ئالقانلىرىنى
سىلاپ، دۈلىسىغا مۇشتلاپ، زادىلا قويۇۋەتمەپتۇ. تولا ياغ
چايناپ ئەۋرىشىملىشىپ كەتكەن تىلى شەكەردەك سۆز-
لەرنى توختىماي ياغدۇرۇپتۇ: «يەنە ساقلاپ ئاسمانغا تاقاش-
تۇرماقچىمىدىلە، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. دەرەخ دېگەن
ھەر قانچە ئۆسسە، مۇشۇنچىلىك ئۆسىدۇ، بۇنىڭدىن نې-
رىسىغا پورلىشىشقا باشلايدۇ، پورلىشىپ ھېچنېمىگە يارى-
مايدىغان بولىدۇ. ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى ـ قەرەلى بار. ۋاق-
تى ـ قەرەلىدىن ئۆتۈپ كەتسە بۇزۇلىدۇ. 17 ـ 18 ياشقا
كىرگەن قىزنى كۆرگەنسىلە، خۇددى پىشۇۋاتقان قىزىل
ئالمىغا، ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان قىزىل كۈلگە ئوخشايدۇ.
گۈزەل، سۈتتۈن ۋە پاك بولىدۇ. ۋۇجۇدىدىن نۇر ــ ئىسسىق-
لىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. 18 نىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ كەتسە،
پاكلىقى يوقىلىشقا باشلايدۇ. دەرەخ دېگەنمۇ شۇنىڭغا
ئوخشاش، كېسەملا ـ كەسمەملا؟ ئەمدى كەسمىسىلە، پور-
لىششقا باشلايدۇ»... قىچقىلاش توختىماي داۋاملىشىپتۇ.
ئاخىرى تۇغقىنىمىز ئىندەككە كەپتۇ. تۇغقىنىمىزنىڭ
قوشنىلىرىمۇ ئىندەككە كەپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ ھويلىلىرى
ئەتراپىدا ئۆزلىرى تىككەن، ئۆزلىرى سۇغىرىپ پەرۋىشلە-
گەن، ئوخشاشلا يوغىناپ كەتكەن دەرەخلىرى بار ئىكەن.
سودىگەر ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىمۇ ئىندەككە
كەلتۈرۈپتۇ. ئەمما سەل ئاسانراق ئىندەككە كەلتۈرۈپتۇ.
«غورا غورىنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟
تۇغقىنىمىز تېرەكلىرىنى ساتماقچى بولغان ئىكەن، ئۇلا-
رنىڭمۇ ساتقۇسى كەپتۇ. دەرەخلەرنىڭ باھاسىنى بېكىتى-
دىغان چاغدا، سودىگەرنىڭ ھۈنىرى راسا ئەۋجىگە
چىقىپتۇ. ئالقانلىرىغا تۈكۈرۈپ، يەرگە ئوتتۇز قېتىم،
تۇغقىنىمىزنىڭ ئالقانلىرىغا يەنە ئوتتۇز قېتىم شاپى-
لاقلاپتۇ. تۇغقىنىمىزنىڭ ئالقانلىرىنى ئوتتۇز قېتىم
مەھكەم قىسىپ، ئوتتۇز قېتىم قايتا ـ قايتا سىل-
كىشلەپتۇ. ئون تۈپ يوغان سەگۈ تېرەك ئۈچۈن 300
سومدىن تەدرىجى ئۆرلەپ، 800 سومغا بارغاندا توخ-
تاپتۇ. ھەر قېتىم ئالقانلىرىغا تۈكۈرۈپ يەرگە ئۇرغاندا
ۋە توپىغا مىلەنگەن ئالقانلىرىنى تۇغقىنىمىزنىڭ
تارشىدەك ئالقانلىرىغا شاپىلاقلىغاندا ئازراق قوشىدى-
كەن ۋە «بولدىمۇ، ئەمدىغۇ بولغاندۇ» دەپ ۋارقىراي-
دىكەن. تۇغقىنىمىزنىڭ بازار ئەھۋالىدىن ئازراق
خەۋىرى بولغاچقا، ئۇنىڭاي يان بەرمەپتۇ. ياغاچ سودى-
گىرىنىڭ ئالقانلىرىغا ۋاسىلدىتىپ شاپىلاقلىشىغا
چىداپ تۇرىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ تارشىدەك ئالقانلىرى
ئۈچۈن، بۇنچىلىك ئۇرغانغا چىدىمايدىغان ئىش يوق
ئىكەن. سودىگەرنىڭ ئالقانلىرى تولا شاپىلاقلاشتىن
قىزىرىپ كەتسە كېتىپتۇكى، ئۇنىڭ ئالقانلىرى
ھېچنېمە بولماپتۇ. سودىگەرنىڭ ياغلىما تىلى گەپنى
دەسلەپ يالۋۇرۇشتىن باشلىغان بولسا، ئاخىرىدا تەنە
قىلىشقا ھەتتا تىللاشقا ئۆتۈپتۇ. باھا 700 سومغا ئۆر-
لىگەندە، ئۇ: «ھوي ئاداش، تېرەكنى ئېرىقنىڭ قىرىدا
ئەمەس بېشىڭدا ئۆستۈرگەنمىدىڭ؟» دەپ ۋارقىراپتۇ.
باھا 750 سومغا ئۆرلىگەندە ئۇ يەنە «ھو قۇرام تاش،
ئىسمىڭ ھېزىم ئاخۇن بولماي تاشئاخۇن بولۇپ
كەتسۇن، تاشتىنمۇ قاتتىق نېمىكەنغۇ سەن، تېرەكنى
ئېرىقنىڭ سۈيىدە ئەمەس، ئاتا ـ بوۋاڭنىڭ قېنى
بىلەن سۇغارغانمىدىڭ»! دەپ ۋارقىراپتۇ. تۇغقىنىمىز
يەنىلا بېشىنى چايقاپ تۇرىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭچە، سودى-
گەرنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئېرىپ، تەنە گەپلىرىدىن
قورقۇپ يان بەرسە بولمايدىكەن. سودىدا ئۇتتۇرۇپ
قويۇش قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇش بىلەن ئوخشاش
ئىكەن. قىماردا ئۇتقان پۇل ھارام بولغان بىلەن سو-
دىدا ئۇتقان پۇل ھالال ئىكەن. ئۇ تاشتەك قېتىپ
تۇرىۋېرىپتۇ. 750 سومدىن كېيىن سودىگەر ئالدىدى-
كىدەك 50 سوم، 30 سوم، 10 سومدىن ئۆرلىمەي ئەمدى

بەش سوم، ئۈچ سوم، ھەتتا بىر سومدىن قوشۇشقا باشلاپتۇ، ئۇ ھەر قېتىم ئازراق باھا قوشۇش ئالدىدا تېرەكلەرنى كەم سىندۇرۇپ، ئېكىز ئەمەسكەنەي، تۈز ئەمەس ئەگرىكەنەي، توم ئەمەس ئىنچىكەكەنەي...دەپ ۋايسايدىكەن، زىيان تارتىدىغان بولدۇم دەپ قاخشايدىكەن. ئاخىرىدا يەنىلا ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ، ئالقىنىنى توپىغا ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغقىنىمىزنىڭ ئالقىنىغا شاپىلاقلايدىكەندە، يەنە بىر سوم قوشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ باھا 800 سومغا ئۆرلەپتۇ. تۇغقىنىمىزنىڭ پەمىچە، باھا تېخى ماقۇل دەيدىغان يەرگە يەتمىگەنىكەن. لېكىن ياغاچ سودىگىرى ئەمدى بىر سوممۇ ئۆرلىگىلى ئۇنىماپتۇ. تېخى چاپاننى تەتۈر كىيگەندەك قىياپەت كۆرسىتىپ: «ئەمدى ساتمىساڭ بېشىڭغا تاڭ ئا-



داش، سېنىڭ ياغىچىڭنى ئالمىسام، جاھاندا ياغاچ تۈگەپ قالامتى؟ سەن بۇ ياغاچلارنى ساتقىلى ئەمەس ئۆلگۈنىڭدە قەبرەڭگە خادا قىلغىلى ئۆستۈرگەنىكەنسەن...» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئارىغا سالاچىلار چۈشۈپتۇ. سالاچى دېگەن شۇنداققۇ، كۆپ ھاللاردا ئىشنى شۇ بۇزىدۇ. سالا قىلىنغۇچىغا يان باسقاندەك قىياپەت كۆرسىتىدۇ، سالا قىلىنغۇچى يۈز كېلەلمەي قالىدۇ. تۇغقىنىمىزمۇ شۇنداق بوپتۇ. سالاچىلارغا يۈز كېلەلمەي يان بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا پۇل لازىم بولۇپ تۇرغانىكەن. دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ ئوقۇش پۇلىسىنى تۆلىشى لازىم ئىكەن. ئاخىرى باش ئېغىتىپتۇ. ئون تۈپ يوغان سەگۇ تېرەكنىڭ باھاسى 800 سومغا بېكىتىلگەن بوپتۇ. ئۇنىڭ قوشنىلىرى ساتماقچى بولغان ياغاچلارنىڭمۇ باھاسى بېكىتىلىپتۇ. لېكىن ئەمدى تۇغقىنىمىزنىڭ ياغاچلىرى ۋە ئۇلارغا بېكىتىلگەن باھا ئۆلچەم رولىنى ئوينىغاچقا، قوشنىلارنىڭ ياغاچلىرىنىڭ باھاسىنى ئېتىش سەل ئاسانغا چۈشۈپتۇ... سودىگەر دېگەننىڭ ھەممە ئىش پۈتكەندە چىشىنى چىقىرىدىغان يەنە بىر ئادىتى بار. ئۇلار يۈزى قىزارماستىن تۇرۇپ، بېكىتىلگەن باھادىن پالانى پۇلنى تاشلىۋېتىڭ دەپ تۇرىۋالىدۇ. ياغاچ سودىگىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەسكەن. ئۇ بىرىنچى قېتىم چىشىنى چىقىرىشىدا، تېرەكلەرنى كېسىپ، ئۆلچەم بويىچە توغراپ، ماشىنىغا بېسىپ بېرىسىلەر دەپ تۇرىۋاپتۇ. ھىلىگەر سودىگەر ياغاچچى ياللايدىغان پۇلنى ئىقتىساد قىلماقچى ئىكەن. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى بۇنىڭغا كۆپ تاقارىشماپتۇ. كۈچ كېتىدىغان ئىشكەنغۇ، مەيلى دېيىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەر يىلى كۆپ ئىشلارغا بىكارغا كۈچ سەرپ قىلىدىكەن. كۈچىمىزنى بىكارغا خوراتتى، ئۇنىڭمۇ يوق ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى دەپ ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن ئۆكتە قوپالمايدىكەن. باشقىلار كۈچىمىزنى بىكارغا خورۇتىدىغۇ، سودىگەرگە ئازراق ئىش قىلىشىپ بەرسەك، كۈچىمىز تۈگەپ قالماس دەپ ئويلىشىپتۇ ئۇلار. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار 12 ـ مارتقىچە تېرەكلەرنى كېسىپ، توغراپ، قوۋزاقلىرىنى سويۇپ تەييارلايدىغان، شۇ كۈنى ياغاچ سودىگىرى ماشىنا ئەكىلىدىغان، ياغاچلار ماشىنىلارغا بېسىلىپ بولغاندا ياغاچ پۇلى تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلىدىغان بوپتۇ. بۇلار نورمال سودا جەريانى ئىكەن. ئەمما چاتاق ئاشۇ 12 ـ مارت كۈنى، سودىگەر يوغان يۈك ماشىنىلىرىنى گۈركىرىتىپ ئەكىلىپ تۇغقىنىمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاتقان، ئۇلارنىڭ ياغاچلارنىڭ يېرىمىنى ماشىنىلارغا بېسىپ بولغاندا چىقىپتۇ. تىپ ـ تىنچ يېزىدا يەنە ماشىنا گۈركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ئاڭقىرىپ بولغىچە، بىر دانە كىچىك، قوڭ-

غۇزغىلا ئوخشايدىغان ماشىنا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ چىپپىدە توختاپتۇ. ماشىنا توختىغان بولسىمۇ لېكىن توپىلىق يولدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزاڭ توختىماپتۇ. ماشىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياغاچلارنىڭ ئارىسىدا ھاڭۋېقىپ قالغان تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپتۇ. ماشىنىدىن ھېچكىم چۈشمەپتۇ. قارا ئەينەكلەر توسۇۋالغاچقا ماشىنا ئىچىدە ئادەم بار يوقلۇقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىكەن. تۇۋا خۇدايىم، ئادەم يوق ماشىنا ئۆزى مېڭىپ كېلىپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ دەپ ئويلاپ قالدىكەن كىشى ئاشۇ ئەھۋالغا قاراپ. بىر ھازادىن كېيىن چاڭ ـ توزاڭ بېسىلىپتۇ. چاڭ ـ توزاڭ تولۇق بېسىلىپ، ھاۋادىكى توپا پۇرىقى يوقىلىشقا باشلىغان چاغدا، كىچىك ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككىدىن تۆت ئىشىك تەڭلا ئېچىلىپ، ئاۋال يەرگە پاقىراق تۆت جۈپ بەتىنكە دەسسەپتۇ. توپا يوقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك، پۇشقاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋايلاپ قەدەم ئېلىشىپتۇ. ئاشۇ پارقىراق بەتىنكىلەرنىڭ ئۈستىدە ئادەم بار ئىكەن. ئۇلار تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا قاراپمۇ قويماپتۇ. بەلكىم قارىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كۆزلەر رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ ئارقىسىغا پىنھانلانغان بولغاچقا، تۇغقانلىرىم ئۇلارنىڭ قارىغان ياكى قارىمىغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر بىردەمدىلا كېسىلگەن دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرىنى ساناپ چىقىشقا قادىر بوپتۇ. تۇغقىنىمنىڭ كۆتەكلىرىنى ساناپتۇ. ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ كۆتەكلىرىنىمۇ ساناپتۇ. تېخى قىلچە خاتا قىلماي توغرا ساناپتۇ ۋە بىر ـ بىرىگە قوشۇپ، كېسىلگەن ھەممە دەرەخلەرنىڭ توغرا سانىنى توغرا چىقىرىشىپتۇ.

—ئارقىدىن رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر ئاززاق پىچىرلىشىپتۇ.

—ياغاچ كىمنىڭ؟—دەپ سوراپتۇ رەڭلىك كۆز ئەينەكلەردىن بىرى. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى خۇددى بۇ سوئالنى چۈشەنمىگەندەك زوۋانسىز تۇرۇپ قېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا تۇغقىنىمنىڭ ھويلىسىدىكى كارىۋاتتا قېنىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ، يانپاشلاپ ياتقان ياغاچ سودىگىرىمۇ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ بولغانىكەن. ئۇمۇ زوۋان سۈرەلمەپتۇ. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى «بىزنىڭ» دەپ جاۋاب بېرەيلى دېسە، گەرچە تېخى پۇلىنى ئالمىغان بولسىمۇ، سېتىپ بولغان ياغاچ ئىكەن. ياغاچ سودىگىرى: «مېنىڭ» دەپ جاۋاب بەرمەپتۇ. «مېنىڭ» دەي دېسە، ئۇمۇ گەرچە ماشىنىلىرىغا بېسىپ بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، تېخى ياغاچ پۇلىنى سانىمىغانىكەن. ئۇلار نېمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەي رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرگە قاراپ بۇتتەك تۇرۇپ قېلىشىپتۇ.

—ھوي، گاچىمۇ ھەرقايسىڭ؟ نېمە تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك گەپ قىلماي تۇرىسەن؟—دەپ ۋارقىراپتۇ يەنە ھېلىقى رەڭلىك كۆز ئەينەك.

مانا شۇ چاغدا ياغاچ سودىگىرى زوۋانغا كېلىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى تازا ئاڭقىرالماپتۇ. لېكىن ھېلىقى رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بۇرۇلۇپ قايتۇرۇپ سورىغان سوئالىنى ئېنىق ئۇقۇشۇپتۇ.

—دېمەك، ياغاچلارنى سەنلەر كېسىشىپسەندە؟

«شۇنداق» دېگەن مەنىدە باش ئىرغىتىشىپتۇ تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى.

—ئىجازەتسىز ياغاچ كەسكەن گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن جازاغا تارتىلىسەن!—دەپ خىتاب قىپتۇ رەڭلىك كۆز ئەينەك،—بىلىشەمسەن، سەنلەرنىڭ بۇ قىلمىشلىرىڭ قانۇنغا خىلاپ، «ئورمان قانۇنى» دا رۇخسەتسىز دەرەخ كەسكەنلەر قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. كەسكەن ياغاچلىرىڭنى مۇسادىرە قىلىمىز، تۆپىلەپ يەنە جەرىمانە تۆلەيسەن...

قايسى چوقاتماققا ئۇسۇپ سالغانلىقى تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا ئايان بوپتۇ. چوقاتماققا ئۇسۇپ سالدىكىمۇ، بولدى، بېشىڭ يېرىلىپ، قېنىڭ ئاقمىغان ھالەتتىمۇ، ھورەك بولۇپ ئىششىپ چىقىدۇ. كۆزلىرىڭدىن ئوت—چاقماق چاقىدۇ، زوۋانىڭ چىقمىسىمۇ ئەسەبلىرىڭ «ۋاي ـ دات» لاپ كېتىدۇ. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى شۇنداق بوپتۇ. يۈرەكلىرىدە ۋاي ـ ۋايلاپ كېتىپتۇ. كۆزلىرىدە بىچا-

رىلىك نۇرلىرى پىلىلداپ، غەم تۇپراقلىرىغا مىلىنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ بولدى قىلماپتۇ. تەرسا–كاجلىقلىرى قوزغىلىپ، يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قالماقچى بولۇشۇپتۇ. جان قۇتقۇزۇش ئۈمىدى بېغىشلىغۇدەك پاخالمۇ بار ئىكەن. ئۇلار خۇددى كەچكى شەپەق ئالدىدا جاۋىلداشقان توپ قۇچقاچلاردەك بىر – بىرىنىڭ سۆزلىرىنى تولۇقلىشىپ: بۇ يول بويىدىكى دەرەخلەرنى كېسىشكە ئالدىنقى يىلى رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى، بۇ كېسىلگەن دەرەخلەرنىڭ ئالدىنقى يىلى سېتىلماي ئېشىپ قالغان دەرەخلەر ئىكەنلىكىنى، ئالدىنقى يىلدىكى رۇخسەتكە ئاساسەن كەسكەنلىكلىرىنى بايان قىلىشىپتۇ. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر بۇ گەپلەرنى ئۇڭايلا رەت قىپتۇ. ئالدىنقى يىلدىكى رۇخسەت يىل ئۆتسىلا ئەمەلدىن قالىدىكەن، يېڭى يىلدا يېڭى رۇخسەت ئېلىش زۆرۈر ئىكەن.

شۇ ئارىدا تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئارىسىدىكى ياشراق بىرىسى: «ئۆزىمىز تىككەن، ئۆزىمىز ئۆستۈرگەن دەرەخكىمۇ ئىگە بولالمىساق، ئەمدى بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟» دەپ غودۇڭشىپ ساپتۇ. ئېغىز بالاسى دېگەن مانا شۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر غەزەبتىن پارقىراپ كېتىپتۇ ۋە «مېڭىش، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىمىز، سەن گەدەنكەشلەرنىڭ نوچىلىقىنى شۇ يەردە كۆرىمىز» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ چاغدا ياغاچ سودىگىرى كۆز ئەينەكلەرگە تاماكۇ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، قىلغىلى قېلىق تاپالماي يۈرەر ئىكەن. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى، ئۇ بىزنىڭ تەرىپىمىزنى ئېلىپ، رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنى يۇمشاتماقچى، ئىندەككە كەلتۈرمەكچى دەپ ئويلىشىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ خوشامەتلىرىنىڭ ئۈنۈمى بولماپتۇ. غەزەپلەنگەن رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنى كىچىك ماشىنىنىڭ ئالدىغا سېلىپ، شۇ قوغلىغانچە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھەيدەپ چىقىشىپتۇ. پىكاپنىڭ ئالدىدا پالاقشىپ، ھاسىراپ – ھۆمىدەپ يۈگرەۋاتقانلار: يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر ئۆز پۇقرالىرىنىڭ تەرىپىنى ئالار، ئۆز دېھقانلىرىغا قانات ياپار دەپ ئويلىشىدىكەن. ئەمما ئۇلار خۇددى مارافونغا يۈگەرگەن تەنھەرىكەتچىلەردەك قارا تەرگە چۆمۈپ، دېمى كېسىلىپ، ئۆپكىسى كارنىيىغا كەپلىشىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تال – بوستانلىق گۈزەل قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئىشنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىپتۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىمۇ كونىلار ئالمىشىپ، رەڭلىك كۆز ئەينەك تاقايدىغانلار پەيدا بولغان چاغلار ئىكەن. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر بىلەن رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر قول سىقىشىپ، راسا سىلكىشىپ، تېخى قېنىشماي قۇچاقلىشىپ، ۋارقىراپ – جارقىرىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ قايىشى ئىكەن دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈرۈپتۇ تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى. شۇنداق بوپتۇ، يېزىدىكى رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر ھېلىقى رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرگە قوشۇلۇپ سېسىق ئېيتىشقا باشلاپتۇ: «يەر دۆلەتنىڭ، يەردىن چىققان، يەردە ئۆسكەن ھەممە نېمە دۆلەتنىڭ، دۆلەت رۇخسەت قىلغاندىلا ئىگىدارچىلىق قىلالايسەن، ساتالايسەن ياكى پايدىلىنالايسەن. تېخى ئۆزلىرىڭچە بىز تىككەن دەرەخ بىزنىڭ دەپ ئويلاشقانمىدىڭ؟ ھۇ قانۇننى بىلمەيدىغان كالۋالار. كالۋالىقىڭدىن مۇشۇ كۈنگە قېلىشقان سەن ھەر قايسىڭ...» دېيىشىپتۇ ئۇلار ۋە شۇ كۈنى 12 – مارت دۆلەت بېكىتكەن جىرىم سېلىش، ئورمان ئەھيا قىلىش بايرىمى بولغاچقا، ئۆزى خالىغانچە جىرىم كەسكەن، ئورمانلارنى نابۇت قىلغان بۇنداق قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. ئۆزىنى خېلى چوڭ تۇتىدىغان بىر رەڭلىك كۆز ئەينەك تېخى بۇ قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ يۈزىگە قارا كۈيە سۈۋاپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، ئەيىۋھەنناس قىچقارتىپ سازايى قىلىش، شۇ ئارقىلىق «بىرگە ساۋاق، مىڭگە ئىبرەت قىلىش» تەكلىپىنى بېرىپتۇ. بۇ گەپ باشقا رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرگە يېقىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلماقچىمۇ بولۇشۇپتۇ. ئەمما شۇ ئارىدا يېشى چوڭراق، رەڭلىك كۆز ئەينەك گىرۋەكلىرىدىن قورۇقلار سوزۇلۇپ چىققان بىر رەڭلىك كۆز ئەينەك ئارىغا چۈشۈپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۆتۈپ كەتكىلى 30 يىل بولغانلىقىنى، ھازىر بۇلارنى سازايى قىلسا، سازايى قىلىش 30 يىل

داۋاملاشقاندەك تەسىرات قالدۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپتۇ. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر بىلەن رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر سازاي قىلىشنى 30 يىل داۋاملاشتۇرۇش ـ داۋاملاشتۇرماسلىقنىڭ ئىسلاھات روھىغا ئۇيغۇن ـ ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ھەققىدە، سازايى قىلىشنى ئىسلاھ قىلىش ـ قىلماسلىق ھەققىدە، سازايى قىلىشنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى: «تووۋا خۇدايىم، بۇرۇنقى زامانلاردا زىنا قىلغانلارنى يۈزىگە قارا سۇۋاپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىشاتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى شۇنداق سازايى قىلىشقان، ئەمدى بىز قايسى تائىپىگە تەۋە؟ زىناخورلار تائىپەسىگىمۇ ياكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلار تائىپەسىگە؟ سازايى قىلغۇدەك نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۇق؟» دەپ ئويلىشىدىكەن. ئۇلار قارا تۇرك دېھقان بولغاچقا، دەرەخ كېسىشنىڭ زىنا قىلىشتىنمۇ، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ ـــ قانۇنسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. تېخى يەنىلا «جېرىمنى ئۆزىمىز سالغان، ئۇن نەچچە يىل سۇغىرىپ، ئوغۇتلاپ، پۇتاپ ـ چاتاپ پەرۋىش قىلدۇق، يەنە نېمىشقا ئىگە بولالمايمىز؟» دەپ ئويلىشىدىكەن...

شۇ ئارىدا رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ سازايى قىلىشنىڭ ئىسلاھات روھىغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ھەققىدىكى مۇزاكىرىلىرىمۇ قىيامىغا يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭچە «بىرنى جازالاپ، مىڭغا ئىبرەت قىلىش» پرىنسىپى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، سازايى قىلىش ئىسلاھات روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىكەن. لېكىن خەلق ئاممىسىغا شەپقەت يەتكۈزۈشنى نەزەردە تۇتۇپ، سازايى قىلىشنى كېچىكتۈرۈش قارارىغا كېلىشىپتۇ، لېكىن كېسىلگەن دەرەخلەرنى مۇسادىرە قىلىش ۋە جەرىمانە قويۇشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىكەن، ھەر بىر تۈپ كېسىلگەن دەرەخ ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەش كېرەك ئىكەن.

ـــ ھەر بىر تۈپ كېسىلگەن دەرەخ ئۈچۈن 60 يۈەندىن 10 تۈپ دەرەخ ئۈچۈن 600 يۈەن تۆلە، ـــ دەپ بۇيرۇق قىپتۇ بىر رەڭلىك كۆز ئەينەك تۇغقىنىمغا قاراپ.

ـــ پۇل يوقتى، ـــ دەپتۇ تۇغقىنىم.

ـــ نېمىشقا پۇل يوق، پۇلۇڭنى قىرغىز بۇلاپ كەتتىمۇ؟ ـــ دەپتۇ رەڭلىك كۆز ئەينەك.

ـــ بىز دېھقان خەق دېگەندە پۇل يوق غوجام، 600 كوي تۇگۇل ئالتە يۈەنمۇ يوق، ـــ دەپتۇ تۇغقىنىم.

ـــ پۇل يوق دەپ جەرىمانە تۆلەشنى رەت قىلماقچىمۇ سەن؟ تۈرمىدە ياتقۇڭ بارمۇ ـ يا؟ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار يا جەرىمانە تۆلەيدۇ، يا تۈرمىگە سولىنىدۇ. تۈرمىدە ياتقۇڭ بار ئوخشىمامدۇ سېنىڭ؟

ـــ يۇقسۇ غوجام، ئەمدى شۇ پۇل يوق. بىرەر نەرسە ساتساق ئاندىن قولىمىز پۇل كۆرىدۇ. كېسىلگەن ھەر بىر تۈپ دەرەخنىڭ باھاسى 80 كويدىن بولغان. ئەمدى شۇ پۇلنى بەرسە، شۇنىڭدىن تۆلەرمىز غوجام...

تۇغقىنىم گەپ قىلىۋېتىپ ياغاچ سودىگىرىگە قاراپ قويۇپتۇ. ياغاچ بېسىلغان چوڭ ماشىنىلارمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھەيدەپ چىقىلغان بولغاچقا، ئۇمۇ بىللە ئەگىشىپ چىققان ئىكەن. ئۇ ھېلىمۇ رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، تاماكا تۇتۇپ، چىرايىدىن كۈلكە، ئاغزىدىن شېكەر ياغدۇرۇپ تۇرار ئىكەن. تۇغقىنىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇددى خوجانە سىردىنىڭ كۆتىگە نۇشۇدۇر قىستۇرۇلغان ئېشەكتەك چېچاڭشىپ كېتىپتۇ:

ـــ نېمە، نېمە ياغاچ پۇلى؟ ياغاچ مۇسادىرە قىلىنغان تۇرسا، ئۇنىڭغا يەنە مەن پۇل تۆلەمدىم؟ سېتىلغان ياغاچ ئەمەس كېسىلگەن دەرەخ مۇسادىرە قىلىندى. سېتىلغان ياغاچقا ئەمەس كېسىلگەن دەرەخكە جەرىمانە قويۇلدى. شۇنداق ئەمەسمۇ كوجاڭ، قارىسىلا ماۋۇ ئادەمنى، مېنى يېمىگەن مانتۇنىڭ پۇلىنى تۆلە دەۋاتىدۇ، قارىسىلا بۇنىڭ ئاخماقلىقىنى...

ياغاچ سودىگىرى مەسخىرە بىلەن كۈلۈپتۇ. كۆز ئەينەكلەر بولسا قاقاخلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەر بىرى بىر نېمە دەپ تۇغقىنىمنىڭ ئەخمەقلىقىنى مەسخىرە قىلىشىپتۇ.

ـــ تاپىنىغا كىرگەن تىكەننى چوقىسىدىن ئىزدەيدىغان ئەخمەق...

ـــ سۆڭگىچىنى كۆكۈيۈن چاقسا، تامغا تېپى-

دىغان ئىشەك...

— ياغاچنى سەن كەسسەڭ، پۇلنى مۇنۇ ھاجىم تۆلەمتى؟

— ھا، ھا، ھا...

— تېرەكلەرنى كەسسىلە، سېتىپ بەرسىلە دېگەن كىشى شۇ، — دەپ غودۇڭشۇپتۇ تۇغقىنىم مەسخىرە ئىچىدە، — دەرەخ كېسىش، ياغاچ سېتىش چۈشۈمدىمۇ يوق ئىدى، ئاشۇ غوجام كەسسىلە، ساتسىلا دەپ تۇرىۋالغان...

شۇنداق دەپ غودۇڭشىغان بولسىمۇ، تۇغقىنىم يەنىلا بەك خىجىل بوپتۇ. دېمىسىمۇ يېمىگەن مانتۇنىڭ پۇلىنى تۆتقاندەك ئىش بولغان ئىكەن. ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپكە كۆپ پۇشايمان قىپتۇ. ئەمما ئۇنى قايتۇرىۋالغىلى بولمايدىكەن. شۇ ئارىدا رەڭلىك كۆز ئەينەكلەردىن بىرى:

— جەرىمانىنى تۆلەمسەن - يوق؟ — دەپ ھېلىقى سوئالنى تەكرارلاپتۇ.

— ئەمدى شۇ پۇل يوق، — دەپتۇ تۇغقىنىم.

— سەنچۇ؟ سەندىمۇ پۇل يوقما؟ — خىتاپ قىپتۇ رەڭلىك كۆز ئەينەك تۇغقىنىمنىڭ قوشنىلىرىدىن بىرىگە.

— مەندىمۇ شۇ پۇل يوقتى، — دەپتۇ تۇغقىنىمنىڭ قوشنىسى. رەڭلىك كۆز ئېيەنەكلەر تۇغقىنىمنىڭ ياغاچ ساتقان شېرىكلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بىر - بىرلەپ سوراپ چىقىپتۇ. جاۋاب ئوخشاش چىقىپتۇ. چۈنكى ئۇلاردىمۇ پۇل يوق ئىكەن.

— پۇل يوق دەپ جەرىمانە تۆلەشتىن باش تارتىشقا رۇخسەت يوق! جەرىمانە تۆلەشمىسەڭ، تۈرمىدە يېتىشىسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ رەڭلىك كۆز ئەينەك. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى تۈرمىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىچە، تۈرمە دېگەن دوزاخنىڭ ئۆزىلا ئىكەن. ئۇ يەردە كۆيۈپ كۈل بولۇشتىن كىم قورقمايدۇ؟ تۇغقانلىرىم نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ پۇل بولسا دەرھال جەرىمانە تۆلەپ تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ قالغۇسى بار ئىكەن. ئەمما جەرىمانىگە تۆلەيدىغان پۇل راستىنلا يوق ئىكەن. پۇل بولسا، دەرەخ كېسىپ ياغاچ سېتىپمۇ يۈرمەس ئىكەن. ئۇلارنىڭ بېشى قېتىپتۇ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپتۇ. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ ئەلپازى قىلچە بوشار ئەمەسكەن. ئەگەر يەنە ئامال تېپىلمىسا، ئۇلار تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنى ھەيدەپ ئاپىرىپ تۈرمىگە سولاپ قويۇشىمۇ نەق ئىش ئىكەن. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ دەرەخ كەسكەن قوشنىلىرى ئۇچۇن ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ كېتىپتۇ. ساچقان تۆشۈكى ساراي، يېكەن شېخى شوتا كۆرۈنۈپتۇ. كىرىۋالغۇدەك تۆشۈككە، چىقىپ كەتكۈدەك تۈگۈلۈككە مۇھتاج بوپتۇ. بۇ ياقتا تارتسا ئات ئۆلىدىغان، ئۇياقتا تارتسا شوتا سۇنىدىغان تەڭلىككە قاپتۇ. تەڭلىك تارتىشىۋاتقىنى تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىلا ئەمەسكەن، رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرمۇ تەڭلىكتە ئىكەن. قانۇنسىز دەرەخ كەسكەن بۇ ئۇنسۇرلارنى تۈرمىگە سولىغاندىن نېمە پايدا؟ ئۇلارنىڭ جېنى جەرىمانە پۇلىدا ئىكەن. پۇل ئۇندۇرۇپ ۋەزىپىنى ئورۇنداش، مۇكاپات پۇلىنى كۆپەيتىش نىيىتىدە ئىكەن. ئەمدى كۆرۈڭ، مۇنۇ قانۇنسىز ئۇنسۇرلار «پۇل يوقتى» دەپ كالىدەك ئۇشۇيۇپلا تۇرىۋېلىۋاتامدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ھەر نېمە دېگەن بىلەن چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ. ھېلىقى يېشى چوڭراق، رەڭلىك كۆز ئەينەك گىرۋەكلىرىدىن قورۇق - سىزىقلار سوزۇلۇپ چىققان رەڭلىك كۆز ئەينەك شۇنچە تەڭلىكنى بىردىنلا ھەل قىلىۋېتىپتۇ. بىر سۆز بىلەنلا تەڭلىك تۈگۈنلىرىنى يېشىپ تاشلاپتۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ قايىل بولۇشۇپتۇ، — دەرەخ كەسكەن بۇ قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى تۈرمىگە سولاشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ ئۇ، — بۇلارنىڭ ئېغىل - قوتانلىرىدا قوي - ئۆچكىلىرى، كالا - ئېشەكلىرى بار، شۇلارنى سېتىپ جەرىمانىنى تۆلىسۇن...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر خۇشال بولۇشۇپ كېتىپتۇ. نېمە دېگەن ئەپچىل چارە - ھە؟ تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئەقلىغە قوتاندىكى ئاشۇ قوي - كالىلار كەلمىگەنىكەن. كېلىشىنغۇ كەلگەنىكەن، لېكىن ئالدىنقى يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قەرز پۇلىغا ئېلىپ بېرىلگەن ئاشۇ قوي - كالىلار ھەققىدە «سېتىۋېتىشكە، سويۇپ يەۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە بولغاچقا، ئۇلارنى سېتىشنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالىشال-

مىغان ئىكەن. ئەمدى ئاشۇ پېشقەدەم رەڭلىك كۆز ئەينەكنىڭ بىر سۆزى بىلەنلا ھېلىقى بەلگىلىمىمۇ يوق بوپتۇ. ئۇلارغا ئاسانلىق يارىتىلىپتۇ. قوي ـ كالىنى ساتسا، نېمە بولغۇدەك؟ ھېچنېمە بولمايدۇ. پەقەت بەلگىلەنگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سىزىقىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ شۇ. قايتىدىن نامرات بولۇپ قالىدۇ. نامرات بولۇپ قېلىش يامانمۇ ياكى تۈرمىگە كىرىپ قېلىش يامان؟ تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغىنىغا خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئەمما رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر ئالدىرايدىكەن، قوي ـ كالىلارنى سېتىپ پۇل جايلاپ بولغىچە ساقلاپ تۇرالمايدىكەن. ئۇلار ھۆھلەت بەلگىلەپتۇ:

— ئۈچ كۈن ئىچىدە پۇل تەييارلاپ جەرىمانىنى ئاپىرىپ بېرىشىسەن، بۇ ھۆكۈمەت ئىشى، كېچىكتۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ! — دەپ جاكارلاپتۇ ئۇلار، — ئەگەر كېچىكتۈرۈشسەڭ يەنە ئۇستىلەپ جەرىمانە تۆلەيسەن!

— ھۆكۈمەت ئىشى دېگەن مۇھىم پرىنسىپاللىق مەسىلە! — دەپ سۆز قېتىشىپتۇ باشقا كۆز ئەينەكلەر.

رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر يېزىدىكى رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنى جەرىمانىنىڭ ۋاقتىدا تاپشۇرۇلۇشىغا كېپىل بولۇشقا بەلگىلەپتۇ. «ھەيدەپ، سۆيلەپ ئۈچ كۈن ئىچىدە جەرىمانە تۆلەشكە ئەۋەتىمىز» دەپ كېپىل بوپتۇ ئۇلار. «جەرىمانىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە چوقۇم تاپشۇرۇپ بولىمىز» دەپ ۋەدە بېرىپتۇ تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى كىچىك ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۆت ئىشىكى تەڭلا ئېچىلىپ، تۆت نەپەر رەڭلىك كۆز ئەينەك بەتىنكىلىرىگە يۇققان توپىلارنى قېقىشىپ، تۆت ئىشىكتىن تەڭلا ماشىنىغا چىقىپتۇ. ياغاچ سودىگىرىنىڭ ماشىنىلىرىغا بېسىلغان ياغاچلارنى مۇسادىرە قىلىپ، ئالدىلىرىغا سېلىپ ھەيدىگەنچە، توپا ـ چاڭ توزىتىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى «ئۇھ» دېيىشىپتۇ. ئەمما تېخى ئىش تۈگىمىگەن ئىكەن. ئاشۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كۈندە ئۇلار يېزىدىكى رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ سۆيلەش، ھەيدەشلىرى ئىچىدە پۇل جايلاشقا تۇتۇش قىپتۇ. 1200 سوملۇق بوقىنى 600 سومغا، 1000 سوملۇق ئىنەكنى 500 سومغا، 900 سوم ئالىدىغان ئۈچ جۈپ قوزىلىق قوينى 400 سومغا، يەنە ئاللىنېمىلەرنى بولىشىغا سېتىپ پۇل جايلىشىپتۇ. توپىلاڭدىن توغاچ ئۇغرىلايدىغان، قارغۇنى يار بويىدا قىستايدىغان پۇرسەتپەرەسلەر ھەممە يەردىن تېپىلىدىكەن. ماللارنى شۇلار ئاپتۇ. شۇلار بەرگەن پۇل بىلەن جەرىمانىگە پۇل تەييارلانغان بوپتۇ. ئاشۇ بىزنى يوقلىماي كەتكەن كۈنى تۇغقىنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى شەھەرگە جەرىمانە پۇلىنى تاپشۇرغىلى كىرگەن ئىكەن، «ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرگىلى» كىرگەنىكەن. ھۆكۈمەت ئىشىغا شەخسىي ئىشنى ئارىلاشتۇرغۇسى كەلمەي، بىز بىلەن كۆرۈشمەيلا قايتىپ كەتكەن ئىكەن...

× ×

تۇغقىنىمىزنىڭ شەھەرگە كېلىپ بىزنى يوقلىمايلا كېتىپ قالغانلىقى پەيدا قىلغان تۇمان تارقىدى. لېكىن يەنىلا توپا ياغقان كۈنلەردىكىدەكلا غەش بولۇپ قالدىم. نېمىدۇر بىر نەرسە دېيىشىم كېرەكتەك قىلاتتى. نېمە دەيمەن؟ تۇغقانلىرىمنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئېنىق تۇرسا، رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر سىزنى بوزەك قىپتۇ دېسەم، مۇۋاپىق بولارمۇ؟ تۇغقانلىرىمغا قانۇننى بىرەر قېتىممۇ تەشۋىق قىلمىغان تۇرسام، ئۇلارنى «قاپاقباش» دەپ ئەيىبلىسەم، توغرا بولارمۇ؟ لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇ يىراق يېزىدا تۇرىدىغان يېقىن تۇغقىنىمنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىدىغان بىرەر گەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى.

— مېنى ئىزدىمەپلا، خەۋەر تاپقان بولسام، ھېچ بولمىسا جەرىمانە پۇلىنى سەل ئازايتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ يول مېڭىشىپ بېرەر ئىدىم، — دېدىم مەن ئاخىرى.

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى تۇغقىنىم. «نېمە ئاۋارە قىلىش بولسۇن، ئۇنچىلىك ئىشقا يول مېڭىشىپ بېرەلمىسەك، قانداق يېقىن تۇغقان بولىمىز» دېمەكچى بولدۇمىيۇ، لېكىن توختاپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ «ئاۋارە قىلىش» دېگەن گېپى ئۆتكەن يىلى كۈزدە بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى

يادىمغا سالغان ئىدى. تۇغقىنىم «ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق» دېگەن ئاشۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆتكەن يىلقى ئىشقا ئىشارە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. سەل خىجىل بولدۇم...

كۆزدە مۇشۇ تۇغقىنىم بىلەن بىر مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان يەنە بىر تۇغقىنىم مېنى ئىزدەپ شەھەرگە كېلىپتۇ. چىرايىدا غەم بۇلۇتلىرى لەيلەپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن بىچارىلىك، ياردەم سوراش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

ئاشۇ تۇغقىنىمنىڭ بىر قول تراكتورى بار ئىدى. نەچچە يىل يېمەي ـ ئىچمەي، كىيمەي ـ خەجلىمەي پۇل توپلاپ سېتىۋالغان ئاشۇ قول تراكتور ئۇ‌چۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئالەمچە خۇشاللىق بار ئىدى. پاراڭلاردا «كۆپ ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرىۋەتتى قول تراكتور، قىغ توشۇش، يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق سېلىش، بۇغداي ئادالاش، قوناق سوقۇشلارنىڭ ھەممىسى ئاسانلىشىپ كەتتى. بازارغا بارساق ماشىنىمىز، ئېتىزغا چىقساق ئېشەك ـ ئۆكۈزىمىز، جاڭگالغا بارساق ھارۋىمىز بولدى قول تراكتور، ئۇن ئۆكۈزنىڭ، 20 ئېشەكنىڭ كۈچى بار دېسىلە ئۇنىڭدا. شۇندادىق ۋاقىلداپ قويسىلا ئىشىمىز پۈتىدۇ» دەپ سۆزلەپ كېتەتتى تۇغقىنىمىز. تېخى سۆزىگە قول تراكتورنىڭ جىك ۋە باشقىلارنىڭكىدىن ياخشى چىققانلىقىنى، ھەممە زاپچاسلىرىنىڭ جىك ئىكەنلىكىنى قوشۇپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ تراكتورلۇق بولۇپ قالغانلىقىدىن مەنمۇ خۇشال ئىدىم. ئەمدى مانا ئاشۇ قول تراكتور چاتاق چىقىرىپتۇ. قول تراكتورغۇ چاتاق چىقارماپتۇ، قول تراكتور سەۋەبىدىن چاتاق چىقىپتۇ. تۇغقىنىمنىڭ قوۋۇرغىسىغا ئازراق ئەت قوناي دېگەندە چاتاق چىقىپتۇ. تۇغقىنىمنىڭ قوشنىسى ئۆيىنى يېڭىلاپ سېلىۋاتقانىكەن، قول تراكتورنىڭ كۆزۈپىدا بىر كۆزۈپ سېغىز ئەكىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قوشنا ئەمەسمۇ، قوشنا ئۆي سېلىۋاتقاندا، تەلەپ قىلمىسىمۇ ياردەملىشىدىغان گەپ. تۇغقىنىم چوڭ ئوغلىنى سېغىز ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ. سېغىز چوڭ يولنىڭ نېرىسىدىكى يارداڭلىقتا ئىكەن. چوڭ ئوغۇل قول تراكتورنى ھەيدەپ كىچىك كوچىدىن چىقىپ چوڭ يولنىڭ كېسىشمىسىدىن ئۆتەي دېگەندە، بىر قوڭغۇزغا ئوخشايدىغان كىچىك ماشىنا ئۇچقاندەك كېلىپ چىپپىدە توختاپتۇ. ماشىنىدىن ھېچكىم چۈشمەپتۇ. تراكتورنى تورمۇزلاپ ئۈلگۈرگەن چوڭ ئوغلغا ماشىنا خۇددى ئۆزى مېڭىپ كېلىپ، ئۆزى توختىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. چاڭ ـ توزاڭ بېسىققاندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۆت ئىشىكى تەڭلا ئېچىلىپ، رەڭلىك كۆز ئەينەك تاقىغان تۆت جۈپ بەتىنكە تەڭلا يەرگە دەسسەپتۇ. كۆز ئەينەكلەر كۆز قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدا پارقىراپ كېتىپتۇ.

ـــ كىنىشكاڭنى چىقار!ـــ دەپ بۇيرۇپتۇ رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر چوڭ ئوغلغا.

ئۇنىڭ نەدىمۇ كىنىشكىسى بولسۇن؟ دادىسىنىڭلا كىنىشكىسى بار ئىكەن. باشقا ئوغۇللارنىڭمۇ كىنىشىسى يوق ئىكەن. ئۇلار ئېتىزدا ھەيدەيدىغان تراكتورغا كىنىشكە ـ پراۋا كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. چوڭ ئوغۇل تىرناقلىرىنى تاتىلاپ، يەرگە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر تراكتورنى تەكشۈرۈپ، «چىرىقى يانمايدىكەنـەي»، «تـورمـۇزى چىڭ ئەمەسكەنەي»، «ئارقا چىرىقى يانمايدىكەنەي» دېگەندەك چاتاقلارنى تېپىپتۇ ۋە يېزىلىق تراكـتـور پونكىتىغا ھەيدەپ ئېلىپ كېتىپتۇ. تۇغقىنىم بولغان ئىشنى ئاڭلاپ تۇتقامىش تراكتور پونكىتىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاشۇ يەردە رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر بىر تالاي سېسىق ئېيتقاندىن كېيىن، «كىنىشكىسىز تراكتور ھەيدىگەن» گە 50 سوم، «ئالدى چىرىقى يانمىغان» غا 50 سوم، «تورمۇز چىڭ ئەمەس» لىكىگە 50 سوم، «ئارقا چىرىقى يوق» لىقىغا 50 سوم، جەمئىي 200 سوم جەرىمانە جاكارلاپتۇ. جەرىمانىنى قانچە تېز تاپشۇرسا، شۇنچە ئوبدانىكەن. چۈنكى، تراكتور پونكىتىدا، بىر كۈن تۇرغانغا يەنە 15 سومدىن ساقلاپ بېرىش ھەققى ئالىدىكەن. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر جەرىمانىنى بەلگىلەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. تۇغقىنىم نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. لېكىن ئۇ رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر ئالدىدا غىڭ قىلالمىغان بىلەن تونۇش ئادەملەرگە گەپ قىلالايدىكەن. تراكتور پونكىتىدىكىلەرگە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ، جەرىمانىنى كېچىرىم قىلىشنى سوراپتۇ، كەمەيتىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. چۈنكى،

بۇ جەرىمانە ئۇنىڭ ئەمدىلا ئەت ئېلىۋاتقان قوۋۇرغىلىرىنى قىرغاندەك ئىش بولغانىكەن. نەق ئەتقۇ يوقكەن، قىرىپ ـ غىدىرسا، بىرەر نەرسىنى ساتقۇزسا، ئاندىن قىرغانغا چۈشلۈق بىر نەرسە چىققىدىكەن. تۇغقىنىم كۆپ يالۋۇرۇپتۇ. تراكتور پونكىتىنىڭ باشلىقى ھەر ھالدا دەرتمەننىڭ دەردىنى چۈشەنگۈدەك ئادەم ئىكەن. جەرىمانىنى كۆتۈرۈۋېتەلمىگەن بولسىمۇ چىرايلىق گەپ قىپتۇ: «جەرىمانىنى بىز قويغان بولساق، كۆتۈرۈۋېتىشكە ھوقۇقۇم يېتەتتى. كۆردىلە، بۇنى ئاشۇلار بېكىتكەن، ئاشۇلار بىر نېمە دېمىسە، مەندە ئامال يوق» دەپ بۇغدايدەك يۇمىساق گەپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇغقىنىم مېنى ئىزدەپ شەھەرگە كېپتۇ. «جەرىمانىنى كۆتۈرگۈزۈۋېتىش ياكى كېمەيتىپ بېرىشكە ياردەملەشسىلىكەن» دېدى. بولغان ئىشنى ئاڭلاپ مەنمۇ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. كىمنى ئىزدەيمەن؟ نېمە دەيمەن؟ كېنىشكىسىز تراكتور ھەيدىگەنلىكى ئېنىق تۇرسا، قارارنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلغىلى بولارمۇ؟ پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرۇش قولۇمدىن كېلەرمۇ؟ ئۇزاق ئويلاپ قالدىم. قۇرۇق گەپكە مۇشۇكنىڭ ئاپتاپقا چىقمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەگەر ئاشۇ جەرىمانىنى كۆتۈرگۈزۈۋېتىمىز دەيدىكەنمىز رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ ۋاكالەتچىلىرىنى ئىزدەپ، ئاشۇ جەرىمانىدىنمۇ كۆپرەك بىر نەرسە شۇڭغىتىشىمىز كېرەك ئىدى. زىيان ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق بولاتتى. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنى ئىزدەپ يۈرمەي جەرىمانىلا تۆلىسەك، ھېچ بولمىغاندا يۈزىمىزنى ساقلاپ قالالايتتۇق. تۇغقىنىمغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ بېشىنى ئىغاڭلىتىپ ئولتۇردى. ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ يېغىرىنى چوڭايتىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ قولىغا 200 سوم تۇتقۇزدۇم ۋە «جەرىمانە ئۈچۈن تۆلەڭ، ھازىرچە تراكتورنى ئاچقىۋېلىش مۇھىم» دېدىم. ئۇ چاغدا بولغان ئەھۋال ئاشۇ، ئەمما كېيىنرەك خوتۇنۇمغا: «ئېشەكنىڭ يېغىرى ئېشەكچە، تۆگىنىڭ يېغىرى تۆگىچە، تۇغقانلىرىم بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئەۋارە قىلمىسا بولاتتى» دېگەنلىكىم يادىمدا. خوتۇن دېگەن ۋات ـ ۋاتنى كۆرۈك، نەلەردە ۋاتىلداپ يۈرگەن؟ مانا ئەمدى مۇنۇ «دەرەخ كېسىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئۇنسۇر» تۇغقىنىممۇ ئاشۇ گەپنى ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ «ئەۋارە قىلمايلى دېدۇق» دېگەن گېپى قۇلۇقۇمغا خۇددى تەنە قىلىۋاتقاندەك ئاڭلاندى. بەلكىم تۇغقىنىم ئۇ گەپنى ئىختىيارى دېگەندۇ، تەنە قىلىش ئويى يوقتۇ، ئەمما مەن ئاشۇنداق ھېسسىياتتا ئىدىم. ھەتتا ئۆزۈمچە خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتىم. بەلكىم قۇلاقلىرىم شالپەر رەڭگىگە كىرگەندۇ. ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمەي قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى سەل تۇتۇۋالدىم. ئاشۇ يىراق يېزىدا تۇرىدىغان يېقىن تۇغقانلىرىم ئالدىدا، ئۆزۈمنى ئىختىدارسىز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان سىياقتا كۆرسەتكۈم يوق ئىدى. ئاتتىن چۈشكەن بولسامۇ ئۈزەڭگۈدىن چۈشكۈم كەلمەيتتى. شۇنداق قىلدىم، — بىكاردىن ـ بىكار جەرىمانە تۆلىگەنلىرى بولماپتۇ. «ئورمانچىلىق قانۇنى» دا ھەر كىم ئۆزى تىككەن دەرەخكە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ دېگەن گەپلەر باردەك قىلاتتى. مەن شەھەرگە قايتىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقاي، بىرەر يول تاپارمىز، بەلكىم جەرىمانە پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش يولى چىقىپ قالار، ھېچ بولمىغاندىمۇ يېرىمىنى... — دېدىم مەن ئاخىرى. تۇغقىنىم مەيۈسانە باش چايقىدى.

— بولدى، ئاۋارە بولمىسىلا، ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات، باللار يەنە يېڭى كىلەمگە تۇتۇش قىلدى، زىياننى ئاشۇ يەردىن تولدۇرۇۋالارمىز، ياراتقام ئىگەم رىزقىمىزنى بىرەر...

ئىككىمىز خېلى تاقىرىشتۇق، مېنىڭ سۈرۈشتە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشۇم، قولۇمدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئالدىنقى يىلى دەپ سالغان «ئەۋارە قىلمىسا بولاتتى» دېگەن گېپىم ئۈچۈن تۇغقانلىرىمدىن كەچۈرۈم سوراش مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىدى. لېكىن تۇغقىنىم باش چايقىغىنىچە: «ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات» دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى. ئۇ بەكلا ئۈمىدسىزلەنگەندەك قىلاتتى. بۇنداق ئۈمىدسىزلىك كۆپ ھاللاردا ئىشەنچ يوقالغاندا پەيدا بولاتتى. بىرەر كىمنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشىغا ئىشىنەلمىگەندە، گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم تاپالمىغاندا، ئادالەتنى يوقىتىپ قويغاندا پەيدا بولاتتى. تۇغقىنىم تەقدىرگە تەن بەرگەنىدى. بېشىغا كەلگەن

ئاشۇ كەلمىشلەرنى تەقدىردىن دەپ بىلەتتى. بۇ يەردە بىر خاتالىق بار ئىدى. جەرىمانە تۆلەش تەقدىر بولغان يەردە جەرىمانە تۆلەشكە قارشىلىق كۆرسىتىش نېمىشقا تەقدىر بولمىغۇدەك؟ تېخىمۇ يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ، جەرىمانىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇش نېمىشقا تەقدىر بولمىغۇدەك؟ مەن بۇنى ھېس قىلغانىدىم. لېكىن بۇنى ئاشۇ تۇغقىنىمغا چۈشەندۈرمەك تەس ئىدى. ئۇلار كەلمىشنىلا تەقدىردىن كۆرۈشكە كۆنۈپ كەتكەنىدى.

× ×

شۇ كۈنى تۇغقىنىمنىڭ گۈل - چېچەكلىك باغلىرىنى، يېشىللىققا پۈركەلگەن ئېتىزلىرىنى ئارىلىغان بولسامۇ، كۆڭلۈم يەنىلا بوران چىقىپ توپا ياغقان كۈنلەردىكىدەكلا غەش پېتى تۇرىۋەردى. شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ نېمىشقىدۇر ئاشۇ ئىشلار يادىمدىن چىقمىدى. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر، كۆچۈكلىنىپ يۈرگەن ياغاچ سودىگىرى، مۇسادىرە قىلىنغان ياغاچ، جەرىمانە ئېلىنغان پۇل ۋە بىچارە، ئۈمىدسىزلەنگەن تۇغقىنىم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى، ھە دېسىلا يادىمغا كېلىۋالاتتى. ياغاچ سودىگىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان ياغاچنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى بىلگۈم كېلىپلا تۇراتتى. يۈز بەرگەن ۋەقە— ئىش ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېڭىدا تەسىرات پەيدا قىلىدىكەن. تەسىرات ھېسداشلىق ياكى نەپرەتتىن ئىبارەت بولىدىكەن، ئۇلار جۇغلىنىۋەرسە ھەرىكەتمۇ كېلىپ چىقىدىكەن. تۇيغۇنىڭ پائالىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى دېگەن شۇ بولسا كېرەك. مەندىمۇ شۇنداق بولدى. گەرچە ئاشۇ جەرىمانە ۋە مۇسادىرە قىلىنغان ياغاچلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا زادىلا كۆزۈم ئىلمىسىمۇ، يەنىلا بوسۇغىدىن ئاتلىدىم. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر ئارىسىدا تونۇش - بىلىشىم يوق ئىدى، بولسىمۇ ئەسقاتماسلىقى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئاشۇ يىللىرى چىققان «ئون تونۇشتۇرۇشتىن بىر تونۇش ئەۋزەل» دېگەن تەمسىلنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، زامان تەرەققىي قىلىپ، قۇرۇق گەپكە ھۆپۈپ كۆشۈلدىمايدىغان، بىكار ئاتقان قاشقا جانان كۆلۈمسىرىمەيدىغان دەۋر يېتىپ كەلگەن، كىشىلەر ئاناڭمۇ پۇل، داداڭمۇ پۇل دەپ يۈرىشەتتى. لېكىن ئەھۋالنى ئۇقۇشۇش ئۈچۈنلا پۇل خەجلەش ئارتۇقلۇق قىلاتتى. سوۋغاتنىڭ تايىنى بولمىسا مەسىلە ھەل بولمايتتى. ئىشىكتىن چىققاندىن كېيىن خېلى چوڭ يەردە، خېلى كاتتا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىغا لايىق خېلى چوڭ گەپ قىلىدىغان بىر دوستۇم ئېسىمگە كەلدى. يوغان گەپ ئەلۋەتتە ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. بوي يەتمىگەن ئۈزۈمنى ئۈزۈشتە، ئاشۇ يوغان گەپچى شوتا بولالايدىغاندەك تۇيۇلدى. ئىزدەپ باردىم. ئۇ ئەھۋال - دادىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ قولۇمغا قاردى. قولۇم ئەلۋەتتە قۇرۇق ئىدى. دوست ھېسابلاپ قۇرۇق قول بارغىنىمغا ئاشۇ دەقىقىدە پۇشايمان قىلدىم. قۇرۇق قول بىلەن نەپ ئالماقچى بولساڭ، ئېرىشىدىغىنىڭ قۇرۇق گەپ بولماي يەنە نېمە بولاتتى؟ يوغان گەپچى دوستۇم يوغان گەپچى بولغىنىغا لايىق بۆكۈمگە پىچەك ياڭاقلارنى تولدۇرۇپ يولغا سالدى... بۇنى پەملىگەنىدىم. ئەمما، ئادەم دېگەن ئاشۇنداق تەمەخور نېمىكەن. ئۈزۈمگە قول يەتمىگەندە شوتا بولۇپ بىرەرسىكىن ياكى ئەخمەق مۇزايدەك دۈمچىسىنى چىقىرىپ بىرەرسىكىن دەپ تەمە قىلىدىكەن، تەمەدىن پىچەك ياڭاقلارغا ئېرىشكەندە پۇشايمان قىلىدىكەن. شۇنداق بولدى، پۇشايمان قىلغان بولسامۇ، لېكىن ھېلىقى مۇسادىرە قىلىنغان ياغاچ، ئېلىنغان جەرىمانە، ياغاچ سودىگىرى، بىچارە تۇغقىنىم كۆز ئالدىمدا ۋىلىلداپ تۇراتتى. ياغاچ سو-



دىگىرنى تېپىپ ياغاچلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى سوراپ كۆرگۈم كەلدى. تۇغقىنىم تەسۋىرلەپ بەرگەن بەلگىلەر بويىچە سۈرۈشتە قىلىۋېدىم، ئۇنى ئوڭايلا تېپىۋالدىم. ئەسلى ئىسمى «هاشىم كوككا» ئىكەن، هازىر «هاشىم هاجى» دەپ ئاتىلىدىكەن. قايسىدۇر بىر ئىدارىدىن يېشى توشماي تۇرۇپلا پېنسىيىگە چىقىۋالغانىكەن. پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ ياش ۋە ساغلام بولغاچقا ياغاچ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرەرمىش. ئەتىيازدا ئۈزۈم تاللىرى باراڭغا ئېلىنىدىغان چاغدا، تۇرپانغا ماشىنا - ماشىنا بادىرا يۆتكەرمىش. باشقا چاغلاردا قەشقەرگە ياغاچ يۆتكەرمىش. يېقىندىن بىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قانداقتۇر بىر شىركەت بىلەن دىگۋار تۈزۈپ، ياغاچنى سېتىۋېلىپ، مۇشۇ يەردىلا تىلىپ، شال - تاختايغا ئايلاندۇرارمىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ماشىنا - ۋاگونلارغا بېسىپ ئىچكىرىگە يۆتكەرمىش. شال سودىسى بىلەن سەمىرىپ تىقىلىپ كەتكەنمىش. پۈتۈن بىستىدىن ياغ تەپچىپ تۇرارمىش... پاراڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇ جايى ۋە شال - تاختاي زاۋۇتىنىڭ ئادرىسىمۇ مەلۇم بولدى. ئادرېس بويىچە ئىزدەپ باردىم. زاۋۇتتا توك ھەرىلىرى غاقىراپ ئاۋاز چىقىرىپ توختاۋسىز شال تىلىپ تۇراتتى. ئۇستىلار بىر بېشىدىن ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈۋالغان ياغاچلارنى تەگلىك ئۇستىدە ئىتتىرىپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ھەرە تىغىنىڭ چاقپىلەكتەك پىقىراشلىرىغا، ياغاچ كېپەكنىڭ قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈشلىرىگە بىر ھازا قاراپ تۇردۇم. شۇ ئەسنادا كۆزگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بىر ياش بالا كېلىپ سالاملاشتى. ئۇنىڭ يېقىملىق قاراشلىرىدا «بىرەر ئىشلىرى بارمىكىن؟» دېگەن سوئال ئېنىق بالقىپ تۇراتتى.

— ھاشىم ھاجىمنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم — دېدىم مەن ئۇنىڭ سوئاللىق بېقىشلىرىغا جاۋابەن.

—...

ياش بالىنىڭ ئاغىز - لەۋلىرى مىدىرلىدى. ئەمما نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقالمىدىم. توك ھەرىسىنىڭ غارتىلدىغان - شارىلدىغان ئاۋازى باشقا ھەممە تاۋۇشلارنى يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ھاشىم ھاجىمنى، — مۇشۇ زاۋۇتنىڭ خوجايىنىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم — دەپ ۋارقىرىدىم مەن تېخىمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا. ياش بالا ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئىشارەت قىلىپ مېنى توك ھەرىلىرىدىن يىراقراق يەرگە باشلاپ كەلدى. توك ھەرىسىنىڭ ئاۋازى ئەمدى سەل پەسەيگەندەك بولدى.

— خوجايىن يوق، سىرتقا چىقىپ كەتكەنتى، — دېدى ياش يىگىت ئەۋلىقىدەكلا كۈلۈمسىرەپ. ئۇ مېنىڭ كېپىمنى ئېنىق ئاڭلىغاندەك قىلاتتى، — بىرەر ئىشلىرى بولسا مەن ياردەملىشەي...

مېنىڭ ئاشۇ خوجايىن ھاجىنى ئىزدىگۈدەك نېمە ئىشىم بار ئىدى؟ يىگىتنىڭ ئاشۇ سوئالىدىن كېيىن ئايان بولدىكى، مەن بۇ يەرگە بىكاردىن - بىكار كەپتىمەن. ئەگەر ھاشىم ھاجىمنىڭ ئۆزى بولغان ھالەتتىمۇ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالغان بولاتتىم. ئاشۇ جەرىمانىنىڭ بۇ كىشى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟ ياغاچلارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنىمۇ بىلەلىگىلى مۇمكىن، بىلسىمۇ دەپ بەرمەسلىكى مۇمكىن. ھەي، بىكار كەپتىمەن... ئالدىمدىكى ياش بالىغا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دېگۈم كەلمىدى. ئاستا باش چايقىدىم. ياش يىگىت كۆڭلۈمدىكى دىلغۇللۇقنى تۇيۇپتۇ:

— ھەر قانداق ئىش بولسا دەۋەرسىلە، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشىمەن، — دېدى ئۇ ۋە قوشۇپ قويدى، — ئۆزلىرى مېنى تونۇمايلا، مەن سىلىنى تونۇيمەن...

ياش بالا ئۆزىنى تونۇشتۇردى. بىر كوچىدا ئولتۇرىدىغان قوشنامنىڭ بالىسى ئىكەن. ماۋۇ كۆزۈمنىڭ كورلۇقىنى، بىر كوچىدا ھەر كۈنى دوقۇرۇشۇپ يۈرگەن بالىنىمۇ تونۇماپتىمەندە. ئەسلىدە ئىسسىق چىراي، تونۇش كۆرۈنگىنى شۇنىڭدىن ئىكەن ئەمەسمۇ؟ سەل خىجىل بولدۇم. يىگىت يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. چىرايىدىن سەممىيلىكى بايقىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كەتتىممۇ، ئىختىيارسىزلا كېلىش مەقسىتىمنى، بولغان ئەھۋاللارنى بايان قىلدىم ۋە ئاخىرىدا: — ئاشۇ مۇسادىرە قىلىنغان ياغاچلارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئۇقۇشۇپ باقاي دېگەن ئىدىم، — دەپ قوشۇپ

قويدۇم. يىگىت مېنى يەنىمۇ ياقىغىراق تارتىپ كەلدى. ئېيتاۋۇر ئۇ بۇ گەپلەرنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى خالىمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، ئاشۇ كۈنى ياغاچ يۆتكەيدىغان ماشىنىلاردىن بىرىنى مەن ھەيدەپ بارغان ئىدىم، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — خوجايىندىن سورىسىلا ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەيلا، ئۇ كىشى ھەرگىز دەپ بەرمەيدۇ. كىممۇ ئۆز ئېشىغا توپا چېچىشنى خالىسۇن؟

ئاشۇ سۆزلەردىن كېيىن يىگىت بولغان ئىشلارنى پىچىرلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى: ھاشىم ھاجىم جاھاننىڭ رەپتارىنى تولىمۇ ياخشى بىلىدىغان ئادەمكەن. شۇ كۈنى ياغاچ بېسىلغان ماشىنىلارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيۋەت بىلەن ھەيدەپ كېلىۋاتقان رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنى ئۇدۇللا رېستورانغا باشلاپ كەپتۇ. ئالدىغا غاز كاۋىپى، ئۆردەك كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى، باچكو كاۋىپى، بېلىق كاۋىپى، تونۇر كاۋىپى دېگەنلەرنى يېيىپ ئاشقۇچە دۆۋىلەپتۇ. رەڭلىك كۆز ئەينەكلەرنىڭ ئاغزىنى يەتكۈچە مايلاپتۇ. شوپۇر يىگىت دەسلەپتە كاۋاپ توشۇپ، چاي تۇتۇپ مۇلازىمەتتە بوپتۇ. كېيىن خوجايىن ھاجىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئايرىم خانىنىڭ ئىشىكىنى ھەم يېپىپ، سىرتتا تۇرۇپتۇ. توختىماي كاۋاپ چايناۋاتقان ئېغىزلاردىن نېمە گەپلەرنىڭ چىققانلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەن. كاۋاپ تۇتۇپ مايلىنىشىپ كەتكەن قوللار ئارقىلىق يانچۇق - سومكىلارغا نېمە تەرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئەمما كەچتە ئۇ، ياغاچ باسقان ماشىنىلارنى يەنىلا ھاشىم ھاجىمنىڭ تاختاي تىلىش زاۋۇتىغا ھەيدەپ كەپتۇ. مۇسادىرە قىلىنغان ياغاچلار ئەتىسىلا شال - تاختايلارغا ئايلىنىپ، ئەسلى ھالىتىنى تامامەن ئۆزگەرتىپتۇ...

يىگىت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «ياغاچلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئەنە شۇ» دېدى ۋە قوشۇپ قويدى:

— ئاكا، بۇ گەپلەر قەتئىي مەخپىي، ئۆز ئادىمى بولغاچقىلا سىلىگە دەپ سالدىم، باشقا يەردە ئاغزىلىرىدىن چىقىرىپ سالمىسىلا، ئەگەر ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقى سېزىلسە، بىزمۇ ئىچىۋاتقان ئومىچىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئاغزىلىرىدىن ئەسلا چىقىرىپ سالمىسىلا...

بىلمەكچى بولغانلىرىم ئېنىقلانغانىدى. لېكىن كۆڭلۈمگە يەنە بىر نەرسە، غۇۋا كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى. يىگىتكە مۇراجىئەت قىلدىم:

— شۇنچە كەڭرى يۇرتتا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىر قانچە تۈپ ياغاچ كېسىش دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟ رەڭلىك كۆز ئەينەكلەر جاھاننامە ئەينەكى بولغان ھالەتتىمۇ، ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرالىشى ناتايىن. بىرەرسى خەۋەر قىلىپ قويمىسا، ئاشۇ يىراق، ياقا يېزىدا ياغاچ كېسىلگەنلىكىنى ئۇلار قانداق بىلسۇن؟ ياغاچ سودىسىنى قىلىپ بولۇپ، ھاشىم ھاجىم ئۆزى چېقىپ قويدىمۇ - يا؟

يىگىت چىرايىمغا لەپپىدە قارىدى.

— بۇ گەپنى مەن دېمىدىم ئۆزلىرىگە، خۇدا بەندىلىرىگە ئىنساپ بەرسۇن!

ئۇ ئېھتىماللىقنى چەتكە قاقمىغانىدى. گۇمانىم ۋايىغا يېتىۋاتاتتى. قايسى بىر شائىرنىڭ:

«ھەجگە بارماستىن بۇرۇن، ئىنسابى ئازراق
بار ئىدى،
قاي كۈنىكى كەلدى ھەجدىن بولدى
رىسۋا - بەچچىخەر».

دېگەن ئىككى مىسراسى قەلبىمنى كېزىپ ئۆتتى. «شېرىك، شېرىك، شېرىك!» دەپ خىتاپ قىلاتتى قەلبىمدىكى پىكىرلەر. ئۇلار شېرىك بولماي نېمە؟ شىر - يولۋاس ئوۋ ئوۋلىسا، تازقارا بىلەن چىل بۆرە شېرىك بولىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ھەسەل يىغسا، چۈمۈلە بىلەن ئىت ئېيىق شېرىك بولىدۇ. ئات - ئېشەك ئۆلۈپ قالسا، تاپقا قاغا بىلەن لالما ئىت شېرىك بولىدۇ. ئوغرى ئالتۇن - كۈمۈش ئوغرىلىسا، قاراقچى بۇلاپ كېتىدۇ. قاراقچى يوشۇرۇپ قويغان زاڭ يەنە ئوغرىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ... شېرىكلەشكەنلەر پايدا تاپىدۇ. شېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشكەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! توغقىنىم شېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ، شېرىكلەرنىڭ شۈلۈپ يەيدىغان ئولجىسىغا ئايلىنىپتۇ. نېمە دېگۈلۈك؟ ئىشلار ئۆز قانۇنىيىتىدىن سىرتتا ئەمەس. ئاللا يۈۋاشلارنى، يار - يۆلەكسىزلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

# زەڭگەر پەردىلىك دېرىزە

(ھېكايە)



جىمجىتلىق قەلبىمدىكى غېرىپلىققا ئوخشاش كۆرۈنمەس قوللىرى ئارقىلىق روھىمنىڭ يېپىق دېرىزىلىرىنى بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى. مەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تەنها قالغانلىقىمنى چۈشەنمىدىم. بىلىمەن، ئادەملەر توپلىشىپ ياشايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ خىيال ئالىمى بولسا يەنە باشقا بىر دۇنيا. ئۇ يەردە ھەممە ئادەم تەنها تەپەككۇرنىڭ قۇربانى. نېمىشقىدۇر كەيپىم ئۇچتى. بەلكىم مەن يەنە ئاشۇ زەڭگەر پەردە تارتىلغان دېرىزىنى ئەگىپ يۇرسەم كېرەك. دېرىزە قانتى يەنىلا بۇرۇنقىدەك قىيا ئوچۇق. غەمكىن ھالدا ئۇ يەرگە قارىدىم (ئۇنى قارىدىم دېگەندىن كۆرە، روھىم ئاشۇ يەرگە مەڭگۇ تىكىلىپ تۇرىدۇ دېگەن توغرۇراق ئىدى). سەھەردىكى قۇياش شولىسى دېرىزە ئەيىنىكىگە چۈشۈپ كۆچلۈك نۇر چېچىپ تۇراتتى. «بۇ دېرىزىلەردىكى ئەينەكلەرنىڭ نۇر سۇندۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە كۈچلۈك ئىكەن، باشقا دېرىزىلەردىن بۇنچە كۈچلۈك نۇر تارقىمايدۇ» دەپ ئويلىدىم. بەلكىم مەن دېرىزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك نۇر سۇندۇرۇش توچكىسىدا تۇرۇۋالغان بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن بۇنى قايىل قىلغۇدەك چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. نېمە دېگەن غەلىتىلىك ـ ھە؟

ھەر كۈنى سەھەردە نازۇك ھەم ئاپئاق بىر قول دېرىزىنى قىيا ئېچىپ پەردىلەرنى قايرىپ قوياتتى. ئوخشاشلا كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا يەنە ئۇنى ئەسلى ھالىتى بويىچە يېپىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئىچى مەن ئۈچۈن بىر تىلسىملىق، يېپىق دۇنيا ئىدى. ئۇ كۈنى سەھەردە ئالدىراش ئىشقا كېتىۋېتىپ تاسادىپىي ھالدا ئاشۇ دېرىزىدە ناھايىتى نازۇك، گۈزەل بىر قامەت ئىگىسىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. بىراق بۇ شۇ چاغدىكى بىر قېتىملا پۇرسەت بولۇپ ئىككىنچى قېتىم كۆرۈش نىسىپ بولمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قېتىمدا كۆرىدىغىنىم ئاشۇ قىيا ئوچۇق زەڭگەر پەردە ۋە ئۇنى قايرىۋاتقان ئاپئاق قول بولدى. بەلكىم ئاشۇ قول ئىگىسىمۇ ھەر كۈنى سەھەردە دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ پەردە ئارقىسىدىن ماڭا قارىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ماڭا نىسبەتەن ئۇنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكى ئاشۇ ئۈچىنچى قەۋەتتىكى سىرلىق دېرىزىدەكلا غۇۋا ئىدى.

بىر خىل رېتىم داۋاملىق تەكرارلانماقتا ئىدى. مەن، ئۆي، ئىدارە، يول، دېرىزە ئارىسىدا بىر خىل كۆرۈنمەس مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ قالدى. ئىشخانىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئۇزاق ئۇلتۇردۇم، بۇ يەردىمۇ ئورغۇنلىغان دېرىزىلەر بار. يەنە كېلىپ ھەر خىل چىرايلىق گۈللەر تىزىپ قويۇلغان، بىراق پەردىسى زەڭگەر ئەمەس. بىر قانچە قېتىم بۇ پەردىلەرنى زەڭگەرگە ئالماشتۇرماقچى بولغاندا باشلىقىم قوشۇلمىغانىدى. بەلكىم بۇ يەردىكى مەسىلە

پەردىدىمۇ، دېرىزىدىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇ ئۆزۈم پەيدا قىلغان قەلبىمدىكى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان كۆرۈنمەس ھېسسىيات بولۇشى مۇمكىنىدى. دېرىزە سىرتىغا قارىدىم. كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. بەلكىم سىرتتا ھېچنېمە يوقتۇ، ھېچ بولمىسا ئاسمانمۇ يوقمىدۇ؟! ئاسمان بولۇشى مۇمكىن. بىراق قەلبىمدىكى ئاسمان يوق بولۇشى ئېھتىمال، قولۇمدا بىر ۋاراق قەغەز، قەلەم ئۈستەل ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. قارىغاندا قەلەم بىلەن قەغەزگە خەت يازماقچى بولسام كېرەك. قانداق قىلىپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم. ئۆزۈمچە سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. بۇ ئۆزۈمگە بولغان مەسخىرىدىنمۇ ئۆتە بىچارە كۈلكە ئىدى. قەغەزنى قويۇپ قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم. ئاپئاق بىر بارماق، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر لاك ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ قوللار يەنە مېنىڭ ئەمەسقۇ. ئۇ كىمنىڭ قولى بىلەن ئالمىشىپ قالغاندۇ؟ توغرا، بۇ دەل ھەر كۈنى ھېلىقى زەڭگەر پەردىنى قايرىيدىغان بارماقلارغۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە پەردىسىنى قايرىغىلى ماڭدىم. پەردىلەر ئاللا بۇرۇن قايرىۋېتىلگەن. كۆچلۈك گۈل ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ئۇ ھەر خىل گۈللەرنىڭ ئارىلاشما ھىدى ئىدى. «بۇ گۈللەرمۇ مېنىڭ خىيالىمدەك چىگىشلىشىپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدىم. پەستە بىر قىز ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ قىزنى داۋاملىق مۇشۇ بېكەتتە كۆرۈپ قالاتتىم. ئۇ مەقسەتسىزلا مەن قاراپ تۇرغان دېرىزىگە قاراپ قويىدى. يۈرىكىم ئەنسىزلىشىپ قالدى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش دېرىزە مەستانىسىمىدۇ ـ يە؟

مەن ھەر كۈنى ئاشۇ دېرىزە ئالدىدىن ئۆتىمەن، زەڭگەر پەردىنى قايرىيدىغان بىر جۈپ ئاپئاق قولنى كۆرىمەن. ئۇ قولنى كۆرمەي، ئۇ يەردىن ئۆتمەي ئامال يوق. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئەڭ يېقىن ئۆتەر يولۇم. ئۇ قول مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل ئاشۇ دېرىزىگە قارىغان ۋاقتىمدا ئاندىن زەڭگەر پەردىنى قايرىيدۇ.

بۇ يىلقى ياز تېخىمۇ ئىسسىق بولدى، دېرىزە تېخىمۇ كۆچلۈك نۇر تارقىتىدىغان بولدى. مەن ھەر كۈنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاشۇ دېرىزىگە قارىسام كۆچلۈك بىر ئىستەك مېنى ئىچىگە كىرىپ بېقىشقا قىستايدۇ. بىراق مەن بىر قېتىم غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالغان، ئەمما ئەزەلدىن ئىسمى ۋە چىرايىنى بىلمەيدىغان بىر قىز ئۈچۈن بۇنداق تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. قولىنىڭ نازۇكلىقىدىن قارىغاندا ئۇ ناھايىتى گۈزەل بىر قىز بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۇ يەرگە كىرەلمەسلىكىم قەلبىمدىكى ئاشۇ گۈزەل مەبۇدىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن قورقانلىقىم بولسا كېرەك. ئۇنى پەقەت مۇشۇ دېرىزە ئارقىلىق كۆرۈپ تۇرغاندىلا ئاندىن ئۇ مەڭگۈ سېھرىي كۈچىنى يوقاتمايتتى.

مەن باشتا ئەتراپتىكى ئادەملەر ماڭا قاراۋاتامدىكىن، دەپ خۇدۇكسىنىپ ئەتراپقا قاراپ قوياتتىم. كېيىن ئەپچىل بىر چارە تاپتىم. يولنىڭ چېتىدىكى رىشاتكىغا يۆلىنەتتىم ـ دە، بىر تال تاماكا چەككەچ دېرىزىگە، دېرىزىدىكى زەڭگەر پەردە ۋە ئاپئاق قولغا نەزەر سالاتتىم. مەن ئەسلىدە تاماكا چەكمەيتتىم، بىراق مۇشۇ دېرىزىگە قاراش ئۈچۈن تاماكا چېكىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلنى ئۆگەندىم. يەنە كېلىپ تاماكىنى كۈندە ئىككى رەت پەقەت مۇشۇ دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىلا چېكەتتىم، خۇمارىمۇ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قوزغىلاتتى.

بۈگۈن يېنىمغا بىر قىز كېلىپ «سائەت قانچە بولدى؟» دېگىنىگە ئەمەس، بەلكى قولىدىكى سائەتكە قارىمىغىنىغا ھەيران قالدىم. ئەزەلدىن ھېچكىم مەندىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سوراپ باقمىغان ئىدى. مەن بۇ قىزنى بۇندىن كېيىن بىر يەردە كۆرسەم چوقۇم تونۇۋالىمەن دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنى خاتىرەمدە ساقلاپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭدىن ۋاقىتنى نېمىشقا باشقىلاردىن سورىماي مەندىن سورىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم، بىراق ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنداق سورىغۇم كەلمىدى. ئۇنداق قىلسام ئۇ ئاشۇ دېرىزىدەكلا ئۆز سېھرىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ۋاقىتنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم، ئارقىدىن چاقمىقىمنى چىقىرىپ ئوت ياقتىم. بىراق قىز سۆزۈمگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇ ئەزەلدىن مەندىن سائەتنىڭ نەچچە بولغىنىنى سورىمىغاندەكلا تۇراتتى. تاماكىنى كۈچەپ شوراپ كەتكەچكە يۆتىلىپ كەتتىم ھەم ئۇنىڭ ئىختىيارسىز تىترەۋاتقان قولىغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ قولىدا قىپقىزىل ئېچىلغان بىر

جۈپ ياۋا چوغلۇق بار ئىدى. ئۇ بىر خىيالنىڭ ئىسكەنجىسىدە بۇ بىر جۈپ گۈلنىڭ بەرگىنى تېتىشقا باشلىدى. قەلبىمدە گۈلگە ھېسداشلىق قوزغالدى.

ــ نېمە ئۈچۈن گۈل بەرگىنى تىتىۋېتىسىز؟ ــ قىز كۆزۈمگە ئىپادىسىز قاراپ قويدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ چىدىغۇسىز گۈزەل ئىدى.

ــ سىزدە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلانغىدەك ئىشتىياق بولمىسا ئۇ سىزگە ھوزۇر ئەمەس، ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.

ــ سىزدە گۈزەللىكتىن ھوزۇرلانغۇدەك قەلب يوقمۇ؟

ــ مەسىلە گۈزەللىكنىڭ مەنىسىدە، بەزى گۈزەللىك تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھەم ئازابلىق بولىدۇ، شۇڭا ئادەم ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ يېقىنلىشىدۇ، خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ــ ئۇ قولىدىكى بىر تال گۈل بەرگىنى ئاستا بوشلۇققا قويۇۋەتتى. گۈل بەرگى بىر ئاجىز ناخشىدەك ئارىمىزدىن ئاستا يىراقلىشىپ سەل نېرىدىكى نەمخۇش يەرگە چۈشتى.

ــ نېمە ئۈچۈن سىزدىكى گۈزەللىك بۇنچە قايغۇلۇق؟

ــ بىلمەيمەن، ھازىر ئۇنى ساقايتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەۋاتىمەن.

ــ ئامال تاپالىدىڭىزمۇ؟

ــ ئۇنىمۇ بىلمەيمەن.

ــ ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ گۈل بەرگىنى تىتىشىڭىز قەلبىڭىزدىكى گۈزەللىكنىڭ ئازابىنى بىر تال ـ بىر تالدىن تۇزۇتۇش ئۈچۈن ئىكەن ـ دە.

ــ شۇنداق بولسا كېرەك، بۇ گۈزەللىككە قىلىنغان رەھىمسىزلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مېنىڭ قەلبىمگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىۋاتقان تەسەللىينىڭ شولىسى.

ــ سىز كۆز قارىشى تولىمۇ ئۆزگىچە قىز ئىكەنسىز.

ــ غەلىتىمۇ؟

ــ ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ــ بۇ خىل غەلىتىلىك سىزدىمۇ بار. مەسىلەن، ھەر كۈنى ئاشۇ زەڭگەر پەردىلىك دېرىزىگە قاراش.

ــ بۇنى سىز قانداق بىلىسىز؟

ــ غەلىتە ئادەملەرنىڭ ئوخشاش سېزىمى بولىدۇ، ھەر ئىككىمىز بۇ ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن قورقىمىز.

ــ مەن بۇ دېرىزىگە قارىمىساممۇ بولىدۇ. چۈنكى مەندە ئازاب يوق، پىراق سىز...

ــ سىزدىكىسى تېخىمۇ ئېغىر، كۆرۈنمەس ئازاب. ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ، ياكى بولمىسا ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.

ــ لېكىن جۈرئەت قىلالمىغان.

ــ نېمىشقا جۈرئەت قىلالمىغۇدەكمەن.

ــ سىز ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بىر قىزنىڭ بولماسلىقىدىن، ياكى ئۇنىڭ ئېرى بارلىقىدىن، يا بولمىسا ئۇنىڭ بىر كۆرۈمسىز قىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيسىز. بەلكىم ئۇ ئۆيدە بىر ئەر ئولتۇرغاندۇ، ياكى بىر قېرى خوتۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا سىزنىڭ بۇ دېرىزە ئۈچۈن تۆلىگەن روھىي بەدىلىڭىز بەك ئېغىر بولۇپ كېتىدۇ. ھەر قېتىم مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە بىر قېتىم ئازابلىنىسىز. ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ. مەندە ئۇ ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىمۇ بار. قىز بىر ۋاراق قەغەزگە بىر قاتار سانلارنى يېزىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن قەغەزنى تۇتقىنىمچە ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۇ كۆز ئالدىمدىن بىر پارچە نۇرغا ئوخشاش ئۇزاپ كەتتى. بوشلۇقتا ئۇنىڭدىن قالغان ئەتىر ياكى تىتىپ تاشلانغان گۈل ھىدىنىڭ خۇش پۇرىقى قالدى. نەمخۇش يەردە قىپقىزىل گۈل بەرگىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. مەن تېلېفون نومۇرىغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتىم. بۇنىڭ ھاياتىمغا بىرەر ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

مېنى داۋاملىق بىر خىيال ئويغا سالىدىغان بولۇپ قالدى. مەندىكى دېرىزىگە قاراش بىر خىل كېسەللىكمۇ ياقمۇ؟ ئەگەر ئۇ كېسەللىك بولمىسا نېمىشقا مەن ئەتەي ئاشۇ دېرىزىگە قاراش ئۈچۈنلا ئالدىراپ ـ تېنەپ ماڭىمەن؟ نېمىشقا شۇ ئىش ئۈچۈن تاماكا چېكىشنى ئۆگەندىم؟ نېمىشقا ھەر كۈنى ئاشۇ دېرىزىگە قارىشىم خىزمەت، تاماق يېيىش، كۆڭۈل ئېچىش ھەتتا ياشاشنىڭمۇ ئالدىدا تۇرىدۇ؟ ئۇ مېنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمىتىمنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ قالدۇ؟ ئەمما بۇنى كېسەللىك دېسەك جاننى ئاغرىت-

مايدۇ ياكى ئۈكۈل سېلىپ دوختۇردا ياتقۇزمايدۇ. شۇڭا ئۇنى بىر خىل خۇمار، ياكى ھەۋەس دەپ چۈشەندىم. بەزىلەرنىڭ تاماكا خۇمارى، بەزىلەرنىڭ هاراق خۇمارى بار. بەزىلەر ئىت باقىدۇ، بەزىلەر كەپتەر، ھەتتا قورقۇنچلۇق ھاشاراتلارنى باقىدىغانلارمۇ بار. مانا بۇ ئىنسانلاردىكى تەبىئىي مىجەز، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كېسەل دېگىلى تۇرسا يەر شارىنى كېسەل قاپلاپ كېتىدۇ.

قىزنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكەندە مېنى قايىل قىلغان مەغرۇرلىقى كۆڭلۈمنى ئەزدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ «ھەي ئەخمەق، دۇنيادا غەلىتىلىك ئەسلا يوق» دېگۈم كەلدى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم. ھازىر ئۇ ئىشقا بىر قانچە كۈن بولۇپ قالدى.

مەن بۇ يولدىن ھەر كۈنى ئۆتىمەن، بەزىدە ھەتتا تەكرار ئۆتىمەن. دېرىزىگە قارايمەن، لېكىن ئاشۇ دېرىزىدىن نېمىنى ئىزدەيمەن، بىر قېتىم غىل - پاللا كۆرۈنۈپ قالغان گۈزەللىك مېنى بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئاۋارە قىلامدۇ؟ بەلكىم زىلۋا، قوللىرىغا ئاق پەلەي كىيىۋالغان ئاللا كىملەرنى كۆرسەملا دەرھال ئۇلارنىڭ چىرايى يوقاپ ھېلىقى دېرىزە كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. تامامەن باشقا بىر جايدىكى ئادەمنى يەنە بىر جايدىكى دېرىزە بىلەن باغلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەمما ئۇلار مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا تەبىئىي ھالدا بىر - بىرىگە باغلىنىپ قالىدۇ. ئادەملەرنىڭ زىلۋا بولۇشى، گۈزەل بولۇشى ماڭا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردى. شۇڭا مەن كوچىغا چىقسام ئاشۇ دېرىزىدىن باشقا ياققا قارىماسلىققا تىرىشىمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئوبرازىمغا ماس كەلگەن ھەر بىر ئادەم ئاشۇ دېرىزە ئىچىدە ياشايدۇ. ھەر بىر دېرىزە ئاشۇ دېرىزىنىڭ شەكلىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن مەن ئۇ دېرىزە ئىچىدىكى قىزنىڭ زادى قانداقلىقىنى، ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى، ئاۋازىنىڭ قانداقلىقىنى ئەسلا بىلمەيمەن. مەن مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى ئۆزۈمدە ھامان بىر كۈنى ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن. چۈنكى، بۇ ماڭا روھىمدا ئاللابۇرۇن بېرىلگەن بىشارەت.

يېنىمدىكى قىزغا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ قويىدۇم. ئۇنىڭدىن تىنچلىق سوراشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتىم. ئۇمۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. مەن باشقىلارنىڭ سۈكۈت ئىچىدە مەن بىلەن بىللە تۇرۇشىغا، يەنە كېلىپ مەن بىلەن ئورتاق ھېسسىياتتا بولۇشىغا ئۆچ. گەرچە ئۇ بىر قىز، يەنە كېلىپ مەن چۈشەنمەيدىغان، ھەم چۈشىنىشنى خالىمايدىغان ناتونۇش بىر قىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېنىڭ خىيالىمغا سىڭىپ كىرىشى بىر روھىي زورلۇقتەك ئىش ئىدى. خىيال، قىز، دېرىزە، ئاخىرىدا ھەممىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەم ئالدايدىغان نەرسىلەر. بىر كۈنلەر كېلىپ يەنە ئەتراپىمنى گۈل ۋە ئەتىر ھىدى قاپلايدۇ. يەردە تىتىلغان گۈل بەرگىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرسىنىڭ، بەلكىم مېنىڭدۇ، ئازابىم ساقىيىشقا باشلايدۇ. ئازابتىن قۇتۇلۇش، شادلىنىش ئۈچۈن. بىراق ئازاب شېرىن بولسا، يەنە كېلىپ ئۆزى خالىغان بولسا ساقىيىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! بىز بەرىبىر ئۆزىمىز تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغانلار ھەم قۇتقۇزۇۋېلىنغانلار، بۇنىڭ نەتىجىسى نۆلدە نۆل، شادلانغۇدەك يەنە نېمە بولسۇن؟ ئۇلۇغ ھېسسىياتى ئالدانغانلار ھەرگىز غالىپ سانالمايدۇ.

قىز بۇ قېتىم ۋاقىتنى سورىمىدى، گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا گۈلمۇ يوق ئىدى. قارىغاندا جاراھىتى ساقايغان ئوخشايدۇ.

بۈگۈن يەنە زەڭگەر پەردىلىك دېرىزىگە قارىدىم. ئارىمىزدا نەچچە ئون مېتىر بوشلۇق بار ئىدى. مەن بۇ بوشلۇقتىن مەڭگۈ ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغاندەك قىلاتتىم. بەلكىم سەل جۈرئەت قىلسام ئاشۇ پەردىنىڭ ئارقىسىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرەلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئۇنى روھىمدىكى ھېلىقى بىر تال ئېغىر تاش بىلەن چۆل - چۆل قىلىۋېتەلەيتتىم. بىراق مەن ئاتقان تاش ھەرقانچە كىچىك بولغان بىلەنمۇ ۋەزنى ناھايىتى ئېغىردەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا چەكسىز كۈچ كېتىدىغاندەك ئىدى. بەزىدە ئاشۇ دېرىزىنى چۆل - پارە قىلىۋېتىپ بارلىق غەملەردىن قۇتۇلماقچى بولاتتىم. بىراق ھازىرغىچە جۈرئەتكە كېلەلمىدىم، روھىمدىكى يۈكمۇ يەڭگىللىمىدى.

ئۆزۈمنىڭ نېمشقا بۇنداق غەلىتە ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىنىمغا ئەجەبلىنىمەن. مەن بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان ئاشۇ ئادەملەر تولىمۇ غەمسىز، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق يۈكى يوق. تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ ئۆزىچە غەمسىز بولۇۋالغىنىغا غەزەپلىنىمەن. ھەممىسىنى ئەتراپىمدىن قوغلىۋەتكۈم كېلىدۇ. يەنە ئويلىسام ئۇ-

لارنىڭ ياشاش دائىرىسىنى مەن بەلگىلەپ بېرەلمەيدىكەنمەن. ئىلاجىسىز ئۇلارنىڭ غەمسىز ياشىشىغا رۇخسەت قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. ئالدىنقى كۈنىلا بىر قىزنىڭ مەن بىلەن بىرگە ھايات غەملىرىنى تارتىقىنىغا ئاچچىقىم كەلگەنىدى، ئەمدى بۈگۈن باشقىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا غەمسىز بولۇۋالغىنىغا ئاچچىغىم كەلدى. «سىلەرنىڭ غەمسىزلىكىڭلار يالغان» دەپ پىچىرلىدىم، بىراق بۇ پىچىرلىشىم ئۆزەمنىڭ ئاجىزلىق تەرىپىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

بۈگۈن ئەتىگەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ دېرىزىگە قارىماي ئۆتۈپ كەتتىم. ئۆزۈمچە غەلىبە قىلدىم دەپ كۆڭلۈمسىرەپ قويدۇم. ئالدىمدىن كېلىۋاتقان قىزمۇ خۇمالىق، كۆڭلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنى بەك چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، كۆلكىسى بەك سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كەتتى. قىزلارنى يېقىملىق ھەم سۆيۈملۈك قىلىدىغان ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئىكەن دەپ ئويلىدىم. مەنمۇ ئەمدى ھاياتقا كۆڭلۈمسىرەپ قارايمەن. شۇ چاغدا باشقىلارمۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىشى مۇمكىن.

—سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟—ئالدىمدا ھېلىقى قىز تۇراتتى. ئۇنىڭغا ۋاقىتنى ئېيتىپ بەردىم.

—بۈگۈن تۇنجى رەت دېرىزىگە قارىمىدىڭىز - ھە؟

—سىز مېنى كۆزىتىپ تۇرغانمىدىڭىز؟

—سىز ئۆزىڭىزنى داۋاملىق بىرى كۆزىتىپ تۇرغاندەك ھېس قىلمامسىز، بولۇپمۇ دېرىزە كەينىدە.

مەن ئۈنچىقمىدىم.

—ياخشى، سىزدە ئىلگىرىلەش يامان ئەمەس.

—سىز بۈگۈن ئەجەپ گۈل ئەكەلمەپسىزغۇ؟

—بۈگۈن مەن ئازاب ساقايتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئارام ئېلىش ئۈچۈن چىقتىم، سىزچۇ؟

—كۈندىكىگە ئوخشاش، ئىدارىگە ماڭدىم شۇ.

—يەكشەنبىدىمۇ ئىشلەمسىز؟

—بۈگۈن يەكشەنبىما؟—قىز كۈلۈمسىرىدى.

—سىزنىڭچە نېمىدۇ؟—بىردىنلا خىجىل بولۇپ قالدىم. بۈگۈن يولدا ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى بىكار ئەمەسكەن - دە.

—سىز نەگە ماڭدىڭىز؟

—سىزنى كەپ قالسا بىرگە ئايلىنايمىكىن دەپ...

قىزنى قولتۇقلاپ قويۇق دەرەخلىقتىن ئۆتتۇم. بۈگۈن دېرىزىگە راستىنلا قارىمىدىممۇ؟ ئەجەپ مەندە باشقا ئۆزگىرىش بولمىدىغۇ. ئىلگىرىمۇ ھاياتىمدا دېرىزە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمما كېيىن ئۇ ھەممە تەرەپكە تەڭ ئېچىلدى. ئۆتمۈش—كەلگۈسىنىمۇ قوشۇپ تەڭ يۇتۇۋالدى. مانا ئەمدى ئالدىمدا پەقەت ئورمانلىقلا قالدى. يەنە بىر قىزمۇ بار. بەزىدە ئادەم ھامان ئۆزىگە كۆرۈنمەس دېرىزىلەرنى ياسىۋالىدۇ. بەزىلەر بولسا بىر قۇشقا ئوخشاش ئورماندا ئەركىن ئۇچۇپ يۈرىيدۇ. ئۇنىڭغا بىر گۈزەل تومۇچۇق ھەمراھ بولىدۇ. قارىغاندا ھاياتنىڭ گۈزەل تەرىپى شۇ بولسا كېرەك. دەرەخ شېخى ئەڭ راھەت ئارامگاھ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا ئەڭ سۈزۈك شەبنەم ۋە ئەڭ نازۇك شامالنىڭ پىچىرلاشلىرى بار. دېرىزىدىچۇ؟ دېرىزە، يەنە شۇ دېرىزە، يەنە شۇ نازۇك قول.

—نېمىنى ئويلاۋاتىسىز.

—ھېچنېمىنى.

—ھېچنېمىنى ئويلىماسلىق ئەڭ خەتەرلىك.

—سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا يېقىنلاشتىڭىز؟

—سىزنىڭمۇ ماڭا يېقىنلاشماقچى بولغىنىڭىز ئۈچۈن.

—چاقچاق قىلماڭە.

—گېپىم چاقچاقتەك تۇرامدۇ؟

—مەن سىزنى ئەزەلدىن تونۇمايدىغان تۇرسام، سىز ئۆزىڭىز يېقىنلاشمىدىڭىزمۇ؟

—يېقىنلىشىش دېگەن ۋاستىلىق، ۋاستىسىز بولىدۇ. بەزىدە بىراۋغا يېقىنلاشماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمەي قالىسىز.

—بولمىسىغۇ ئادەمنىڭ سىز بىلەن خويمۇ پاراڭلاشقۇسى كېلىدىكەن.

—مەن بىلەن تونۇشقىنىڭىز سىز ئۈچۈن ياخشىلىقتىن بىشارەت بولماسلىقى مۇمكىن.

—نېمىشقا داۋاملىق مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز؟

—چۈنكى، مەن بىر ئاچچىق مېۋىگە ئوخشايمەن، مېنىڭ تەمىمنى بىلىش ئۈچۈن چىداپ تۇرۇپ يېيىشىڭىز كېرەك.

—بۇ سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزگە ۋەكىللىك قى-

لالامدۇ؟

— بەلكىم.

ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى. مەن ئۆزۈمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى، ئىلگىرىكى ھايات قىلىپلىرىنى چۈۋۇلماقچى بولۇپ تولىمۇ تەرتىپسىزلىشىپ كەتتىم. ئۆزۈم ئۈچۈنلا قايغۇرۇپ ياشىسام مېنى بۇ قايغۇدىن ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدىم.

بۇ قىز زادى كىم؟ ئۇ ماڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتامدۇ؟ ياكى شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلەتمەكچىمۇ؟ ئۇ داۋاملىق مەن ئويلىغان پەيتلەردە پەيدا بولىدۇ. مەن ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ ياكى ياخشى كۆرۈپ قالمىغىنىم ئۈچۈن ئۇ تۇرمۇشۇمدا بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەر قاتارىدا سانىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ناۋادا ئۇ مېنىڭ جىمجىتلىقىمغا ئۆزى بېسىپ كىرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەڭگۈ بىلمەي قالغانمۇ بولاتتىم. ئۇمۇ بەلكىم ماڭا ئوخشاش قىسمەتنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىلا بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنەلەيمىز.

بۈگۈن ھاياتىمدا ئۆزۈندىن بېرى تاشلىنىپ قالغان بىر ئىشنى قىلماقچى، يەنى ئازراق خاتىرە يازماقچى بولدۇم. لېكىن بىر خەتمۇ يازالمىدىم. چۈنكى، مەن ھېلىقى دېردىزىنى ئۇنتۇپ قالايلا دېپ قالغاندەك قىلاتتىم. ئۆزۈم يازدىممۇ ياكى ھېلىقى قىز يازغان نومۇر شۇمۇ، بىر تېلېفون نومۇرى تۇرۇپتۇ. قانداق قىلىپ بۇ نومۇرنىڭ قولۇمغا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم. قانداق ئىشلار يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر مەن بۇ نومۇرغا تېلېفون قىلىشنى ئويلاپ قالدىم. بۇنىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار. قارشى تەرەپ مېنى كۆرەلمەيدۇ، دەيدىغاننى دەۋېرىش كېرەك، سۆزلۈك قاملاشمىسا خىجىل بولمايسەن. ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ تېلېفون ئۇردۇم.

— ۋەي!— خېلىدىن كېيىن قارشى تەرەپتىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇداغا شۈكرى ياخشى ئۇ يەردە ئەر كىشى يوق ئىكەن،— ۋەي، كىمنى ئىزدەيسىز؟ ئاۋاز تولىمۇ ياش بىر قىزنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى. مەن سۆزنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قالدىم. چۈنكى، ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتىم. ئالدىراپ تېلېفون قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. ئەسلىدە دەيدىغان گەپنى ئويلىۋالدىغان ئىشكەنتۇق. تېلېفوندىن قىزنىڭ يېنىك تىنىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ھەيران قىلىۋاتقان بولۇشى ياكى بىزار بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنى ھەم ھەيران، ھەم بىزار قىلماسلىق ئۈچۈن تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. تېلېفوننى قويۇپلا، ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلاندىم.

قۇياش نۇرى دېرىزىلەردىن كۈچلۈك نۇر تارقىتىپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدە ئۆزۈم يالغۇز، ئۆز تىنىقىمدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق. دېمەك، دۇنيادا مەندىن باشقا ئادەم يوق. مەن ھەددىدىن ئاشقان بۇنداق يېگانىلىقتىن سىقىلىپ ياتاقنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. كوچىدا ئادەملەر خۇشال مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئوي - خىياللىرى يوقتەك ئەركىن ھەم بىمالال ئىدى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە ئۆزۈندىن بېرى تۇغۇلمىغان بىر ئارزۇ پەيدا بولدى. «مەنمۇ ئۆيگە قايتقاندا دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ (بەلكىم مەڭگۈ تاقىماسلىقىم مۇمكىن) ئاندىن بارلىق خىياللىرىمدىن ۋاز كېچىمەن. يېڭىۋاشتىن مۇشۇ ئادەملەردەك غەمسىز بولىمەن» دەپ ئويلىدىم. مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ قەلبىم بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. غۇر - غۇر شامال يۈزۈمنى سىلاپ ئۆتتى. مەن يوپۇرماقلارنىڭ شىۋىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولدۇم. تۇيغۇم ئەزەلدىن بۇنداق سەزگۈرلىشىپ باقمىغان ئىدى.

بۈگۈن ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئاشۇ دېرىزىگە قاراپ قالدىم. مەن دېرىزىگە قارىساممۇ بۇ دېرىزىنىڭ نېرۋامنىڭ مەلۇم بىر جايىدا ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرەتتىم. ئۇ ئەسلىمىلىرىمنى تىنىمسىز قوزغايتتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر پەردىلەر قايرىلمىغان ئىدى. بەلكىم بۇ پەردىلەر مەن قارىماس بولغاندىن تارتىپ قايرىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەن ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى. مەن بۇ پەردىلەرنىڭ ئېچىلىدىغان ياكى ئېچىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇپ كەتتىم. يولدا ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. كۆپىنچىسى ئەرلەر ئىدى.

— بۇ يەردە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ئىتتىك يېنىمغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئىشخانىمىزغا يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان بىرسى تۇراتتى. ئۇ كىم-

نىلا كۆرسە سەن دەپ سۆزلەيتتى.

—بىرسىنى ساقلاۋاتىمەن—دېدىم پەرۋاسىزلا. ئۇ لەپپىدە ھېلىقى زەڭگەر پەردىلىك دېرىزىگە قاراپ قويدى. ئەمدىلىكتە پەردە قايرىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇ خۇددى مېنىڭ ئىچىمدىكى بىلىۋالغاندەك قايرىپ قويۇلۇپتۇ.

—ھەر كۈنى قارىسام مۇشۇ يەردە تۇرىسەن، بىرەرسىگە ئاشىق بولۇپ قالدىڭمۇ-يە؟ شۇنداق بولسا ماڭا ئېيت، مېنىڭ بۇ بىنا بىلەن ئالاقەم قويۇق.

—ئۇنداق ئىش يوق، بۇ يەردە تۇرۇپ ئادەملەرنى كۆزىتىش تولىمۇ قىزىقارلىق.

—ئۇنداق بولسا بوپتۇ ئەمىسە.—ئۇ يەنە ھېلىقى دېرىزىگە قاراۋېتىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ ئالغان قەدەملىرىدىن كۆزۈمنى ئالماي قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭ بۇ بىنا بىلەن قويۇق ئالاقىسى بارلىقى بىر ئاز ئىچىمنى سىقىپ قويدى. ئۆزۈمنى بۇ بىنا بىلەن ئەڭ باغلىنىشلىق دەپ قارايتتىم، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ بىنا توغرىلىق ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەمدى يەنە بىرسى پەيدا بولدى. بۇ مەن ئۈچۈن ياخشىلىقتىن بىشارەت ئەمەس ئىدى. يېنىمدىن ھېلىقى ۋاقىتنى سورايدىغان قىز ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەنە ۋاقىتنى سورايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم، بىراق ئۇ سورىمىدى، كېيىمۇ قىلمىدى. ئۇنى توختىتىپ «ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرەيمۇ» دەپ سورىغۇم كەلدى. بىراق ئۇنداق قىلمىدىم. بەدىنىم يول بويىدىكى رىشاتكىغا تېگىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا نېمىشقا ئۇنىڭغا ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرىش ئويىغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمىدىم. ھازىرمۇ شۇ چاغدىكى ئويۇمنى بىلمەيمەن. بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يەنە ئالدىمدىن مۇشۇنداق ئۆتسە بۇنىڭ سەۋەبىنى تۇيۇقسىز بىلىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بەلكىم يەنە ئۇنىڭدىن ھېلىقى خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە «ۋاقىتنى بىلگىڭىز بارمۇ؟» دەپ سوراپ قېلىشىم مۇمكىن، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئۇزاپ كەتتى.

مەن بۇ دېرىزىنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆرۈپ بېقىشنى تۇيۇقسىز ئويلاپ قالدىم. بۇ ئەزەلدىن كاللامدا پەيدا بولمىغان ئويلارنىڭ بىرى ئىدى. دېرىزە مەندىن ئون نەچچە مېتىرلا نېرىدا. نېمىشقا ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ بۇ دېرىزىنىڭ سىرلىق تەرىپىنى كۆرۈپ باقمايمەن، پەقەت شۇ چاغدىلا بۇ دېرىزە توغرىسىدىكى ئەسەبىي خىياللار غايىپ بولدۇ. ھەم ماڭا نىسبەتەن بۇ دېرىزىنىڭ سىرىنى بىلىش ھوقۇقى بار. بۇنى ئاشۇ دېرىزە ئىگىسىدىن سورىماي بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرۇش ئەخمەقلىق. ئەمدى ۋاقىت يەتتى، بۇ ۋاقىتنى كۈتكىلى ئۈچ يىل بولدى، كېچىكىشكە بولمايدۇ. بەلكىم يەنە كېچىكسەم ئۆمۈرلۈك كېچىكىشىم مۇمكىن. بىر ئادەمنىڭ بىر دېرىزىگە ئۈچ يىل تەلمۈرۈپ ئۆتۈشى يېتەرلىك پاكىت. ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ بىنا تەرەپكە ماڭدىم. ئىشىكنى ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال ئاچتى. خاتالىشىپ باشقا ئىشىكنى چېكىپ سالغان بولمىغاي دەپ ئويلىدىم. خاتا ئەمەس، ئوڭ تەرەپتىن سانىغاندا ئۈچىنچى ئۆي. ئايال سەل ھەيران قالغان ھالدا مېنى ئۆيگە باشلىدى. كۆزۈم ھە دېگەندىلا ھېلىقى زەڭگەر پەردىگە چۈشتى. ئۆي ئىچى تولىمۇ چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. لېكىن بۇ يەردە مەن كۆرگەن ھەم تەسەۋۋۇر قىلغان ھېلىقى گۈزەل قامەت كۆرۈنمەيتتى. ئايال ماڭا بىر پىيالە چاي دەملەپ كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدا نېمە ئىشىڭىز بار دېگەندەك بىر مەنە بار ئىدى.

—بۇ ئۆيدە ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟

—ياق، بىر قىزىم بار—ئايال سەل ھەيران قالغاندەك جاۋاب بەردى.

—ھەر كۈنى مۇشۇ پەردىلەرنى قايرىيدىغان قىز شۇمۇ؟

—سىز بۇ پەردىلەرگە دىققەت قىپسىز-دە، ئۇ زەڭگەر رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ.

—ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ؟—ئايال كۆزۈمگە تىكىلدى.

—سىز ئۇنى تونامسىز؟—مەن ھودۇقۇپ قالدىم. ئۇنى تونۇيمەن دېسەم قاراپ تۇرۇپ ئانا يوللۇق بىر ئايالنى ئالدىغان بولۇپ قالاتتىم، تونۇمايمەن دېسەم ئۆزۈم ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىم. شۇڭا ھازىر ناھايىتى ئوسال ھالەتتە قالغانىدىم.

—كەچۈرۈڭ، راستىنى ئېيتسام مەن ئۇنىڭ پەقەت ئەتىگەن ۋە كەچتە دېرىزە پەردىسىنى قايرىغان

قوللىرىنىلا كۆرگەن، بىراق ئۆزىنى كۆرمىگەن. بىر خىل قىزىقىش ئىستىكى مېنى مۇشۇ زەڭگەر پەردىنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېلىپ چىقتى،— ئايال پىيالىگە چاي لىقلاپ قويدى.

— سىز تولىمۇ ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنسىز، ئەگەر بۇ سىرنى راستىنلا بىلمەكچى بولسىڭىز كۆڭلىڭىز يېرىم بولارمىكىن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — مەن سەل ئەندىشە ئىچىدە سورىدىم.

— قىزىم بۇ يىل 23 كە كىردى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بۇ پەردىلەرنى ئۆز قولى بىلەن بۇ دېرىزىگە ئېسىپ قاندى. ئۇ ھەر كۈنى پەردىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ - ياپاتتى. بىراق بىر قېتىملىق ماشىنا ھادىسىدە ئۇنىڭ يۈز قىسمى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى، بۇنى ئاز دەپ بەدىنى پالەچ بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن بېرى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. ئۆز چىرايىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىرتقىمۇ چىقمايدۇ، مانا بۇ سىز بىلمەكچى بولغان سىر.

— ئەجەب بۇگۈن ئۆزى يوقتۇ؟

— ھەپتە بولدى، يېزىغا ھاۋا يېڭىلى كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، كۆڭلىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم (ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى).

— كېرەك يوق، قىزىمنىڭ چىرايى بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مېنىڭ پەرزەنتىم، ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئورنى يەنىلا شۇ پېتى، باشقىلار باشقىچە نەزەردە قارىغان بىلەن مەن ئۇنى سۆيىمەن.

— شۇنداق، بۇ ھەممە ئادەملەرنىڭ چۈشىنىشى، كۆيۈنۈشكە موھتاج. بۇ ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىكى بۇرچى— دېدىم مەن.

— سىز تولىمۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتكەنسىز، بەلكىم سىز ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى، چۈشىنىشىنى، سىردىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن يەنە چىرايىنىڭ كەمسىتىلىشىدىن قورقۇپ مۇشۇ ئۆيىگە بېكىنىپ كۈن - كۈنلەپ يالغۇز ئولتۇرىدۇ. ئەمدىلا ياشلىق باھارىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بىر قىز ئۈچۈن بۇ ئاسانمۇ؟ بولمىسا ئۇ قايتىپ كەلگەندە يوقلاپ قويسىڭىز ئۇنىڭ ئۈچۈن زور تەسەللىي بولغان بولاتتى.

— بولىدۇ، دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ،— ھە راست، قىزىڭىزنىڭ بىرەر پارچە سۈرىتى يوقمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇ قەتئىي سۈرەتكە چۈشكىلى ئۇنىمىدى، بىزمۇ ئۇنى زورلىيالمىدۇق. ئىلگىرىكى گۈزەل چىرايىنى كۆرسىمۇ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بارلىق سۈرەتلىرىنى ئېلىۋەتتۇق.

روھسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۈچ يىلدىن بېرى مەپتۇن بولغىنىم پەقەت بىر زەڭگەر پەردىلا بولدى. ئېست، ئۇنىڭ ئارقىسىغا قارىمىسام بوپتىكەن.

— ئەتىلەتتىن قىزىم قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، مۇمكىن بولسا يوقلاپ كېلىڭ. ئۇ ئۆزىگە دىققەت قىلىدىغان بىر يىگىتنىڭ بارلىقىنى بىلسە چوقۇم روھلىنىپ كېتىدۇ، سىزمۇ باشقىچە بىر قىزنى كۆرەلەيسىز.

مەن ئايال بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتىم. بەلكىم بۇ مېنىڭ ئاشۇ زەڭگەر پەردىلىك دېرىزە بىلەن خوشلاشقىنىم بولۇپ قالار. نېمىشقىدۇر بۇ پەردىلەر ئەمدى بۇرۇنقىدەك سېھىرلىك تۇيۇلمايۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئۈچ يىللىق گۈزەل ھېسسىياتىمنى ئالدىغانلىقى ئاز دەپ بارلىق گۈزەل ئۈمىدلىرىمنى يوققا چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا بۇنداق پاجىئەنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلگەن بولسام ئاللىبۇرۇن بۇ دېرىزىگە قارىمىغان بولاتتىم.

مەن قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئۇ ئۆيگە قايتا بارماسلىق قارارىغا كەلدىم. چۈنكى، ئاشۇ دېرىزىلا مېنى ئۈچ يىل ئەخمەق قىلغانىدى. ئەمدى يەنە ئىچ ئاغرىتىشنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتكۈم يوق ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشۇ كوچىدىن ئۆتسەم ھېلىقى دېرىزىگە قارىماي ئۆتىدىغان بولدۇم. مەن رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەندىم. ھېلىمۇ ئۈچ يىل رومانتىكلىققا قول بولغىنىم يېتەرلىك ئىدى. ئۆزۈمنى ئويلىسام‌لا رومانتىكلىققا ئەسىر بولغانلارنىڭ ئالدىنىشىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ خۇشاللىقىغا ھەۋەسىم كېلىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىزدەك خىيالىي ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ پۇشايمانغا قالمايدۇ، ھەر ۋاقىت سەگەك رېئاللىق قوينىدا ياشاپ باش ئاغ-

رىقى تېپىۋالمايدۇ.

بۈگۈن يولدا يەنە ھېلىقى قىزنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ قولىدا يەنە ھېلىقى چاغدىكىدەك بىر جۈپ گۈل تۇراتتى. ئۇ گويا ئەتەي مېنى ساقلاۋاتقاندەك ئۆتەر يولۇمنى توسىۋالغانىدى. ئۇ مەندىن يەنە سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سورايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ مەندىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سورىشى ھەرگىزمۇ ۋاقىتنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالغانىدىم. چۈنكى، ئۇ دەسلەپتىلا مەندىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى سورىغاندا قولىدا ناھايىتى ئېسىل بىر سائەتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. ھەتتا سائەت مېڭىۋاتقان بولۇپ، تۈيغۇمدا ئۇنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغاندەك قىلغانىدىم. قىز مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا باھانە ئىزدەپ قەستەن شۇنداق سورىغانىدى. بۇ نېمە دېگەن ئوبدان چارە ـ ھە؟

—ياخشىمۇ سىز؟—قىز ماڭا ئاۋۋال سالام قىلدى.

—ياخشىمۇ سىز؟ بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟

—سىزنى ساقلاپ.

—مېنى؟—مەن سەل ھەيران قالدىم.

—شۇنداق، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟

—مېنى تېخى مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بىرەر قىز ساقلاپ باقمىغان.

—بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى داۋاملىق بىر قىز ساقلايدىغان بولۇشى مۇمكىن.

—ماڭا بۇنداق چۈش نېسىپ بولماسمىكىن.

—بۇ تامامەن ئۆزىڭىزگە باغلىق، چۈشۈم رېئاللىققا ئايلانسۇن دېسىڭىز ئويغىنىشىڭىز كېرەك.

—ئەگەر ماڭا ئۇنداق گۈزەل چۈش نېسىپ بولىدىغان بولسا ھەرگىز ئويغانمىغان بولاتتىم.

—ھەرقانداق شېرىن چۈشنىڭمۇ تۈگەيدىغان ۋاقتى بولىدۇ. تېخى ئۇنىڭ ۋاقتى قىسقا بولىدۇ، ئۇنداق ۋاقىتتا ئويغىنىش تېخىمۇ ئازابلىق.

—بۇ كېيىنكىز دۇرۇس بولدى، شۇڭا مەن ھازىر بارلىق چۈش ۋە خام خىيالنى تاشلاپ رېئاللىق قوينىدا ياشايدىغان بولدۇم.

—ئۇنداقتا ئاۋۇ دېرىزىنى ئۇنتۇپ كېتىپسىز ـ دە— قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى دېرىزىنى كۆرسەتتى. دېرىزىدە ھېلىمۇ ھېلىقى زەڭگەر پەردە تارتىقلىق تۇراتتى.

—كەچۈرۈڭ، بۇ دېرىزىنى كۆرسەملا ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

—نېمىشقا؟

—چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىغا بەك ئېچىنىشلىق ھېكايە يوشۇرۇنغان. ئۇ مېنىڭ ئۈچ يىللىق شېرىن چۈشۈمنى بىراقلا ۋەيران قىلىۋەتتى. مەن رېئاللىقنىڭ بايا سىز ئېيتقاندەك ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم.

—بۇ ھېكايىنى مەنمۇ بىلىمەن، ئۇنى سىزنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقىڭىزدىن قورقۇپ ئېيتمىغانىتىم.

—مېنىڭ ئەمدى ئۇ ھېكايىنى قايتا ئەسلىگۈم يوق.

—بەلكىم ئۇ قىز سىزنى كۈتۈۋاتقاندۇ.

—مېنىڭ باشقا بىراۋنىڭ بەختسىزلىكىگە شېرىك بولغۇم يوق.

—لېكىن ئۇ سىزنى شۇنچە ئۇزۇن مەپتۇن قىلغان دېرىزىنىڭ ئارقىسىدىكى قىزغۇ؟ بەلكىم بۇ سىزنىڭ ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈكىڭىزنى سىنايدىغان پەيت بولۇشى مۇمكىن.

—ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئاق كۆڭۈللۈك باشقا گەپ، ھېسسىيات باشقا گەپ. كۆڭۈلنى بىر كىمگە يەڭگىللىك بىلەن سوۋغا قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە.

—ئەگەر ئۇ سىز ياخشى كۆرىدىغان بىرسى بولسىچۇ، شۇ چاغدىمۇ ھەقىقىي كۆڭلىڭىزنى بەرمەمسىز؟ ئەمەلىيەتتە بىر ئاجىز قىز سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ سىزدەك بىرسىگە موھتاج. سىز ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەمسىز؟ سىزدىكى ئاشۇ دېرىزە پەردىسى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى قىزغا بولغان ئىشتىياق شۇنچىلىككەن ـ دە؟

—مەن ئەزەلدىن ئۇ قىزنى كۆرۈپ باقمىغان، مېنىڭ كۆرگىنىم پەقەت دېرىزە ۋە ئۇنىڭغا تارتىلغان پەردە، مەن كۆز ئالدىمغا تارتىلغان پەردىلەر تەرىپىدىن ئالداندىم، ھازىردىن باشلاپ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتسەم ھەممە ئىش ئاخىرلىشىدۇ.

—بۇ چىن سۆزىڭىزمۇ؟

—شۇنداق، بۇ ئاشۇ ۋاقىتتىن بېرى ئويلانغان ئويلىرىمنىڭ يەكۈنى.

—ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشمەمسىز؟

—بەلكىم، چۈنكى قىزلارنىڭ چىرايى باشقىلارغا كۆلۈمسىرەش، ئىللىقلىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن يارالغان. بىراق مەن بۇ چىرايدىن ئازاب، قورقۇنچتىن باشقا نەرسە كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئۇيلاپ بېقىڭ، قورقۇنچلۇق نەرسىگە قاراشقا كىممۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن.

—مەن تېخى سىزنى ئۆز ھېسسىياتىنى قەدىرلەيدىغان، سەممىي يىگىت ئىكەن دەپ ئويلىغان. لېكىن سىز تولىمۇ شەخسىيەتچى، ئىنسانىي ھېسسىياتتىن مەھرۇم يىگىتكەنسىز.

قىز غەزەپ بىلەن ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. قىپقىزىل گۈل بەرگىلىرى نەمخۇش يەردە چېچىلىپ قالدى.



مەن ئاشۇ دېرىزىگە بولغان ئۈنتۈپ كېتىش ھېسسىياتىنى ئۆزۈمدە پەيدا قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپلا كۆڭلۈمدە بىر خىل غەشلىك پەيدا بولدى. ئەگەر مەن ئاشۇ دېرىزىنى ئۈنتۈپ كەتسەملا بارلىق خۇشاللىقىم ئەسلىگە كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق بۇنداق غەم چىرمىۋېلىشىنى ئەسلا ئويلىماپتىمەن. ئۆزۈمدە بىر بەختسىز قىزنىڭ گۈزەل ئوبرازىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغاندەك، ئۆزۈمنىڭ قەلبىگە داغ تەگكۈزۈپ قويغاندەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى. بار ئىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئەمدى رەسمىي ئىشىنىپ قالغانىدىم. مەن ھازىر بۇرۇنقى ھالىتىمگە قايتىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن ـ ھە؟ پەقەت ئاشۇ زەڭگەر بەردىلىك دېرىزىلا مېنى ھەقىقىي شادلاندۇرالىغان، ھەقىقىي رومانتىك ھېسسىياتلار ئىچىگە غەرق قىلالىغانىدى. بىراق مەن ھازىر ئۇ دېرىزىلەرنىڭ ئالدىدا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدىم. ئەمدى ئۇ ئەرەپلەرگە قەدەم باسقۇدەك يۈزۈم قالمىدى. نېمىشقىدۇر ئەمدى ۋىجدانىمنىڭ ئەيىبلەشىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. «سىز تولىمۇ شەخسىيەتچى، ئىنسانىي ھېسسىياتتىن مەھرۇم يىگىتكەنسىز»... ھېلىقى قىزنىڭ شۇ چاغدا دېگەن سۆزلىرى كاللامغا كىرىۋالاتتى. بۇ سۆزلەرگە ئەينى ۋاقىتتا ئانچە دىققەت قىلماپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام ئۇ مېنى تولىمۇ پەسلەشتۈرىدىغان سۆزلەر ئىكەن. بۇ سۆز ھەر قېتىم كاللامدا پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇ يەنە بىر مۇنچە سۆپەتسىز سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ قەلبىمگە ئېغىر روھىي يۈك بولۇپ تۇيۇلاتتى. بىراۋ يۈزۈمگە كاچاتلاۋاتقاندەك بىئاراملىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتىم.

بۈگۈن كېچە يەنە ئاشۇ دېرىزە، ئاشۇ قىز خىيالىمغا كىرىۋالدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم. قارىغاندا مەن ئاشۇ قىز بىلەن كۆرۈشمىسەم مەڭگۈ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. تاقەتسىزلىك ئىچىدە تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم. پەقەت تاڭ ئاتسىلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ، ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلىدىغان ئىش بولسىلا، باشقا ھەر قانداق ئازابقىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمەن، دەپ ئويلىدىم.

سەھەردە ئورنۇمدىن تۇردۇم. يۈزۈمنىمۇ يۇمىدىم، ناشتىنىمۇ قىلمىدىم. ئۇدۇللا بېرىپ ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئىشىكنى چىرايلىق بىر چوكان ئاچتى. ھېلىقى ئايال نەگە كەتكەندۇ، بۇ قىز كىم بولغىيدى... دىلغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

—كىمنى ئىزدەيسىز؟—چوكان ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

—بۇ ئۆيدە ئولتۇرغان...—ئىشىكنى خاتا چېكىپ سالغان ئوخشايمەن دەپ ئىشىك نومۇرىغا قارىدىم، قەۋەت ۋە ئۆي نومۇرى توغرا ئىدى.

—ھە، سىز بۇرۇنقى ئۆي ئىگىسىنى ئىزدەيدىكەنسىز ـ دە، بۇ ئۆيدىكىلەر يېرىم يىل ئىلگىرى كۆچۈپ كەتكەن، بىزمۇ بۇ ئۆيگە تېخى يېقىندىن كۆچۈپ كىردۇق.

—مەن دەل ئاشۇ كۆچۈپ كەتكەنلەرنى ئىز-

دېيتتىم، ئۇلارنىڭ يېڭى ئادرېسىنى بىلەمسىز؟

—كەچۈرۈڭ، بىلمەيدىكەنمەن، بەلكىم قوشنىلار بىلەمدىكىن.

—ئاپا! چېيىم تۆكۈلۈپ كەتتى، —ئىچكىرىدىن كىچىك بالىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايال يا مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشنى، يا ئىشىكنى يېپىۋېتىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

—كەچۈرۈڭ، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم.

مەن خوشلىشىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتىم. بۇ ماڭا بىر تۇرۇپ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلغانلىقنىڭ بىشارىتىدەك، يەنە بىر تۇرۇپ باشلانغىنىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

× ×

—بەك تەسكە چۈشتى ئاداش، بىز كىچىككىمىزدىنلا تونۇش، بىراق ماقۇل كەلتۈرگىلى تېخى يېرىم يىلچە بولىدىغۇ دېيمەن.

—ئەجەپ تېز تونۇش قىپسىلەرغۇ، چىرايلىق ئوخشامدۇ؟

—ئۇنى بىر دېمە، ئەخلاق، چىراي دېگەندە ھەممىنىڭ ئالدىدا...

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. بىز بارىدىغان ئۆي شەھەرنىڭ سەل چېتىگە جايلاشقان بولسىمۇ، خېلى كۆجۈم مەھەللە ئىكەن. ئۆيگە كىرىپلا ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى چوڭ خاتالىقتا يول قويغانلىقىمنى بىلدىم. بىزنى كۈتۈۋالغىنى دەل زەڭگەر پەردىلىك ئۆيدىكى ھېلىقى ئايال ئىدى. مەن ھودۇققىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

—ئۇزۇن بولدى، سىزنى كۆرمىدىمغۇ؟—ئايال ماڭا چاي قۇيغاچ سورىدى.

—خىزمەت ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ...—مەن ئايالنىڭ كۆزىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىپ يان تەرەپكە قارىدىم، قارىدىمۇ چۆچۈپ كەتتىم. تامدىكى نەقىشلىق جاھازىدا ناھايىتى گۈزەل بىر قىزنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ خۇددى ماڭا «سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟» دېگەندەك قاراپ تۇراتتى.

—ھېلىقى چاغدا سىزنى كېلەمدىكىن دەپ بىر قانچە كۈنگىچە ساقلىدۇق، بىراق سىز كەلمىدىڭىز، قىزىمنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى، كېيىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق.

—ئۇ ھازىرمۇ يېزىدىما؟

—ياقەي، سىلەرگە تاماق ئېتىۋاتىدۇ.

—نېمە؟ تاماق ئېتىۋاتىدۇ؟!—مەن چۈشىنەلمەي ۋارقىرىۋەتتىم،—سىز ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئورنىدىن تۇرالمايدۇ دېۋالمامتىڭىز؟

—بۇ مۇشۇ قىزىمنىڭ كۆرسەتمىسى بولمامدۇ. ھازىرقى ياشلار نېمىلەرنى ئويلايدىكىن، شۇنداق بىر ھېكايىنى سىزگە ئوقۇپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلغان.

—ئۇ ئاشۇ رەسىمدىكى قىز شۇمۇ؟

—دەل شۇ،—ئاچچىق بىر ئازاب قەلبىمنى تىلغاپ ئۆتتى.

—سىلەر تونۇشىدىكەنسىلەر ـ ھە؟—دوستۇم ھەيران قالغان ھالدا سورىدى،—ھېلىقى ھېكايە قانداق ئىش ئىدى؟

—ئۇ ئەسلىدە گۈزەل مۇزىكىغا ئوخشايتتى، كېيىن تار ئۈزۈلدى، خاتىمىسى كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ.

—بىز دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدۇق. ئىشىكتە پەتنۇستا تاماق كۆتۈرگەن ھالدا رەسىمدىكى قىز تۇراتتى.

—سىز ئاجايىپ غەلىتە سۆزلەرنى قىلىسىز؟—دوستۇم ئۇنى ماختىغاندەك سۆزلەپ قويدى،—ئىككىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.

—بىز كونا تونۇش.

—شۇنداقمۇ؟—دوستۇم جىمىپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى باغلاپ ئارىمىزدا نېمە مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك قىلىۋاتاتتى. مەن ئەسلىدە ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى ئىدىم، بىراق بۇ يەرگە ئۆزۈمنى ئازابقا قويغىلى كەلگىنىمنى چۈشەندىم. قىز ئاستا دېرىزە پەردىسىنى قايرىۋەتتى. سىرتتىن قۇياشنىڭ ئاخىرقى شولىلىرى ئۆيگە چېچىلدى. ئۇ ماڭا ناھايىتى قىممەتلىك بىر ھېكايىنى ئەسلەتتى. بۇ ھېكايە ماڭا نىسبەتەن تولىمۇ ھەسرەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق ھېكايە ئىدى. مەن ئاشۇ پەردىلەرنى قايرىغان ئاپئاق قوللارغا ھەسرەت بىلەن قاراپ قالدىم.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەتتۇرسۇن ئېلى

# بىر ستۇدېنتنىڭ خاتىرىسى

(ئەدەبىي خاتىرە)

1. «بۇ قاپاقباشقىمۇ چاقىرىق كەپتۇ»

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بېرىپ بولغىنىمىزغىمۇ ھەش-پەش دېگۈچە بىر ئاي بولۇپ، نۇقتىلىق ۋە بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن چاقىرىق كېلىشكە باشلىغانىدى. ساۋاقداشلىرىمنى تەبرىكلەۋېتىپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولاتتى. بۇ ھەسەتمۇ ياكى باشقا بىر تۇيغۇمۇ بىلىپ بولمايتتى. كاللامدا «مەن سىنىپ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچى تۇرۇپ، يەنە كېلىپ ئىمتىھانىمۇ ياخشى بېرىپ تۇرۇپ نېمىشقا چاقىرىق كەلمەيدىغاندۇ» دېگەن سوئال چۇقان كۆتۈرەتتى... «ئەگەر ماڭا چاقىرىق كەلمەي قالسا...» شۇ قورقۇنۇچلۇق خىيال بىلەن بىرگە دادامنىڭ يادىكىغۇ چىرايى ۋە ئاكامنىڭ سۇرلۇك كۆزلىرى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى، بۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا پېتىنالمايتتىم.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئاكام مېنىڭ چاقىرىقىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى:

—بۇ قاپاقباشقىمۇ چاقىرىق كەپتۇ.

دادام ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەن ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان بىر خىل كەيپىيات ئەكس ئەتكەن بولۇپ، زوۋانى تۇتۇلۇپلا قالغانىدى.

دادام پۇلنىڭ، باشقىلىرىمىز سەپەر تەييارلىقىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى.

—بالام،—دېدى دادام ئاپتوبۇس دېرىزىسىگە بويۇنداپ تۇرۇپ،—ئۈرۈمچى ساڭا نىسبەتەن باشقا بىر دۇنيا. بۇ يوچۇن دۇنيانىڭ سېنىڭ كەلگۈسىڭنى گۈزەل قىلىپ يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئارقىدىنلا ئاكام ئوشۇمچە قىلدى،—ئىلگىرىكىدەك ئالىي مەكتەپ دېپلومنى ئېلىپ كەلسىلا مائاشلىق ئورۇنغا تەقسىم قىلىنىدىغان زامان ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت قىسقىغىنا مۇشۇ ئۈچ يىلدا ھازىرقى زاماننىڭ ئېھتىياجىغا چۈشىدىغان ياخشى كەسىپنى ئەلا تاماملاپ كەلسەڭلا جەمئىيەتتىن ئورۇن تاپالايسەن... ياخشى ئوقۇ!

40 نەچچە سائەتلىك جاپالىق سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا يېتىپ كەلدۇق. بېكەت يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قارشى ئېلىش ئەترەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بىز ھەر قانچە قىلىپمۇ «شىنجاڭ ماددىي ئەشيا مەكتىپى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكىنى ئۇچرىتالمىدۇق. بىر مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان بىر قانچە يۇرتداش ئاخىرى باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ 101-يول ئاپتوبۇسى قاتنايدىغان بېكەتنى تېپىپ كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇردۇق... «مەتتۇرسۇن» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ خىيالىمنىڭ ئالتۇن يىپلىرى ئۈزۈلدى. «كىمدۇ مېنى چاقىرىۋاتقان؟» ناتونۇش ئادەملەرگە قارىدىم. ھېچ كىمنىڭ نەزىرى مەندە ئەمەس ئىدى.

—بۈگۈن نەگە ئاپىرىپ ئويناتتىڭىز؟

—كۆڭلىڭىز نەنى تارتىدىكەن؟

بۇ يېنىمدىلا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئۆرە تۇرغان، ئۇزاقتىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدىغان قىز-يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

—ئۆتكەن ھەپتە دىيەنناۋدىكى (كومپيۇتېر كەسپىدىكى دېمەكچى) باللار خۇڭشەن (ئۈرۈمچىدىكى قىزىل تاغنى دېمەكچى) گە چىقىپ ئويناپتۇ، شۇ يەرگە چىقامدۇق-يە؟

—قويە ئۇنداق يەرنى.

—ئەمىسە، نەگە بارىمىز؟

ئۇلار بېكىتتىگە كېلىپ قېلىپ چۈشۈپ كەتتى. قىزنىڭ كېيىنكى سوئالى جاۋابسىز قالدى. جاۋابسىز قالدى ئەمەس، جاۋابىنى مەن ئاڭلىيالمىدىم، قانداقتۇر بىر خىل مەنىسىزلىك ئىچىدە ئاپتوبۇستىن چۈشتۇم...



كەلگىچە مېھمان ئۇيۇلىدۇ، كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى.

2. «سەن نەلىك؟»

ئۆيدىكىلەر مېنى مەكتىپىمگە ئەكىلىپ قويۇپ بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن مەن بىلەن خوشلىشىپ يۇرتقا يۇرۇپ كەتتى. مەن كەلگەن مەكتەپ مەن ئۆيلىغاندەك ئۆزنچىلىك چوڭ بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا سەھرايىمدىكى مەكتەپلەردىن خېلىلا چوڭ ھەم ئىسىل ئىدى. تۇنجى سائەتلىك دەرس بىر خىل سىرلىق قىزىقىش ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ھارغىن ۋە يوچۇن شەھەرنىڭ زېرىكىشلىرى باسقان ئېغىر تېنىمنى تەستە سۆرەپ ياتىقىمغا كىردىم.

—مەتتۇرسۇن—دېدى ياتاققا كىرىشىمگىلا بىر ياتاقدىشىم—بۈگۈن ئۈستىدىكى كارىۋاتتا يېتىپ تۇر.

—ئۈستىدە يېتىپ تۇر؟ بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟!—سورىدىممەن تەئەججۇپ ئىلكىدە.

—بولدى قىل، ئۇنى-بۇنى سورىما! سەن تېخى يېڭىدىلا كەلدىڭ، بۇ يەرنىڭ قائىدىسىنى بىلمەيسەن—دېدى ئۇ ۋە قوشۇپ قويدى،—كەچتە باشقا ياتاقنىڭ باللىرى سەندىن «سەن نەلىك؟» دەپ سورىسا مەن قەشقەرلىك دەپ جاۋاب بەر.

—مەن خوتەنلىك تۇرسام، نېمىشقا قەشقەرلىك دېگۈدەكمەن؟

—دېدىمغۇ، ئارتۇق گەپ سورىما،—دېدى ئۇ ۋە ئاچچىقلاپ قالدى،—بىكاردىن-بىكار مۇشت يېگۈڭ بولمىسا مەن دېگەندەك قىل ئاداش!

كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، تووۋا دېدىم ئۆزۈمگە، كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئىز باسارلىرى دەپ يۈرگەن بۇ بىر توپ ئەۋلادلار بۇ يەرگە كېلىپ يۇرتۋازلىقنى ئۆگەنگەن ئوخشىمامدۇ؟...قانچىلىك ۋاقت ئۆتتى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئىشىك جالاقىدە ئېچىلدى، يۈرىكىم ئەنسىز سوقماقتا ئىدى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ياتاق يۇقىرى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تولدى. راست گەپنى دېگەندە شۇ تاپتا ئۇلارنى ئوقۇغۇچى دېگەندىن كۆرە يېگىدىن يېتىلىۋاتقان ئادەم قاسساپى دېسەك مۇبالىغە بولمايتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى پىچاق، كالتەكلەرگە قارىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى، ياتاقداشلىرىمنىڭ دېگىنىدەك مەن قەشقەرلىك دېۋىدىم، بىر قېتىملىق بالا قازادىن قۇتۇلۇپ قالدىم.

كونىلار: يەكچەشمىنىڭ شەھرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» دېگەن، راست، مەن بىر كۆزۈمنى قىستىم، لېكىن...

3. «شېكەر شەنبە»

بۈگۈن شەنبە بولغاچقا مەنمۇ سائەت سەككىزگىچە ئۇخلاپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم، مەكتەپ ئىچىدىكى كۆپىنچە ساۋاقداشلار ئۆگىنىش قىلىۋاتقان، ئاز ساندىكىلىرى بولسا تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى.

كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن بويتافلار ياتىقى دەپ ئاتالغان ياتىقىمىزغا كىرىپ كېتىدىكەنمىز، ئاز بىر قىسىم قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ قار يېغىپ تۇرغان كېچىلىرى بولسۇن ياكى يازنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى بولسۇن خىجالەت دۇۋمىشى دەپ نام ئالغان بۇ جايدىن ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى. مەن بۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم، بۇ مەنزىرە توك ئۆچكىچە ھەتتا قىز - ئوغۇللار ياتىقى تاقالغۇچە داۋاملاشاتتى. توك ئۆچكەندە بولسا قىز - ئوغۇللارنىڭ ئۆز ئارا چاقىرىشلىرى داۋاملىشىدۇ. بۇ كۆپىنچە ساۋاقداشلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزسىمۇ، لېكىن ياشلىقنىڭ ئاجايىپ يالقۇنلىرى بىلەن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئۇلارنى بىردەم كۆرمىسە چىدىشالماس قىلىپ سالغان.

مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئويلىنىپ قالىمەن: ئەسىر سائىتى 21 گە داڭ ئۇرغان مۇشۇنداق كۈنلەردىمۇ، تېخىچە سۆت ئۇيقۇدىن ئويغانمىساق، ھەي...

4. «خۇش خەۋەر»

مېنىڭ مەكتەپكە كەلگىنىمگە ئىككى ئاي بولغان بىر دۈشەنبە كۈنى. 1 ـ ، 2 ـ سائەت ماتېماتىكا دەرس ئىدى. مۇئەللىمنىڭ قاپىقى بىزگە ئايان بولغاچقا يۈرەك پوك - پوك ھالدا سىنىپقا كىردۇق، مۇئەللىم قايسىمىزدىن سوئال سورار كىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ھەممىمىز ئالدىراش كىتاب ۋاراقلاشقا چۈشتۇق. داڭ ئۇرۇلۇپ بولغىچە سىنىپقا ئۇنۇپ بولدىغان x مۇئەللىم ۋاقىت توشۇپ 20 مىنۇت ئۆتۈپ كەتسىمۇ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. بىركەمدە ئۆگىنىش ھەيئىتىمىزنىڭ «خۇش خەۋەر! x مۇئەللىمنىڭ ئىشى چىقىپ قاپتۇ، ئۆزىمىز ئۆگىنىش قىلىدىكەنمىز» دېگەن ئاۋازى بىلەن سىنىپ ئىچى ساۋاقداشلارنىڭ شادلىق چۇقانلىرى بىلەن تولۇپ

كەتتى...

بىزنى نېمىشقا شۇنچىلىك ئىشقىمۇ خۇش بوپ كېتىدىغاندۇ دەپ باش قاشلاپ يۈرمەڭ! زېمىمىسىدىكى يۈكتىن قۇتۇلغان ئادەم قانداقمۇ خۇش بولماي تۇرالىسۇن؟!

5. «بۇ دېگەن گاچىنىمۇ ئۇگىشايدۇ»

بىر كۈنى كەچتە مەكتەپنى ئايلىنىپ يۈرسەم سىنىپىمىزدىكى بىر ساۋاقدىشىم ئۇچراپ قالدى:

—مۇئەللىم سىزنى چاقىرىدۇ—دېدى ئۇ دەلدەڭشىپ.

—ۋۇي، نېمە بولغىنىڭ بۇ؟ مىجەزىڭ يوقمۇ ـ يا؟— ئۇنىڭ دەلدەڭشىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ سورىدىم.

—ھېچنېمە بولمىدۇق، ياشىدۇق شۇ!

—ياشىدۇق؟

—بولدى، تولا سوئال سوراۋەرمەي يۈره!

مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كىردىم، ئۆيدە x مۇئەللىم ۋە سىنىپىمىزدىكى بىر نەچچە ساۋاقداش ھاراق ۋە باشقا يېمەكلىكلەر تىزىلغان شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر سىرلىقچىلىق دېمىمنى سىقتى.

—ھە، مەتتۇرسۇن ياۋا، كەلدىڭمۇ؟ ئولتۇره!—مۇئەللىم مېنى سافاغا تەكلىپ قىلدى. سافادا ئولتۇرۇپ بولغىچە ئالدىمغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان بىر رومكا ھاراق كېلىپ ئولگۇردى.

—مەن...مەن...

—ھە، نېمە مەن؟ گاچا بولۇپ قالمىغانسەن؟

—ئىچە، بۇ دېگەن گاچىنىمۇ ئۇگىشايدۇ.

شۇنداق قىلىپ مەنمۇ «گاچىنىمۇ ئۇگىشايدىغان» ھاراقنى ئىچىشكە باشلىدىم، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بېشىم قايغىلى تۇردى، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە پىرقىراۋاتاتتى. ئېگىمدا نە مۇئەللىم، نە ئوقۇغۇچى دېگەنلەر يوق ئىدى...راست، ھاراقنىڭ «گاچىنىمۇ ئۇگىشايدىغان» لىقى مۇشۇكەندە.

6. «ئادەمتىنكى ئاخبارات»

بۈگۈن مەكتەپ بويىچە بىر قېتىملىق مىللىي ئوقۇغۇچىلار يىغىنى چاقىرىلىپ مەكتەپ ئىنتىزامىغا ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بىر نەچچە ئوقۇغۇچىغا جازا بېرىلدى.

جازالانغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى بىر ئوقۇغۇچىغا 50 تىيىن بېرىپ بىر يەشىك ھاراق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئەكىرگۈزگەن، ئارقىدىن ھاراق ئىچىشكە زورلىغان، ھاراق ئىچىشنى رەت قىلغاندا ئۈچى بىر بولۇپ ئۇنى قاتتىق ئۇرغان؛

يەنە بىرى، بىر ساۋاقدىشىنى «مېنى ئۆگىنىش قىلغىلى قوي» دېگەن گۇناھى ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇپ قولىنى سۇندۇرىۋەتكەن.

يەنە بىرى...

بۈگۈن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆزىنىڭ مەخسۇس پروگراممىسىدا شىنجاڭ سودا مەكتىپى 99 ـ يىللىق كارخانا باشقۇرۇش سىنىپىدىن مۇختەر ئىسىملىك ساۋاقداشنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 120 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا تېخنىكومدىكى ساۋاقداشلارغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانلىقى توغرىلىق خەۋەر بەردى.

7. مېنىڭ خىياللىرىم

...ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا يارالغاندىن تارتىپ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي چىن ئىنسانىي مۇھەببەت باشلانغان، لەيلى ـ مەجنۇن، تاھىر ـ زۆھرە قاتارلىق ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. تارىخ ئۇلارغا ئاشىق ـ مەشۇق بولغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى زورلۇق ـ زومبۇلۇققا قارشى، ئادالەتسىز جەمئىيەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ھەقىقەت، يورۇقلۇق ئىشقىدا كۆرەش قىلغىنى ئۈچۈن ئۆز قوينىدىن ئورۇن بەرگەن...

...لېنىن كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن...

ۋاقىتلىق ئىزاھات

مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالتۇندەك ئوقۇش ھاياتىمنىڭ 3 ـ يىلىمۇ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ قىسقىغىنا ئۈچ يىل ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى...ئۇرۇمچىنىڭ ئىسسىلىشىپ كەتكەن قوينىدا تۇرۇپ 21 ـ ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ساداسىنى ئاڭلىدىم...بۇ سادا شۇ قەدەر جۇشقۇن ۋە قەيسەر ئىدىكى...

قەدىرلىك دوستلار، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە باشلانغان بۇ خاتىرەم تېخى ئاخىرلاشمىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئاخىرلىشىشىنى خالىمايمەن... شۇنىڭغا ھەممىمىز ئىشىنىمىزكى: بۇ خاتىرە جەزمەن ئۈمىدلىك ۋە كۆرەش سادالىرىغا تولىدۇ!

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

شىلك دالېن

# ئۇمۇم ۋە شەخس

70 ـ يىللاردا، شەنشى ئۆلكىسى شىياڭ ناھىيىسىدىكى داجەي كەنتى جۇڭگودىكى پۈتۈن ئەلگە نۇر چاچقان قىزىل بايراق بولغانىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، كېيىن گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلى «تەختى» گە ئولتۇرغان چېن يوڭگۈي داجەيلىكلەرنى ئۇدا كۆككە كۆتۈرۈپ: «داجەيلىكلەر ئۇمۇمنىلا كۆزلەپ، شەخس مەنپەئەتىنى قىلچە ئويلىمايدۇ» دەپ تەشۋىق قىلغان. لېكىن جۇ ئېنلەي زۇڭلى باشقىچە قاراشتا ئىدى. جۇئېنلەي 1971 ـ يىل 15 ـ نويابىر كۈنى ئامېرىكىلىق خانىدىس بىلەن كۆرۈشكەندە: «داجەيىنىڭمۇ يېتەرسىزلىكى بار، نەدىمۇ شەخسىي مەنپەئەتنى قىلچە ئويلىمايدۇ دېگىلى بولسۇن؟ ئاۋۋال ئۇمۇمنى، كېيىن شەخسنى ئويلايدۇ دېيىلسە خېلىلا ياخشى باھاغا ئېرىشكەن بولىدۇ. شەخس بولمىسا ئۇمۇم نېمە قىلسۇن؟ كىچىك بولمىسا چوڭى نەدىن كېلىدۇ؟» دېگەن (فېڭ دوڭشۇنىڭ «چېن يوڭگۈي» ناملىق كىتابىغا قاراڭ).

نەچچە يىللاردىن بۇيان «ئۇمۇمنىلا كۆزلەپ شەخسنى ئويلىماسلىق» دېگەن سۆز پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەشەببۇسى بولۇپ كەلدى. بىراق تەشەببۇس بولغانىكەن، ئۇ بىر خىل مەۋجۇدىيەت بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ خىيالىي نەرسە ياكى قىلچە مەۋجۇت بولمايدىغان نەرسە بولسا قانداقمۇ تەشەببۇس قىلغىلى بولسۇن؟ يولداش جۇئېنلەيدەك شەخسىيەتنى ئويلىماسلىقنىڭ نامايەندىسىمۇ ئۇنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارىغانىكەن، ئۇنداقتا ئۆزىمۇ ئورۇنلاپ كېتەلمىدى دېگەن گەپ ئەلۋەتتە. ئۇنى كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى قىيىندەك تۇرسىمۇ لېكىن جۇئېنلەينىڭ سوئاللىرىنى قايتا ئويلىنىپ كۆرسە، ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئۇمۇمنىڭ مەنبەسى شەخستۇر، ئۇمۇم شەخسنىڭ مەۋجۇدىيىتىسىز ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، ئەخلاقىي پەزىلىتى قانچىلىك ئالىيجاناب كىشى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئۇ ئەۋلىيا بولسۇن، يەنىلا ئاۋۋال «ئۆزىنى بىلىپ ئۆزگىنى قوي» غاندىلا ئاندىن «جاھانغا ئەسقاتىدۇ» غانلىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەسكى: بىر كىشىنىڭ قورسىقى ئاچقىنىدىن تىنىقى ئۈزۈلەي دەۋاتسا، ئۇنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشى قىلچە مۇمكىن ئەمەس. ئەجەبا، بىر كىشى ئۆزىنىڭ بارلىق شەخسىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، تۇرار جاي، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە بارلىق لازىمەتلىكلىرىنى ئۇمۇمغا تەقدىم قىلىۋېتىپ قاقاس دالىدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇغلۇق، يەنە ھەر مىنۇت باشقىلار ۋە ئۇمۇمنى ئويلاپ تۇرارمۇ؟ چۈنكى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن «قىلچىمۇ شەخسىي مەنپەئەتنى ئويلىمىدى» دېگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇ كۆڭلىدە قانداق قىلىپ ئۆز ھاياتىنى داۋام قىلىشتى ئويلىسا، ياكى ئۆزىگە كىچىككىنە يېمەكلىك، بىر قۇر كىيىم چاغلىق نەرسە قالدۇرغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ يەنىلا شەخسىيىتىنى ئويلىغانلىق بولمامدۇ؟

ئۇمۇم ۋە شەخسنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، فرانسىيىنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى داڭدار مۇتەپەككۇرى روسسو ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي ئەھدە توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە: «دۇنيادىكى بارلىق ھۆكۈمەتلەردە، ئۇمۇم پەقەت ئىستېمال قىلىشنىلا بىلىپ ئىشلەپچىقارمايدۇ، ئۇنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى ئەمەلىيەتتە ئەزالىرىنىڭ ئەمگىكىدىن كېلىدۇ، شەخسنىڭ ئېشىندىسى بولغاچقىلا ئۇمۇمنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ. شۇڭا پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرى ئېھتى-

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

ياجىدىن ئېشىپ كەتكەندىلا، سىياسىي ھالەت ئاندىن مەۋجۇت بولالايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، شەخس مەۋجۇت بولمىسا، ئومۇم مەنبەسىز سۇغا، يىلتىزسىز دەرەخكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مۇشۇلارنى يېزىۋاتقاندا، خۇنەن ئۆلكىسى جۇجۇ شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «ئوقۇپ بىلىم ئېلىشتىن مەقسەت، پۇلنى كۆپ تېپىپ گۈزەل قىزغا ئۆيلىنىشتۇر» دەپ قويۇپ بالاغا قالغان ئوقۇتقۇچى يىن جيەنتىڭنى ئويلاپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز ئۇنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ماقالىسىدا: «ئوقۇپ بىلىم ئېلىشتىن مەقسەت ئاۋۋال ئۆزى ئۈچۈن بولغاندىلا ئاندىن جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ» دېگەن. «پۇلنى كۆپ تېپىپ گۈزەل قىزغا ئۆيلىنىش»ــشەخسىي بەختنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇشنىڭ بىر خىل كونكرېت ئوبرازلىق تەسۋىرلىنىشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ «ئۇلۇغ غايە» لەر بىلەن توقۇنۇشقانلىق ئەمەس، پەقەت قاتلامنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان تۇرسا، ئەجەبا پەقەت «ئومۇمنىڭ ئىشى» نىلا قىلىپ «شەخسىي ئىش» نى بىر چەتكە تاشلىۋەتسە بولامدۇ؟

يىن جيەنتىڭ دادىللىق بىلەن «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش» دېگەن سۆزدىن گۇمانلىنىشقا پېتىنىپ، ئۇنى «دۇنيادىكى ئەڭ زور يالغان سۆز» دەپ جاكالىغان. ئۇنىڭ كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان جۈملىلىرى بەلكىم بىر ئاز ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى: «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش» دېگەن بۇ ئاتالمىش ئۇلۇغۋار سۆزلەر پەقەت مەنپەئەت قارىشىنىڭ باشقىچە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت خالاس. ئەينى ۋاقىتتىكى بېتيۇننىڭمۇ پەقەت جۇڭگولۇق يارىدارلارنىلا قۇتقۇزۇشنى بىلىپ، ئۆزىگە پايدىلىق ئىشنى قىلچە قىلمىغانلىقىغا ئىشەنمەكمۇ ناھايىتى قىيىن.

ئادەمنىڭ شەخسىيەتچىلىك پىسخىكىسىنى تامامەن تۈگىتىمەن دېيىش قىيىن. ئومۇم بىلەن شەخسكە تەڭ ئېتىبار بېرىشمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئىش. شۇڭا «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش «ئومۇمنىلا كۆزلەپ شەخسنى ئويلىماسلىق» دېگەنلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۇتوپىيەدىن ئىبارەت بولۇپ، نورمال ئادەم يەتكىلى بولىدىغان مەنزىل ئەمەس. بۇ ئۆلچەم ئارقىلىق ھازىرقى كىشىلەرگە تەلەپ قويغاندا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ خىل مەردانە ئىپادىلەرنى خۇددى كوممۇنىزم غايىسىگە ئوخشاشلا قايتا ئويلىنىش تولىمۇ زۆرۈر.

ئۆتمۈشتە كوممۇنىزمغا يەتكىلى ئاز قالدۇق دەپتىكەنمىز. كېيىن كوممۇنىزمنىڭ تېخى خېلىلا يىراقتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولساقمۇ، لېكىن ھەممىشە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن مۇستەسنا بولالمىدۇق. بۈگۈنكى كۈندە «بۇ تونۇشىمىز يۈزەكى ئاددىي بولۇپ قالغانلىقىنى ئاخىرى تونۇپ يەتتۇق. يولداش جياڭ زېمىن 1 ـ ئىيۇل «سۆز» ىدە: «بىز توغرا ئىلگىرىلەش نىشاندا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، كۆز يەتكۈسىز يىراق كەلگۈسىگە كونكرېت تەسەۋۋۇر ۋە تەسۋىرلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق قىلىش كىشىنى ئاسانلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قۇرۇق خىيالغا غەرق قىلىۋېتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

جۇئېنلەينىڭ سۆزىمۇ ھەقىقەتەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەنلىك بولۇپ، «ئومۇمنىلا كۆزلەپ شەخسنى ئويلىماسلىق» كەم دېگەندە ھازىرقى جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە تەلەپ قويۇش ساختىلىق بولۇپ، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پۇقرا بولۇش سۈپىتىم «چاكار»لارنىڭ جۇئېنلەيمۇ يېتەلمىگەن مەنزىلگە يېتەلىشىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن. ئەگەر ئۇلار جۇئېنلەي دېگەندەك: «ئاۋۋال ئومۇمنى، كېيىن ئۆزىنى ئويلاش» ياكى «ئاۋامنى كۆپرەك، ئۆزىنى ئازراق ئويلاش»نى ئادا قىلالىسا، مەندەك بىر «خوجايىن» ئەلبەتتە ئىنتايىن رازى بولغان بولار ئىدىم.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

## 16-قۇرۇلتاي روھىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەر

ئابدۇغېنى سېيت

# تەنتەنە

ئەھ، خوتەن قىل خۇش خەۋەرگە تەنتەنە،
بىھېساب شانۇ ـ زەپەرگە تەنتەنە،
گۈللىگەن يېزاڭ، شەھەرگە تەنتەنە،
يېڭى باغ، گۈل ـ لالىلەرگە تەنتەنە،
بەختىيار تاڭلار ــ سەھەرگە تەنتەنە.

باقمىدىڭ تىكمەي كۆچەتنى سايىغا،
چامدىدىڭ پەللە، ئۇلۇغۋار غايىغا،
كەتمىدى تەر ــ ئەجىرلەر ھېچ زايىغا،
كۆنسېرى يەتمەكتە ئارمان ۋايىغا،
تۆھپىلەر داستان ــ ئەسەرگە تەنتەنە.

تىنجىتىپ تەتۈر قۇيۇنلار قۇترىسا،
تور سېلىپ ئالۋاستى ـ جىنلار پېترىسا،
سەن يېڭىپ مۇشكۇل جاپالار ئۇچرىسا،
ھەم شەرەپ قۇچتۇڭ قەدەمدە سەن راسا،
باشلىغان ئالغا پەدەرگە تەنتەنە.

ئىشلىرىڭ يەنىمۇ ئوبدان بولىدۇ،
تاغ، چۆللۈكنى خەلقىمىز گۈل قىلىدۇ،
باغ ئارا ياشناپ چىمەن بەرق ئۇرىدۇ،
ئەل گويا ئايدەك ھۆسنىگە تولىدۇ،
قىل بۈيۈك قىياس ــ بەشەرگە تەنتەنە.

بولدى رايىڭ ئىتتىپاقلىق، گۈللىنىش،
بارچە دىللار ئارزۇسى شۇ يۈكسېلىش،
ئۇچرىسا مۇشكۇل جاپا تىز يۈكتۈرۈش،
جاي تاپالماس ئارىمىزدىن بۆلۈنۈش،
كەتكىنى شۇملۇق مەئشەرگە تەنتەنە.

ئەل ـ خەلق ئاقىل بىلىشلىك ئۈلپيا،
ئەقلىگە ئاسمان ـ زېمىندۇر مەھلىيا،
شۇ ئەقىل چاچقاي ساڭا پاھ، نۇر ــ زىيا،
خۇش پۇراق چاچقاي چاراقلاپ گۈل ـ گىيا،
شۇ نۇرانە ئاي قەمەرگە تەنتەنە.

نۇرلىنار كۈنسېرى بىزنىڭ يولىمىز،
بارغانچە خىسلەتكە، كۈچكە تولىمىز،
يەتكۈسى تاڭلا پەلەككە قولىمىز،
پۈركۈنەر گۈلشەنگە ئوڭ ھەم سولىمىز،
يورۇتار يولنى ئەختەرگە تەنتەنە.

بوۋلار ئاچقان شۇ ئىزدىن ئىز بېسىپ،
نى جاپا ـ مۇشكۈلنى چەيلەپ تىز بېسىپ،
بىر گۈزەل مەنزىلنى پەيلەپ بىز بېسىپ،
گۈللىنىش بولغايكى بىزلەرگە نېسىپ،
قىل يېڭى مەركەز ــ پەدەرگە تەنتەنە.

گۈللىتەر سېنى خەلقىڭ باتۇرلىقى،
چىقمىغاي روياپقا ياۋلار شۇملۇقى،
ئاقمىغاي شەيتانلىقى، نەس قۇۋلىقى،
كۆمۈلۈپ دەل قۇمغا ئىبلىس قۇيرۇقى،
بولغىنى كۈنى بەتەرگە، تەنتەنە.

ئىلمۇ ـ پەن ئاچماقتا خەلقىڭ ئەقلىنى،
ئۇيۇشۇپ چىڭ قولغا ئالدۇق غەلبىنى،

غەلىبىلەر خۇش قىلدى خەلقىم قەلبىنى،
شۇڭا بارچە دىلدا شادلىق سەلكىنى،
باق ئەنە يېزا ـ شەھەرگە، تەنتەنە.

قۇرۇلتاي قىلدى بىنا مەركەز يېڭى،
پىكرىدە، ئەس ـــ يادىدا ئەلنىڭ غېمى،
ئەمدى خوپ قىزىيدۇ گۈللەشنىڭ جېڭى،
كۆنسېرى خۇش ئۆتكۈسى ئەل ـ يۇرت كۈنى،
باغلىغان مەھكەم كەمەرگە، تەنتەنە.

بىز قىلىپ «ئۈچكە ۋەكىللىك» نى مىزان،
ئىشىمىز بولماقتا بارغانچە راۋان،
زوق، ئىشەنچتە تىكتى كۆز بىزگە جاھان،
يەنە گۈللەيسەن خوتەن ئەي جانىجان،
قىل سۈزۈك شامۇ ـ سەھەرگە تەنتەنە.

تەشەككۇر ئونئالتىنچى قۇرۇلتايغا،
نويابىردا ۋەتەن توغقان تولۇن ئايغا،
يۇرۇش قىلغىن بولۇش ھاللىق، تۈزۈك بايغا،
سائادەت چاچقۇسى توشقاي ئىدىر ـ سايغا،
تەنتەنە، شادلىق سەپەرگە تەنتەنە.

2002 ـ يىل، 18 ـ نويابىر، خوتەن.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

# ۋەتەن مۇھەببىتى

مەن ئۇچۇن ئالىي مۇكاپات ئۆز ۋەتىنىدە بولغىنىم،
نە ۋەتەن، باغۇ ئېرەم ياڭلىغ چىمەندە بولغىنىم،
«ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى» چاڭئەن، خوتەندە بولغىنىم،
مەيلى تاغ يا چۆل ـ جەزىر، مەيلى سەمەندە بولغىنىم،
بۇ مېنىڭ تەن رۇسلىقىم روھىي تېمەندە بولغىنىم.

شۈكرىكى، ئۇشبۇ دىياردا كۆز ئېچىپ كۆردۈم جاھان،
ئۇ ماڭا بەردى مېھىر، مەن قەد تۈزۈپ ئۆستۈم راۋان،
شول سەۋەب ئۆز ئارىدا ئۆلچەمس قەدىردانلىق ئايان،
شۇ قەدىردانلىق مۇھەببەت ياشنىتار دىلدا ھامان،
مىڭ شەرەپ بۇ سۆيگۈدە چوڭقۇر ـ تېرەندە بولغىنىم.

نەگىلا باقسام دىلىمغا ئىپتىخار نۇرى قونۇپ،
ھەر مىھەل ئۇتلۇق ۋۇجۇدۇمغا ئىشەنچ، قۇدرەت تولۇپ،
بىر مۇقەددەسلىك غورۇرى يەلپۈنەر بايراق بولۇپ،
شۇ غورۇر، شۇ ئىپتىخاردۇر ئەل بىلەن دەرقەم تۇرۇپ،
شان قۇچۇپ «ئەتە ئۇچۇن ئالغا!» دېگەندە بولغىنىم.

نە قىلاي ئۆزگە دىيارنى، ئۆز ۋەتەن قىممەت ماڭا،
ئۆز ۋەتەن بەرگەن ئەقىل ـ ھېكمەت ماڭا، ھىممەت ماڭا،
ئۇندىكى ھەر بىر نەپەس جان راھىتى، نۇسرەت ماڭا،
زەررىچە ئايرىلمىقىم چەكسىز ئازاب، كۈلپەت ماڭا،
ئايرىلىش راھەت ئەمەس، بەلكى كىشەندە بولغىنىم.

ئۆز ۋەتەن باغرى تېنىمنى ئاينىتىپ پەرۋىشلىگەي،
مەن ئۇچۇن كۆرمىڭ ئانا مۇجەسسەمدە غەم يېگەي،
روھلىنىپ جەڭلەردە بولسام، «جان ـ جىگەر ئوغلۇم» دېگەي،
گەر ئادا بولسا ھاياتىم، قوينىدا ئەللەيلىگەي،
شۆھرىتىمدۇر ئۇ بىلەن بىر جانۇ ـ تەندە بولغىنىم.

سۈت ئېمىپ ئەمچەكنى چىشلەش ھېچ ۋاپادارلىق ئەمەس،
ئانىغا كۆيمەس ئوغۇلنى ھېچقاچان ئادەم دېمەس،
ئەل ـ ۋەتەن ئىخلاسىدىن تانغان يۈرەك بىر چالما، بەس،
سۆيگۈسىز ئۇنداق يۈرەكتىن مىڭ ئەزىز ھەتتاكى خەس،
بۇ مەسەل بولماقلىقىم رەزگى ـ گېزەندە بولغىنىم.

ئىسلاھات كۆزنى يورۇتتى، روھىمىز كۆردى ھەشەم،
يېڭىچە غەيرەت ـ شىجائەت تىكلىدى بايراق ـــ ئەلەم،
كۈندە ھەل يىللىق مۇساپە، نەقەدەر مەزمۇت قەدەم،
شۇ قەدەملەر مەۋجىگە گەر بولمىسام ھەمدەم بۇدەم،
نە ئېرۇر ياشاش دېگەن، ئەۋزەل كېپەندە ياتقىنىم.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان


كىشلەرنى ئۆز مەدەت ئالغىچە، ئۆزۈڭ بىر غەيرەت قىل

مۇھەممەد بارات تەشنائى

# يۈرەكنى قوش قوللاپ تۇتمەن ساڭا①

تاغلارغا قارىدىم دوپپامنى ئېلىپ،
ئۇ شۇنچە مۇستەھكەم، شۇنچىلىك يۈكسەك.
باغلارغا قارىدىم، جەننەت خېجىلكەن،
ئۇرغۇدى قەلبىمدە بىر دەريا ئىستەك.

دېڭىزغا قارىدىم، ئۇ شۇنچە سۇرلۇك،
تەكتىدە ئاجايىپ دۇنيا ياتىدۇ.
سۆيگۈمنى بەردىم مەن تەكلىماكانغا،
سىرىنى يېشەلمەي بېشىم قاتىدۇ.

مەخمەلدەك پايانسىز يايلاقنى كۆرۈپ،
«رەسسىمۇ ۋەياكى؟...» (قىلىمەن گۇمان).
فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان نېفتتىن،
زوۋانغا كەلدىغۇ يەر ھەمدە ئاسمان.

بۇلاققا قارىدىم، كۆي تۆكەر قىش ـ ياز،
ئالەمچە شادلىق بار ئويناق كۆزىدە.
زېمىنغا قارىدىم ـ ئۇز ساھىپجامال،
تەبەسسۇم يالتىرار ئانار يۈزىدە...

قارىدىم يەر ـ كۆككە، ھەر تۈپ گىياھقا،
ۋۇجۇدۇم سىلكىنىپ كەلدى لەرزىگە.
جىسمىمدىن تۆكۈلدى بەخت ـ ئىپتىخار،
يۈگۈردۈم شان بىلەن نۇرلۇق ئەتىگە.

نە ئۈچۈن بۇنچىلىك بولىمەن خۇشال،
(كىم بەردى بۇنچە زور بەختنى ماڭا؟)
ھە بىلدىم، ۋەتىنىم بەردىڭ ھەممىنى،
يۈرەكنى قوش قوللاپ تۇتىمەن ساڭا.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەمەتئىمىن تۇرسۇننىياز (دېھقان)

# ئىككى شېئىر

## نىدا

ئاي نۇرۇڭنى چېچىۋەت ماڭا،
قىلالمىسۇن يۇلتۇزلار تەقىپ.
پەرۋاز قىلسۇن تاتلىق ھېسلىرىم،
شەھلا كۆزلەر بولمىسۇن رەقىب.

توسالمىسۇن تۈندىكى ئازغۇن،
كۆلگۈن يۈرەك ياقسۇن مەيلىگە.
سۇبھىلەردە چېچىلسۇن ئىلھام،
دىلدار بىلەن چىقسۇن سەيلىگە.

دىدار كۈتۈپ يۈرگەن غايىپ روھ،
سەلكىنىگدە تېپىشسۇن ۋىسال.
ھەسرەت يۇتۇپ ئۆتمىسۇن ھايات،
تاڭ ۋەسلىدە ياڭرىسۇن «ئۆزھال».

## سېغىنىش

ۋىسال كۈتۈپ كېچىلەردە يۈرىمەن تەنھا،
ھۆسنى تولغان تولۇن ئايدىن دىدارىڭ ئىزدەپ.
ئۆز ئۆزەمگە پىچىرلايمەن ئىچۈكتۇر ھالى،
سوراپ تۇردۇم شاماللاردىن «ئامانمۇ يار» دەپ.

سىرلىرىڭنى ئەسىر قىلغان تەرسا كۆلبەڭدە،
چۈشلىرىڭدە مېنى كۆرۈپ ياتتىڭمۇ غەمكىن.
كۆكلەپ كەتسە يۈرىكىڭدە ئۈتلۇق سېغىنىش،
ئازغۇنلارغا پۈتلاشمىغىن، يۈرگىن سەن تەمكىن.

ئاققان بولسا كۆزلىرىڭدىن مېدەك ئاچچىق ياش،
بىر ماڭىلا ئەۋەتىپ بەر يۇمران كۆڭلۈڭنى.
ساڭا شاتلىق ھەمراھ بولسۇن، ماڭا دەرتنى بەر،
ئەڭ ئاداققى ھەسرىتىمدە سۆيەي قەلبىڭنى.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

① بۇ مىسرا ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرىغا تەقلىد.

ئەخمەتجان تۇرۇپ

# ئېمىتىپ قوي روھىمنى توغراق

ئېمىتىپ قوي روھىمنى توغراق،
ئۇغۇز سۇتكە قاناي بىر نۆۋەت.
كۆمگەن بىلەن مېنى باياۋان،
مەن سۆيگۈدىن كۆكلىگەن سەنئەت.

ئېمىتىپ قوي روھىمنى توغراق،
ئۇغۇز سۇتكە قاناي بىر نۆۋەت.
شاخلىرىمدا كىيىك سايداپ،
پۇتۇنلىنىپ قالسۇن تەبىئەت.

## ئۆركسە ئەركەكنىڭ قېنىدىن مەردلىك

ئۆركسە ئەركەكنىڭ قېنىدىن مەردلىك،
مەست بولار يېتىمنىڭ يېشىدىن شەيتان.
بىلىقنىڭ كۆكسىدەك تاغلار ئۆكلىشىپ،
قۇياشنىڭ باغرىدىن ياغار زېمىستان.

ئۆركسە ئەركەكنىڭ قېنىدىن مەردلىك،
شىجائەت دەرىخى ئۆسمەيس باراقسان.
چاشقانلار غۇرۇرنى غاجار تالىشىپ،
شەمشەر دەستىسىنى تونۇماس ئالقان.

ئۆركسە ئەركەكنىڭ قېنىدىن مەردلىك،
جەددالنىڭ ئىشكى قوپار تىرىلىپ.
يۇتالماي ھەسرەتنى يۈرەك گۈپپىدە،
جەسەتلەر كوچىدا ئاقار قىستىلىپ.

## ھەسرەت ماڭا سالمىسا خەنجەر

ھەسرەت ماڭا سالمىسا خەنجەر،
ئەرلىكىمدىن قىلمەن گۇمان.
چىۋىنىمكىن دىمەن ئۆزۈمنى،
نىجاسەتكە كۆمۈلۈپ قالغان.

ھەسرەت ماڭا سالمىسا خەنجەر،
تاشالمايمەن قەلبىم ئىچىدىن.
تىلالمايمەن يۈرىكىنى ھەم،
كېچىلەرنىڭ تۇتۇپ چېچىدىن.

ھەسرەت ماڭا سالمىسا خەنجەر،
قانىتىمنى سۆيەلمەس پەرۋاز.
چاشقانلارنىڭ ئۇۋىسىدا جىم،
ئۇخلاپ ياتار كۆك كۆگلەكلىك ياز.

ھەسرەت ماڭا سالمىسا خەنجەر،
تومۇرۇمدا ئاقار كىر سۈيى.
قۇلىقىمنى تاشلار مەست قىلىپ،
(بۇلبۇل ئەمەس) ئېشەك ھاڭرىشى.

ھەسرەت ماڭا سالمىسا خەنجەر،
ئىقبال كۈلۈپ باقمايدۇ قىيا.
چۈشىمەس ھەم مېنى بىر قېتىم،
جەسەتلەرگە تولغان بۇ دۇنيا.

## ئادەم

ئۇ دۇنيانىڭ زىناقلىرىدا،
كۆكلەپ تۇرغان بىر تال تەبەسسۇم.
«يۇدۇپ گاھى روھنىڭ يۈكىنى»،

كېرەم ئىمىن ئاستىنكى «قاشتېشى
ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشەلىگەن

ماڭغان تۆگە، چايناپ ئالىنۇن نۇم.

ئۇ ئاھىدا بىر تال قوۋۇرغا،
تۇغۇپ يۇرگەن دوزاخ، جەننەتنى.
ئۇ ئاھىدا ھۇۋلىغان بۆرە،
ئۆز گۆشىدە سۇرەر لەززەتنى.

## كەتسەڭ «خەير» دەيمەن تىك تۇرۇپ

تۇتۇپ قالغۇم بولسىمۇ ئەمما،
كەتسەڭ «خەير» دەيمەن تىك تۇرۇپ.
بولماس سۆيگۈ مەڭگۈ باراقسان،
پىچىرلاشسا يۈرەك زورۇقۇپ.

بار ئەيىبنى تاڭمايمەن ساڭا،
قارغىمايمەن ئۆزۈمنىمۇ ھەم.
بولسا كۆڭلۈڭ ئەگەر ئاق قەغەز،
«ئۇنۇت» ئات يۈز لۈكچەكنى ئەركەم.

**غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت**

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

# شېئىرلار

## سۇرەتتىكى قىز

قانچە خۇشتار بولساممۇ ساڭا،
چۈشەلمەيسەن مىنىڭ يېنىمغا.
بېرەلمەيمەن كۆڭلۈمنى زىنھار،
ئۇ تەئەللۇق بولسىمۇ ساڭا.

ئاھ ئۇرساممۇ، تۆكسەممۇ كۆز ياش،
مۇزدەك قەلبىڭ ئېرىتمەس پەقەت.
مەڭگۈلۈكتۇر كۈلۈمسىرىشىڭ،
مەڭگۈلۈكتۇر سەندىكى تاقەت...

چىدىيالماي خۇشتارلىقتا ئاھ،
يىرتىۋەتتىم سىنى ھۆركىرەپ.
پارچە ـ پارچە قەغەز ئىچىدىن،
تاپتىم ئاخىر مەن سىنى ئىزدەپ.

## چەكمىگىن، تېخىچە دېرىزەم غۇۋا

چەكمىگىن، تېخىچە دېرىزەم غۇۋا،
يۇلتۇزلار ساقىشقا باشلىدى رەت ـ رەت.
شەھەرنىڭ قەلبىدە قاۋايدۇ ئىتلار،
مۇلايىم سۆيگۈگە يەتمىسۇن زەخمەت.

گويا بىر شېئىردىن چىققاندەك ھىلى،
كېلىدۇ يۈرىكىمدىن كۆيۈك پۇرىقى.
ياتار قان ئىچىدە بىر ئاسىي ئەرۋاھ،
يوشۇرغان يۈزىنى چىراغ قالپىقى.

بۇ كېچە مېنىڭكى زۇلمەتلىك قەبرەم،
چەكمىگىن تېخىچە دېرىزەم غۇۋا.
مەن ساڭا ئىلكىمدىن بېرىمەن نىمە،
مۇھەببەت، ئەركىنلىك...نېمە، ئېيتقىنا؟!

## شام يورۇقى

(1)

يېشىنلىشكە يەيىارلانغىنىمدا،
شېئىر يازغۇم كەلدى بىردىنلا.
ئولتۇرىدۇ ئوت قالاپ بىر قىز،
قەلبىمدىكى مۇزلۇق ئارالدا.
كىشنەپ تۇرار تامدىكى ئاتلار،
دەرىزەمدە ئۆلگەن مەنزىرە.
سۆيگۈ سائىتى چالدى قوڭغۇراق،
كېچە ۋاقتى سائەت ئىككىگە.

(2)

ئۇسۇل ئويىنار يالىڭاچ چۈشلەر،
ئاي چېچىنى يۇلار مەستانە.

سۆيگۈ كۆلگە ھاجەتمەن ئەمەس،
قىز ئۇيغۇنار يېرىم كېچىدە.
كۆكسۈمدىكى يالغان پىچاقنى،
تاشلىۋەتتىم يارنىڭ يولىغا.
نۇر چاچماقتا ئىدى جىنايەت،
قەدەھتىكى شامنىڭ نۇرىدا.

(3)

ئىزدەپ يۈرەر بىر ئادەم مېنى،
تاپقان ھامان ئۆچ ئالماق بولۇپ.
سۆيەر مېنى بىر قىز جېنىدىن،
پىراقىمدا يىغلار تولغۇنۇپ.
ئۇلار مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىم،
تونۇمايمەن ئۇلارنى ئەمما.

ئۇلار شۇدەم قالدى ئۇچرىشىپ،
مېنىڭ قاقاس، جىمجىت روھىمدا.

(4)

شام پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرىدۇ،
پەرۋانىلەر ئۆلۈپ تۇرىدۇ.
ئۆلۈم گويا مۇھەببەتتىكى،
ئەڭ ئاخىرقى ھايات رېئاللىق.
يېنىپ - يېنىپ ئۆلدى شاممۇ ھەم،
مۇھەببەتكە تولغان قەلبىمدە.
قالمىدى،
رېئاللىققا تەۋە ھېچنېمە.

ئېلى ئەخمەت (دىلكەش)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مەھەممەت

# دېھقان

(شائىر روزى سايىت ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىغا نەزىرە)

ئويغىتىسەن شېرىن ئۇيقۇدىن،
چۈشلىرىنى بۇزۇپ ئېتىزنىڭ.
ساڭا مۇڭداش، دەردىڭگە دەرمان،
ھەقىقىي دوست
كەتمىنىڭ بىلەن.
چۈشلىرىڭگە كىرمەيدۇ زىنھار،
سەن ئەجرىڭدىن باققان بۇ شەھەر.
يەپ باقمىدىڭ توخۇ تىلىدا،
تەييارلانغان قورۇمىلارنى.
«ۋىسكا» ئىچىپ باقمىدىڭ تېخى،
تانسا ئويناش خىيالىڭغا يات،
سەن ئاشۇنداق ساددا شۇ قەدەر.

ساڭا لەززەت بېرەر زاغرا نان،
مەھەللەڭدىكى ئېرىق بويىدا،
سۇغا چىلاپ يېگەندە ئۇنى.
تەڭ قىلمايسەن ئابىھاياتقا،
ئۇچۇم - ئۇچۇم ئىچكەن لاي سۇنى.

يارالغاندۇ بەلكىم كائىنات،
تىنىم تاپماس كەتمىنىڭ بىلەن
(قاداق باسقان قوللىرىڭ بىلەن).

تەمەننادىن يىراقسەن مەڭگۈ،
مېھنىتىڭگە قىلمايسەن مىننەت.
يۇرسەڭمۇ گەر توپا ئىچىدە،
ياغدۇرىسەن بارچىگە ھىممەت.

ئېھ دېھقان،
ئەۋلىياسەن قەلبىمىزدىكى!!!

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز


ئەمەل باشلىقىسىز، جۇۋا ياقىسىز بولمايدۇ.

# ئىككى شېئىر

تۇرانقىز ئابدۇراخمان

## ئوت يېقىپ...

خىلۋەت گۈگۈم جىلغىلىرىدا،
ئۆتتۈشىدۇ كېچە يۈك تارتىپ.
كولدۇرمىسى چۈشتىن ياسالغان،
قەلبىم كېلەر كەچمىشنى ئارتىپ.

دىل چېكىدۇ چاڭقاق يۈرەكلەر،
ئاھ ئۇتىدا شېرىن سىردىشىپ.
لەۋ جامىدا قىيام بولغان مەي،
بۇژغۇن سېلىپ كېتەرمۇ تېشىپ.

كېچە قوينى ھېكمەتلەرگە باي،
ئاي قەلبىمگە چۈشىدۇ ئېقىپ.
تومۇرلاردىن ئۆتتۈشۈپ زەرەت،
سۆيگۈمىزگە تۇرار ئوت يېقىپ.

ئېقىپ كېلەر يارنىڭ جىلۋىسى.
مېنىڭ شېرىن لەرزان چۈشۈمگە،
چۆمۈلىدۇ ئاھ سۇ پەرىسى.

قارچۇقلىرىم مۇڭ پىيالىسى،
سىغدۇرىمەن ئالەمنى، ئەمما ـ
سەن سۈبھىنى ھەسرەتكە قويۇپ،
غايىپ بولدۇڭ نەلەرگە تەنھا.

كۆز ياشلىرى كەچكى شەپەقنىڭ،
بوسۇغامدا چالىدۇ سىرپاي.
شوخ كۈلكەمنى بەرگىن قايتۇرۇپ،
ئارمانلىرىم ئىچەر ھەم قانماي.

يۈلتۈزمىكىن دېمىگىن ئەسلا،
كۆكتە خىرە چاقناپ تۇرغىنى.
بىرلا سىنى كۈتۈپ شۇ كەمچە،
مەندىن ئۆزگە تۇرار كىم قېنى؟!...

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# شېئىرلار

ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار

## كۈتۈش

ئاينىڭ تال ـ تال نۇرلىرى كەبى،

## شۇئىرلاپ كۈي تۆكەر يالىڭاچ ئاخشام

مۇڭلۇق بىر كېچىدەك مۇڭلۇق بۇ قەلبىم،
سېغىنىش ئىلكىدە چەكمەكتە ئازاب.
تىۋىشسىز يۇلتۇزلار خىياللارغا باي،
گوياكى نۇر، قۇياش، بالىلاردەك ساپ.

مەن تەنھا كېچىنىڭ قوينىدا يېتىپ،
تولۇن ئاي ھۆسنىگە قارايمەن ئۇزاق.
روھىمدا بىر سىيما تۇرار چېچىلىپ،
ۋە لېكىن كۆزۈمگە كۆرۈنمەس بىراق.

كېچىدەك بەك سىرلىق قەلبىم دېڭىزى،
ئۆكسۈيدۇ ئېھ بۇندا جۇدالىق ناخشام.
ئازابقا ھەمراھدۇر مۇشتەك يۈرىكىم،
شۇئىرلاپ كۈي تۆكەر يالىڭاچ ئاخشام.

## ئويلىسام ئىككىمىز كۆرۈشكەن چاغدا...

(بايرۇنغا تەقلىد)

ئويلىسام ئىككىمىز كۆرۈشكەن چاغدا،
شەلپەردەك قىزىرىپ قېتىپلا قالغان.
يۈرەكلەر قوڭغۇراق چالسىمۇ بىراق،
مۇزىكا كۈيىدەك ئۇنلەر يوقالغان.
قەدىمىم قوزغالماي قاققان قوزۇقتەك،
ھەسرىتىم ئۇچقۇنداپ ئازابلار سالغان.
سەن گويا ئۇۋۇچىنى كۆرگەن كىيىكتەك،
ئۇن ـ تىنسىز ئۆرۈلۈپ ئارقىغا يانغان.

ئىھ ئاشۇ چاغدىكى ئوتلۇق ھارارەت،
ئىزىدا چوش كۆرگەن تارتىنچاق قەدەم.
ماھۇقىنىڭ پېيىدەك گۈزەل دىلبىرىم،
ئورنۇڭدا سەن نىچۈن تۇرمايسەن بىردەم.
ئىكەنسەن ئەسلىدە شىتىلە تۇيغۇ،
روھىمدا سەن ماڭا پەرىشتە ھەردەم.
مۇبادا سەن ماڭا قىيا باقمىساڭ،
چېھرىمنى تۇمانلار قاپلايدۇ شۇ دەم.

ماختىسا باشقىلار ئالدىمدا سېنى،
قەلبىمدە لەۋ ئۇرار ئوتلۇق ھاياجان.
خەيرىيەت ئۇچراتسام سېنى يىراقتىن،
تومۇرۇمدا شادلىقتىن دولقۇنلايدۇ قان.
تىنىقىڭ ھىدىنى ئېپ كەلسە شامال،
ئالەمچە تۇيغۇغا چۆمۈمەن شۇئان.
سەن مېنىڭ چۈشۈمسەن، سەن مېنىڭ جېنىم،
سەن بىلەن گۈزەلدۇر، گۈزەل بۇ جاھان.

ئۇچراشساق بىز يەنە خىلۋەت بىر جايدا،
ئېھتىمال خىيالغا بولارمىز ئەسىرار.
يۈرەككە ئوت سېلىپ، ئۆلغايتىپ تۈنى،
گاچىدەك تۇرغىنىڭ نېمىسى دىلدار؟
ئەگەردە قېرىلىق يېتىپ بىزلەرگە،
ھاسىدا ئۇچراشساق بىز بىئىختىيار،
(نېمە دەپ چاقىرسام بولاركىن سېنى؟)
ھەسرەتتىن خورسىنىپ يىغلارمىز تەكرار.

## مۇمكىنمۇ چىداش...؟

تامچىپ ئۇرار كۆزلىرىمدە ياش،
ھەسرەت چىرماش، غەزەب ئارىلاش.
بۆشۈكىڭدە تەۋرىتىپ نىگار،
تاشلىۋەتسەڭ مۇمكىنمۇ چىداش؟

## سېغىنىش

بەر قولۇڭنى كونا دوستلاردەك،
مەن ھىدىڭنى پۇرىۋالاي.
جېنىم شامدەك كەتسىمۇ ئېقىپ،
قوش قەۋرەڭدە تۈنەپلا قالاي.

## بىز كۆرۈشكەن ھېلىقى كۈنى...

بىز كۆرۈشكەن ھېلىقى كۈنى...
كوچا بويلاپ كېلەتتى سوغۇق.
مەن ئالدىڭدا تۇراتتىم مىسكىن،
ئاۋازىممۇ چىقاتتى بوغۇق.

بىز كۆرۈشكەن ھېلىقى كۈنى...
كۆك ئاسماننى قاپلىغان بۇلۇت.
نۇر چېھرىڭمۇ تامدەك تاتارغان،
يول - يوللاردا ھۇشقىنىتاتتى جۇت.

بىز كۆرۈشكەن ھېلىقى كۈنى...
مەن قەلبىمنى قىلالماي ئىزھار،
يىغىدىن ئاھ تۇراتتىم ئاران،
ئۈستىمىزدە لەپىلدەيتتى قار.

بىز كۆرۈشكەن ھېلىقى كۈنى...
مۇڭ - ھەسرەتكە چۆككەنتى جاھان.
مەن تەلمۈرسەم، سەن تۇرغاچقا جىم،
يۈرىكىمدىن تامچىلايتتى قان.

بىز كۆرۈشكەن ھېلىقى كۈنى...
ئۈستىمىزدە لەپىلدەيتتى قار.
ۋاقىت كۆيۈپ تولغىناتتى ئاھ،
سەن ئۇن - تىنىسىز تۇرغاچقا دىلدار.

## ئۇنتالمىدىم پەقەت سېنىلا

(M...غا)

ئۇنتالمىدىم پەقەت سېنىلا،
ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىچسەممۇ قەسەم.
مەن سۆيگۈڭگە بېرەلمىگەچ جان،
يۈرىكىمدە ئىزا ۋە ئەلەم.

ئۇنتالمىدىم پەقەت سېنىلا،
ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىچسەممۇ قەسەم.
شېئىر يازماق بولساممۇ دائىم،
سېنىڭ ئۈچۈن تەۋرەيدۇ قەلەم.

ئۇنتالمىدىم پەقەت سېنىلا،
ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىچسەممۇ قەسەم.


پۈتمەس ئىشنىڭ بېشىغا، ياخشى كېلۇر قېشىغا.

سەن پەرىمۇ بىلەلمىدىم ھېچ،
كىرپىكىمدە يالتىرايدۇ نەم.

## مەن سېنى سۆيەتتىم، سۆيەتتىم جانان

مەن سېنى سۆيەتتىم، سۆيەتتىم جانان،
ئىھ قۇياش زېمىننى سۆيگەندەك گويا.
باغرىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتىدۇ ئارمان،
سەن قەلب كۆكۈمدە ئۆزگىچە دۇنيا.

سېھىرلىك دوقمۇشلار چەككەندە پىغان،
ئىشقىڭدا كۈنى ـ تۈن بولدۇم قەلەندەر.
سەن مېنى چۈشەنمەي يۈرگەچكە ھامان،
كۆڭلىرىم ئازابلىق يۇتقاندەك زەھەر.

بەك خامۇش، مىسكىن مەن چېھرىم زەپىران،
روھ قۇشۇم سامادا قاقالماي قانات.
ئىھ، شۇڭا مەن ئۈچۈن ھەممە قەھرىتان،
ئۆزۈممۇ، دۇنيامۇ ھەتتاكى ھايات.

ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى

بىلمىگەچ قارا كۆز ئوتلۇق سۆيگۈمنى،
يۈرىكىم ھەسرەتتىن لەختە ـ لەختە قان،
شۇندىمۇ مەن ساڭا تىلەيمەن بەخت،
ھاياتىڭ گۈل بولسۇن، بولغىن سەن ئامان.

## يۇمران چۆپتەك قۇچاقلىرىڭغا...

يۇمران چۆپتەك قوچاقلىرىڭغا...
ئۇۋا سالسام بولۇپ تومۇچۇق.
بېغىڭ ئىچرە چىققايمۇ قۇياش،
قان رەڭگىگە كىرگەندە ئۇپۇق.

يۇمران چۆپتەك قۇچاقلىرىڭغا...
يامغۇر بولۇپ چۈشسەم تامچىلاپ.
كۆكلەم بولۇپ ياشنارمۇ تېنىڭ،
سۆيگۈ كۈيى تومۇرۇڭغا تاراپ.

يۇمران چۆپتەك قۇچاقلىرىڭغا...
دولقۇن بولۇپ ئاقسام بېتىنىم.
كۆكتە يۇلتۇز ئىچكەي مەي، شاراپ،
مۇھەببەتتىن رەڭلەنسە جېنىم.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

# ئالدىنىپ

(ساتىرا)

خېرىدارلار بوزەك بولدۇق، قالدۇق ھەر دىم ئالدىنىپ،
نەپسى يامان ھۆپىگەرگە نەچچە مەرتەم ئالدىنىپ.
ئادەملەر بەك بولۇپ كەتتى تىلى يۇمشاق قۇۋ ـ مەككار،
ئېلىم ـ سېتىم دۇرۇس ئەمەس، قالدى ھاتەم ئالدىنىپ.
ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل سودا قىلۇر ئۆز ئارا،
قىزىقتۇرۇپ جىڭ مال دەيدۇ، ئالدى ھەدەم ئالدىنىپ.
تىجارەتچى دادىسىدىن سېتىۋالدى بال، مەلھەم،
يەنە گىرىم بۇيۇملىرى، قىزى پاتەم ئالدىنىپ.
ئۆزۈم ساتقان ئاق قويلارنى كەچتە بوياپ ئەكىرسە،
بىلەلمەستىن پايدا بېرىپ، ئالدىم ئۆزۈم ئالدىنىپ.
نېمە بولدى ئىنسانلارغا ساختىپەزلىك يامرىدى،
ئالدىنىپتۇ روھى ـ جىسمىم ھەمدە سايەم ئالدىنىپ.
ئىدارىدىن تەقسىملىسە ھېيت ـ بايراملىق نەق پۇل سوم،
پۇل ئورنىغا جا مال بەردى، قالدى ئادەم ئالدىنىپ.
بالىلارنى ئېلىپ قاچتى مەن سېنىڭ ئۆز تاغاڭ دەپ،
كېتىپ قالدى يىراقلارغا، يۈرەك پارەم ئالدىنىپ.
دوكتۇر ئاشتى بولغۇم كېلۇر، كۆپ ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ،
بىلىم ئەمەس پۇل لازىمكەن قالدى غايەم ئالدىنىپ.
تەگرى بەرسە كىشلەرگە قۇرۇق، ساقال، ئاق چاچلار،
ھەل ـ بوياقتا بويالدى چاچ، قالدى ئالەم ئالدىنىپ،
سۆزۈك سۇنى ئىچىملىك دەپ قىزارتىپلا رەڭ بىلەن،
تەبرىكلىسە قۇتلۇق كۈننى، قالدى ئايەم ئالدىنىپ.
بەزى ئۆلۈم ئۇزاتقانلار ئۆلۈكتىنمۇ نەپ ئالدى،
يىغىۋالدى كۆپلەپ مال ـ پۇل، قالدى ماتەم ئالدىنىپ.
ھەج قىلىشقا بارسا بەزەن ئوغرى يالغان ئۆلىما،
بىلەلمەستىن سەپكە قوشۇپ، قالدى ھەرەم ئالدىنىپ،
يوللۇق تۆتسا مىڭلاپ سوم پۇل، كېلىپ بەرسە تامچە سۇ،
بۇ سۇ كەلگەن ھەرەمدىن دەپ، قالدى زەم ـ زەم ئالدىنىپ.
تۈزەلسە دەرنـــبۇ ئىللەتنى «بارچۇقى»نىڭ قەلىمى،
بىخۇت بولۇپ ياشىغۇم يوق، غورۇر زەردەم ئالدىنىپ.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

# ۋىسال كۈيلىرى

## سۇزۇك ھىجران

سۇزۇك ئازاپ تىنىقلىرىدىن،
ئۆكسۈپ چىقتى لىرىك كەچمىشلەر.
يىراقلىغان ئەسلىمىلەردە،
ئۈيۈپ قالدى سۇزۇك قەترىلەر.
مۇمكىنلىكتە سۇرىمەن خىيال،
لىرىك ھېسلار نەفىس شۇ قەدەر.
ئۆز ئۆزۈمنى ئۆتىمەن بەزلەپ،
كۆز ئالدىمدا ۋىسالسىز لەۋلەر.
مۇھەببەتلىك چىغىر يوللاردا،
ئازابلارغا كۆچۈلدى كۈيلەر.
ھىجرانلىرىم شۇنچە سۆيۈملۈك،
ئۇللىق سىزىم قەلبىمنى سۆيەر.
نۇرغا چۆمۈپ مېھرىمدا قۇياش،
ئوتلۇق يۈرەك ھارارەت ئىزدەر.
روھلار ئارا قىلىمەن سەپەر،

## تەنھا خىيال

ئاق نۇرلارغا تويۇنغان كېچە،
كېزەر دىلنى ئاپئاق بىر خىيال.
تۈن كۆكسىگە رەڭدار ياش تۆكۈپ،
يۈرەر بىر قىز ئارتىپ ئاق رومال.
پىچىرلايدۇ زەڭگەر ئاسمانغا،
يۇلتۇز كەبى ئۈزىلغاچ ۋىسال.
دەپسەن قىلدى ئاق نۇر ئىچىگە،
سۆيگۈسىنى تەنھا ئېھتىمال.
گاھ پۇۋلەيدۇ ھەسرەت چوغىنى،
كۆز ياش بىلەن نەمدەلگەن شامال.
چەكسىز ئالەم دولقۇنلۇق دېڭىز،
قىز گوياكى يىگانە ئارال.

قېيىق ھەيدەپ كېلەر كىم، قاچان؟
قىز دەردىگە تاپقىلى ئامال.

## تۈگىمەس لىرىكا

ئاي نۇرىنى كۈيلىدىم دائىم،
شېئىرلىرىمدا ئاي ئوبرازى بار.
سۆيۈملۈكۈم ئوخشايدۇ ئايغا،
ئۇ قەلبىمدە تۈنەيدۇ زىنهار.
يىراق كۆكتە ئۈزەر تەنھا ئاي،
مەن يىراقتا يازىمەن شېئىر.
قىلمىدىم مەن مۇھەببەت ئىزهار،
ئەمما شېئىرىم شۇنچە جىلۋىدار.

## تۈن سۆيگۈسى

سىڭىپ كەتتى جۈپ ـ جۈپ گەۋدىلەر،
تىمتاسلىقتا ــ كېچە باغرىغا.
لەززىتىنى سۈرەر سۆيگۈنىڭ،
بەخت تاپقان ۋىساللار ئارا.

پارلاپ كېتەر سۆيگۈ نۇرلىرى،
خىلۋەت كېچە ئېتەكلىرىدە.
تاش قەلئەدەك ئىزلار قالىدۇ،
سۆيۈملۈك تۈن كۆكرەكلىرىدە.

يايراپ كېتەر سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش،
مەھكەم ئوراپ ۋىسالغا تۈننى.
مۇھەببەتكە رەڭ بېرىپ شۇنداق،
كۈتەر ھايات يېڭى بىر تاڭنى.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم




(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش**

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىمنىڭ تېلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. يەنە ئازراق ئارام ئېلىش مەقسىتىدە ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم.

دەسلەپ شۇنداق ياخشى بىلىنگەن كارىۋات ھازىر خۇددى بىرسى تاش قويۇپ قويغاندەك قاتتىق بىلىنىپ كەتتى.

مەن ئاۋايلاپ دېرىزە تەرەپكە سۈرۈلگەندىن كېيىن دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇلغان ماڭا نەچچە ئون يىلدىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان رادىئويىمنى ئاچتىم. گەرچە ئۇنىڭ تاشقى شەكلى مودىدىن قالغان، كۆرۈمسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئاۋازى يەنىلا ئىنتايىن ئوچۇق چىقىپ تۇراتتى. مەن ھەممە قانالLarنى بىر ـ بىرلەپ يۆتكەپ چىقتىم. ئاخىرىدا «باللار پروگراممىسى» قانىلىدا توختاتتىم. مۇشۇ تاپتا پروگراممىدا يېتەكچىسى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئاۋازى بىلەن ھېكايە سۆزلەۋاتاتتى.

بۇرۇن ھىندىستاندا ھەرقانداق بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىلىپ ئالالايدىغان بىر راھىپ ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر توپ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرسا بىر ياش يىگىت ئالدىراپ يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

ــ بوۋا، ھازىر بىر توپ كىشىلەر مېنى ئادەم ئۆلتۈردۈڭ دەپ قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالاي، ئۇلار كەلسە كۆرمىدىم دەپ قويسىڭىز ــ دەپتۇ ـ دە، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن بىر توپ كىشى يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ ـ دە، ــ «ھەي قېرى، بىر ياش بالىنى كۆردىڭمۇ؟» ــ دەپ سورىشىپتۇ.

بۇ راھىپ گەرچە ياش بالىنىڭ ھەقىقەتەن ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى يالغان گەپ قىلمايمەن، دەپ تۈزىۋالغان نىزامى بار ئىكەن، شۇڭلاشقا ئۇ راست گەپ قىلىمەن دەپ ئۇلارغا دەرەخنىڭ ئۈستىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بۇ بىر توپ كىشى ئۇ يىگىتنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

كېيىن ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ راھىپ قېرىپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپتۇ، تەڭرى دەرھال ئۇنى دوزاخقا بۇيرۇپتۇ.

بۇ راھىپ تەڭرىدىن:—«تەڭرىم، مەن بىر ئۆمۈر سىلىگە ئىبادەت قىلىپ ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان تۇرسام، مېنى نېمىشقا دوزاخقا بۇيرۇيدىلا؟»—دەپ سوراپتۇ.

تەڭرى دەپتۇ:—«سەن قانداقتۇر ئۆزۈڭ تۈزۈۋالغان قۇرۇق قائىدىگىنى دەپ، بىلىپ تۇرۇپ بىر بىگۇناھ جانغا زامىن بولدۇڭ ئەمەسمۇ»،—دەپتۇ. مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاۋېتىپ تۇيۇقسىز پرىنسىپ، قائىدە- تۈزۈم دېگەنلەر بىلەن «ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش» ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق باردۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

ھەممىمىزگە مەلۇملۇق، «ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغىنىمىزدا، دەرھاللا مېڭىمىزدە بىر- بىرىگە ماس بولمىغان مۇشۇنداق ئىككى خىل ئۇقۇم ئەكس ئېتىدۇ. بىرسى بولسا ئەقىللىق، زىرەك، يەنە بىرسى بولسا پۇرسەتپەرەس، مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەس دېگەندىن ئىبارەت. مۇشۇ تاپتا ئەگەر سىز مەندىن قائىدە، پرىنسىپلار بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنمۇ ياكى «ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش» دېگەن ئۇقۇممۇ دەپ سورىسىڭىز، بۇنىڭغا مەنمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەسلىكىم مۇمكىن. بەلكىم «ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش» بۇرۇن مەيدانغا چىقىپ ئاقىۋەتتە ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇپ كەتكەنلىكتىن، كېيىنچە مۇقىم بولغان قائىدە- پرىنسىپلار مەيدانغا كەلگەندۇ، ياكى بولمىسا قائىدە- پرىنسىپلار بۇرۇن مەيدانغا چىقىپ كېيىنچە بۇلار ئەمەلىي شارائىتقا ماس كەلمىگەچكە «ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش» دېگەن ئۇقۇم مەيدانغا كەلگەندۇ.

بىراق، مېنىڭچە بۇلار ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىم بولغىنى ھەرقانداق ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، خالاس. بۇ بەلكىم ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشى.

## تۇغۇلغان كۈن

Happy birthday to You. Happy birthday to You. Happy birthday…

بوۋاق ئەللەي ناخشىسى ئىچىدە ئۇيقۇغا ئەسىر بولغاندەك، مەنمۇ بۇ يېقىملىق ئاۋازلارنىڭ تۈرتكىسىدە شىرىن چۈشكە ئەسىر بولماقتا ئىدىم. بۇ ئاۋازلار گويا ئىنتايىن تونۇشتەك، مەن ئۆزۈمنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم، كۆزۈمنى ئېچىپ ئىشىك تەرەپكە ئۆرۈلدۈم.

كۆز ئالدىمدا كۆرۈشمىگىلى خېلى بولغان بىر قانچە ساۋاقداشلىرىم ھەم ئادەتتە ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان بىر قانچە تونۇشلىرىم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ماڭا قاراپ تۇراتتى.

ئۇلار قوللىرىدىكى چىرايلىق ئورالغان تۇغۇلغان كۈن سوۋغىلىرىنى ماڭا سۇنۇشتى. مەن شۇندىلا بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىكەنلىكىنى يادىمغا ئالدىم- دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارغا تەشەككۈرۈمنى بىلدۈردۈم ھەم ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم.

بىراق ئۇلار تېزلىكتە ئۈستەللەرنى بىر- بىرىگە جۈپلەپ نەرسە- كېرەكلەرنى تىزىشقا باشلىدى. ھەر خىل پېچىنە- پىرەنىك، پارچە- يېمەكلىكلەر ئۈستەل ئۈستىگە چىك يېيىۋېتىلدى. مەن ئۈستەل ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان نەپىس قىلىپ ياسالغان تورت ئۈستىدىكى سالامەتلىكىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز» دېگەن خەتكە نەزەر تاشلىدىم. بىلىنەر- بىلىنمەي كۆزۈمدىن ياش تامچىلىرى چىقىپ كەتتى.

شۇ تاپ قايسى بىرسىنىڭ «دىسلەپ سۆرۈلۈڭ، جىمجىت دۇنيا رەھىمسىز ھايات، سوغ چىراي كىشىلەر دەل سىز سەكراتقا چۈشكىنىڭىزدە كۆزىڭىزنى ئېچىپ قارىسىڭىز باھارنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر مۇشۇنداق ھالەتنى ھېس قىلالىسىڭىز، سىزنىڭ ھاياتىڭىز غايەت زور كۈچكە تولغان ئارمانسىز بولۇشى مۇمكىن. تەبەسسۇم كۈلكىلەر ھەقىقىي ھېسداشلىققا تولغان ھالدا سىز بىلەن بىر- بىرلەپ خوشلىشىدۇ» دېگىنىنى ئېسىمگە ئالدىم.

مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەقەت ئىككىلا قېتىم تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزگەن—بىرىنچى قېتىم مەن 20 ياشقا تولغان يىلى ئالىي مەكتەپتە بارلىق ساۋاقداشلىرىم ھەم ئوقۇتقۇچىلىرىم بىلەن بىرگە سىنىپتا ئۆتكۈزگەن، ئىككىنچى قېتىم 25 ياشقا توشقان يىلىم خىزمەتداشلىرىم ھەم بىر قانچە ساۋاقداشلىرىم بىلەن

بىر رېستورانىدا ئۆتكۈزگەن ئىدىم.

بۇ قېتىمقى تۇغۇلغان كۈنۈم بەلكىم مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇشى مۇمكىن، ھەممە كۆڭلىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتنى يوشۇرۇشۇپ چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا ماڭا بەخت تىلىشىۋاتىدۇ. بىراق بۇ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان بىر قېتىملىقى.

مەن ئەزەلدىن تۇغۇلغان كۈن ھەم خاتىرە كۈن دېگەنلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمەن. بۇ توغرىلىق بىر قانچە دوستلىرىمدىن سورىدىم. ئۇلارمۇ بۇ جەھەتتە ماڭا ئوخشاش قاراشتا ئىكەن. بۇ بەلكىم بارلىق ئەرلەرنىڭ ئورتاقلىقى بولسا كېرەك. بىراق قىز ـ چوكانلار بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار ھەر قېتىم بۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندا ئۆزلىرىنى سىپتا قىلىپ، پەردازلاشنى زادىلا ئۇنتۇمايدۇ ھەم باشقىلاردىن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈن ياكى خاتىرە كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ھەتتا بەزى يېقىنلىرىدىن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە قانداق سوۋغات ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۈلۈپ تۇرۇپ سورىشىدۇ (مەن بۇنداق ئىشلارغا بىر قانچە قېتىم يولۇققان، بىراق ھەر قېتىم ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى كېچىكىپ قېلىپ ئەڭ قارشى ئېلىنمايدىغان مېھمانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدىم). ئەگەر سىز بىر ئەردىن ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا توي قىلغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭ ئايالى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقىتنىڭ قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى سورىسىڭىز، ئۇ جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئاياللار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى قاچان پارتلىدى، دۆلىتىمىز تۇنجى سۈنئىي ھەمراھنى قاچان قويۇپ بەردى دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئەرلەر سورىغان بۇ سوئاللارغا ئىنتايىن ئېنىق جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئاياللار مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە بىر ئىنسان، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغىنى قانداقتۇر بىر يېڭى سوۋغات بولماستىن، بەلكى ھۆرمەت. ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەتلا باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئورنى بارلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ يەردە مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى تەكرارلاپ ئۆتمەكچىمەن، بۇنىڭ بەلكىم نۇرغۇن ئائىلىلەرگە پايدىسى تېگىشى مۇمكىن:

«بارلىق ئەركەكلەر، سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ياكى باشقا پائالىيەتلىرىڭلارنىڭ ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قالساڭلارمۇ، ھەرگىز ئاياللىڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ياكى توي قىلغان خاتىرە كۈن ۋاقتىنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار. ئۇلارغا سوۋغات ئېلىپ بېرەلمەسەڭلارمۇ پەقەت ئۇلارغا Kiss سوۋغا قىلساڭلا كۇپايە».

## خۇشاللىق

كەچ سائەت 12 دىن ئاشتى. سېستىرا قىزنىڭ كەچلىك ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تەكشۈرۈشىمۇ ئاياغلىشىپ، كارىدوردىكى ئاياغ تېۋىشىمۇ بىر ـ بىرلەپ يوقالدى. بۇ ۋاقىتتىكى جىمجىتلىق، ئادەمنى ھاياتنىڭ قاينام شاتلىقىدىن ئەمەس، بەلكى چەكسىز كائىناتنىڭ سۈرلۈكلىكىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ئاچچىق ئەسلىمىلەر قەلب تورىمىزغا ئۇرۇنۇپ كىرىپ كۆرۈنمەس زەنجىردەك ھېسلىرىمىزنى بارلىق ئىش ھەرىكىتىمىز ھەم خىياللىرىمىز بىلەن چەمبەرچەس باغلايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ۋاقىت ئۆز ھاياتىدىن يەكۈن چىقارماقچى بولغان ياكى ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈرەش نىشانىنى تاپماقچى بولغان ھەرقانداق كىشىگە نىسبەتەن ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت بولسا كېرەك.

مەن ئېگىشىپ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان خاتىرە بەتلىرىنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، ئاستىلا بىر ـ بىرلەپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم. تۇساتتىن چوڭ يول تەرەپتىن ئاڭلانغان ناخشا ئاۋازى بارلىق خىيالىمنى بۆلىۋەتتى. بەلكىم ئەمدىلا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆيىگە قايتىۋاتقان بىرسى ناخشا ئېيتىۋاتقان بولسا كېرەك، ناخشا ئاۋازى جىمجىت كېچە ئاسمىنىنى يېرىپ ياتاق ئىچىگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، مەن زەڭ سېلىپ ئاڭلاشقا تىرىشتىم.

چۈشلىرىمدە كۆردۈم مەن بىر دۇنيا،
گۈزەللىكلىكى بەئەينى جەننەت.
كامال تېپىپتۇ يۈكسەك مۇھەببەت،
يوق ئىكەن ئۇنىڭدا ھەم نەپرەت.
بارچە دىللار ئىكەن شادىمان،
بولمىغاچ ئۇنىڭدا غەيۋەت ـ شىكايەت...

...Happy birthday to You. Happy birthday to You. H ئاۋاز بارغانچە يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن زەڭ سېلىپ ئاڭلاشقا تىرىشقان بولساممۇ، ئاخىرىنى زادىلا ئاڭلىيالمىدىم. بىراق مەن ئۇنى ئېنىق پەرەز قىلالايـ

مەنكى، بۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشقا، گۈزەل ھاياتلىققا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى.

مۇشۇ تاپتا كۆڭلۈمدە يېڭىچە بىر خىل ئىلھام تۇيغۇسى ھاسىل بولۇۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ بىر قانچە كۈندىن بېرى ئويغۇچىلىقتا يېزىپ، بىر ـ بىرىگە قولاشماي كېتىۋاتقان تېمىلارنىڭ تېخىمۇ روشەن، كونكرېت ئىپادىلىنىشىگە ھاياتىي كۈچ قوشۇشى مۇمكىن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق كۈلكىلىرىنى ئىنتايىن ئاز ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولدى. ئۇلار ئىنتايىن پۇزۇر كىيىنگەن يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ياكى كوچىلاردا ئالدىراش يۈرىۋاتقان تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى بولسۇن، ھەممىشە چىرايلىرىنى ھارغىنلىق قاپلىغان، قاپاقلىرى چۈشكەن ھالدا ئېغىر قەدەملەرنى تاشلاپ ھاياتلىق يولىدا تېمىسقىلاپ يۈرىشىدۇ، بەلكىم بۇ ھەر خىل پەردازخانىلارنىڭ ھەم روھىي كېسەل دوختۇرخانىلىرىنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىنتايىن قىزىپ كېتىشىدىكى بىر سەۋەپ بولسا كېرەك.

مۇشۇ تاپتا مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ:

ئىلگىرى مەن تۇرغان بىنانىڭ ئالدىدا بىر قورۇلۇش ئورنى بارئىدى. ئالدى تەرەپتىكى دېرىزىدىن ھەممىسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. قورۇلۇش ئورنىدىكى ئىشچىلار ھەركۈنى تاڭ يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇشاتتى ـ دە، يول ياقىسىغا ۋاقىتلىق سېلىنغان ئۈستى ئوچۇق ئاشخانىدا ئازراقتىن بىر نەرسە بىلەن قورساق توقلىشىۋالاتتى. ئارقىدىن ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. ئادەتتە ئۇلار چۈشلىكى تاماقنى يېمەيتتى، ھەتتا ئارامنمۇ ئالمايتتى. كەچلىكى بولسا ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەندىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈپ، كەچلىك تاماقنى يېيىشكەندىن كېيىن يول ياقىسىدىكى دەرەخ ئاستىغا يىغىلىشىپ كىمدۇر بىرى تىرىكچىلىك ئۈچۈن دۇتارغا جۆر بولۇپ ناخشا ئېيتىشاتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا كەچ سائەت ئون ئىككىگىچە ئولتۇرۇشاتتى. مەن بۇلارنى كۆرۈپ ئۇلاردىكى بۇ خىل شاد ـ خورامـلىـق روھ نـەدىن كەلگەندۇ دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگىنى، كىيگىنى ئارىمىزدىكى ھەرقانداق ئادەمدىن ناچار، ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى باشقىلار قىلىشنى خالىمايدىغان ھەم ئېغىـر ھەم پاسكىنا بولغان تاش، توپا توشۇش، لاي ئېتىش، ئورەك كولاش، تام قوپۇرۇش دېگەندەك ئىشلار ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار دەم ئېلىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ يانتىغا كىردىم. ئۇلار مېنى كۆرۈپ، ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپلا قېلىشتى. بەلكىم مەن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە باشقا بىر خىل تۇردىكىلەردىن يەنى قارشى ئېلىنمايدىغان مېھماندۇرمەن. ئېھتىمال بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھاسىل بولغان كۆزگە كۆرۈنمەس مۇستەھكەم ئېگىز تامنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك.

بىراق مەن كىچىكىمدىلا يېزىدا چوڭ بولغانلىقىمدىن تېزدىنلا ئۇلار بىلەن چىقىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە پەقەت ئازراق پۇل تېپىپ ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداش، ياكى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى دوختۇرغا كۆرسىتىش، خېمىيۋى ئوغۇت ۋە سولياۋ سېتىۋېلىپ كېلەر يىللىق تېرىقچىلىققا تەييارلىق قىلىش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلەۋېتىپتۇ. مەن ئۇلاردىن:ــ «سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ قەۋەتلىك ئۆيلىرىڭلارنىڭ بولۇشىنى، باشقىلارغا ئوخشاش شەھەرمۇ ـ شەھەر ئايلىنىپ ساياھەت قىلىشنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟»ــ دەپ سورىسام، ئۇلار كـۈلـۈپ تۇرۇپ:ــ «ئويلاپ باقماپتىكەنمىز»ــ دېيىشتى.

بەلكىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا ئىنتايىن زور ئۈمىدلەرنى باغلىمىغانلىقى، ئارتۇقچە خىيال ـ ئارزۇلاردىن خالىي بولۇپ ھەر بىر مىنۇتنى ھەقىقىي، ئەمەلـىي ئۆتكۈزگەنلىكى ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك خۇشال ـ خۇرام بولۇشىدىكى سەۋەب بولسا كېرەك.

ئارىمىزدا مۇشۇنداق خۇشال ـ خۇرام كىشىلەردىن زادى قانچىسى بار؟ پۈتكۈل ھاياتىمىزغا سىڭىپ كىرىۋاتقان ئۆچمەنلىك، نارازىلىق، ھەسەت قىلىش، ئاغرىنىشلار قانچىلىغان كىشىلەرنى ئۆز قوينىغا يۇتىۋاتىدۇ؟

ئادەتتە نەچچە مىڭلىغان كىشى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىن نارازى، خۇشال ـ خۇرام ئەمەسلىكىنى ئېيتسا، بۇ ئانچىلىك ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، بىـراق نەچچە ئون مىڭلىغان كىشى ئۆزىنىڭ ھەممىگە نارازى، خۇشال ـ خۇرام ئەمەسلىكىنى ئېيتسا، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايدۇ.

ئەگەر بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ھەددىدىن يـۇقـىرى كەلسە ـ كەلمەس ئارزۇ ـ مەقسەتلەرنى نىشان قىلىۋېلىپ، قارىغۇلارچە تىرىشچانلىقىمىزنىڭ مـەھـسۇلى

دېمەك بۇ ئىنتايىن يۇقىرى تەپەككۇر، شۇنداقلا تەسەۋۋۇر، ئىنتىلىش كۈچىگە ئىگە ئىنسانلارغا نىسبەتەن سەۋەب بولالماسلىقى مۇمكىن.

رېئالنى تۇرمۇشتا مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاغرىنىپ يۈرۈشكەنلىرىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال ھەر كەسىپلەردىن بار. 40 يېشىدا دوتسېنت ياكى بۆلۈم باشلىقى بولغانلار ئانچە خۇشال ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار تېخىمۇ يۇقىرى ئۇنۋان ـ مەنسەپلەر قابىلىيىتىنىڭ تايىنى يوق، بىكار تەلەتلەر ياكى ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرىدىغان شۇمتەكلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كەتتى، دەپ ئاغرىنىپ يۈرىشىدۇ.

ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى ياكى ئىشچىغا ياتلىق بولغانلار ئانچە خۇشال ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار تونۇيدىغان بەزىلەرنىڭ يولدىشى يۇقىرى مەنسەپلىك بانكىدا نەچچە تۈمەنلەپ پۇلى بولۇشى، قەۋەت ـ قەۋەتلىك ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرۇشى مۇمكىن.

ئەجەبا، خۇشال ـ خۇرام بولۇش شۇنچىلىك تەسمۇ؟

بەلكىم كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ خۇشاللىقتىن گەپ ئېچىشىم توغرا بولمىغاندۇ، بەلكىم راستىنلا گەپ ئېچىشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندۇ. چۈنكى، مەنمۇ پۈتكۈل ھاياتىمنى بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزۈم خالىمايدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلاش، غايىۋى ئارزۇ ـ ئارمانلار ئۈچۈن قىلىنغان تىرىشچانلىقلار ئىچىدە ئاققان سۇدەك ئۆتكۈزىۋەتتىم.

ئەسلىدىنلا خۇشاللىق جىمى ھاياتلىقلارغا مەنسۇپ، پەقەت ئەجەللا بىزدىن خۇشاللىقنى بىر ـ بىرلەپ تارتىۋالىدۇ. خاتىرەمنىڭ ئالدىنقى بەتلىرىدە «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى — خۇشاللىق» دەپ يازغان ئىدىم. بەلكىم ئەسلىدىنلا ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ جەريانى ھەم مەقسىدى خۇشاللىق ئۈچۈندۇر. ئويلىسام كىچىك چېغىمدا ئاڭلىغان مۇنداق بىر ھېكايە ئىنتايىن ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆز زامانىسىدا پۈتكۈل دۇنيانىڭ يېرىمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىكەن. بىراق ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا يېنىدىكىلەرگە قاراپ: — «مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئىككى قولۇمنى تاۋۇتنىڭ ئىككى يېنىدىن چىقىرىپ قويۇڭلار» — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يېنىدىكىلەر بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى سورىغاندا ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ تۇرۇپ: — «پۈتكۈل ئۆمرۈمدە يىلمۇ ـ يىل ئۈزۈلدۈرمەي جەڭ قىلىپ، دۇنيانىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدىم. ئىگە بولغان نام ـ شۆھرەت، مال ـ دۇنيا ھەم گۈزەللىكلەر ھەددى ـ ھېسابسىز، بىراق مەن ئۇ دۇنياغا قۇرۇق ـ قول كېتىشكە تەييارلىنىۋاتىمەن. بۇنى پۈتكۈل دۇنيا ئەھلى شۇنداقلا بارلىق ئەۋلادلار ئەبەدىل ـ ئەبەد ئېسىدە تۇتسۇن» — دەپتۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئېسىمدە شۇنچە ئېنىق تۇرغانلىقىنى ئۆزەممۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. بەلكىم تەسىر قىلغان بىر تەرەپلىرى بولسا كېرەك.

مۇشۇ تاپتا مېڭەمنىڭ تېلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، بەلكىم ئارام ئالىدىغان ۋاقتىم بولغان بولسا كېرەك.

دېرىزىدە كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغ نۇرلىرى ئاققان سۇدەك ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چاقناپلا يوقىلىدۇ، يەنە پەيدا بولىدۇ. بىردەم ـ بىردەم ماشىنىلارنىڭ سىگنال ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئېھتىمال سېسترا قىزنىڭ دوستى ئۇنى ئالغىلى كەلگەن بولسا كېرەك.

قايناق ھاياتنىڭ قايناملىرىدا خۇشال ئۆتۈڭلار، دوستلار، خۇشاللىق سىلەرگە مەڭگۈ ھەمراھ بولسۇن.

## مۇھەببەت ھەم نىكاھ

بۈگۈن سەھەرلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇ بىر قانچە كۈندىن بېرى، پۈتكۈل بەدىنىمنى چىرمىغان ئاغرىقنىڭ خېلىلا يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، سېسترا قىزنىڭ دورا ـ ئوكۇللارنى ئېلىپ كىرىشىنى كۈتمەيلا، ئايلىنىپ كىرىش مەقسىتىدە ئۇزۇن كارىدورنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ياتاق ئالدىدىكى گۈللۈككە چىقتىم. شۇنچە سەھەر بولغىنىغا قارىماي ئۇسسۇلچىلاردەك ئوخشاش كىيىنگەن بىر نەچچە قىز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتاتتى. ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقتا بولسا چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان بىر جۈپ ئەر ـ ئايال، بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بالىلارنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتاتتى. مەن

ئاستا قەدەملەر بىلەن كۆللۈك ئوتتۇرىسىدىكى چىغىر يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم. بالىلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈۋېتىپ تۇساتتىن بىر خىيال مېڭەمگە كىرىۋالدى.

نېمە ئۈچۈندۇر يېقىنقى يىللاردىن بېرى قىز بالىنىڭ سانى بارغانچە كۆپىيىۋاتىدۇ. مەن تونۇيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بالىلىرى قىز، تېخى بىر ـ بىرسىدىن چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار چوڭ بولغاندا مۇۋاپىق لايىق تېپىشمۇ بىر گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

رېئال تۇرمۇشىمىزدا ھەرقانداق بىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى، ئوغلى سىرتتىن بىر قىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرسە، ئۇ سېنى «يارايسەن ئوغلۇم» دەپ كۆككە ئۇچۇرۇپ ماختىغان بىلەن، ئەگەر قىزى سىرتتىن بىرەر ئوغۇلنى باشلاپ ئىشىكتىن كىرىپ بولغىچە ئۇنى تىللاپ قوغلىۋېتىشتىن يانمايدۇ. بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى يەرگە ئۇرغانلىق ھېساپلانسا كېرەك.

تونۇگۈن كەچ ھەرقايسى رايونلاردىن مېنى يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن بىر قانچە ساۋاقداش ھەم دوستلىرىم ئۇزاققىچە پاراڭلاشتۇق. بىراق تېمىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش مەسىلىلىرى يەنى جەمئىيەتتە بارغانچە ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان «ئاققۇن مۇھەببەت»، بولۇپمۇ توي قىلىپ ئاجرىشىدىغانلارنىڭ بارغانچە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە بولدى. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مۇھەببەت ھەم نىكاھ ھەققىدىكى ئوي ـ خىياللار مېڭەمنى چىرماپلا ئالدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئەينى يىللىرى قايسى بىرسىنىڭ «ھايات مۇھەببەتكە موھتاج، مۇھەببەت مېھرى ـ شەپقەتكە موھتاج»، «مۇھەببەت گويا بىر موقەددەس تۈۋرۈك، نىكاھ، شۇنداقلا بارلىق مەجۇدات ئۇنىڭ بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ» دەپ ئېيتقانلىرى نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ يادلاپ، خاتىرە بەتلىرگە كۆچۈرۈپ ساقلايدىغان يالدامىغا ئايلانغان ئىدى.

ھالبۇكى، كۆز ئالدىمىزدا «مۇھەببەت» ئۈچۈن ئەقىلدىن ئاداشقان، نىكاھ ئۈچۈن خانىۋەيران بولغان كىشىلىرىمىز تولۇپ تۇرۇپتۇ.

بەلكىم بۇ بىزدىكى بىر ـ بىرىمىزگە بولغان ئېپۇچانلىق ھەم سەۋرى ـ تاقەتنىڭ بارغانچە ئازلاپ كەتكەنلىكى ياكى يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

مەن تۇرمۇشتا، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ياكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ داۋاملىق دېگۈدەك بىر ـ بىرگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈشىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن. چۈنكى، بۇ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، كۈندىلىك ئالاقە بىزنى توختىماي يېڭى شەيئى ھەم يېڭى ئېقىن پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەۋاتقان بىر شارائىتتا بىر ـ بىرسىنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، پىكىر قىلىش يولىنى توسۇپ، تۇرمۇشنى مەنىسىز، يېقىملىق يوق ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئاخىرىدا بىر ـ بىرسىدىن زېرىكىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. مېنىڭچە قايسى بىرسى ئېيتقىنىغا ئوخشاش مۇھەببەت گويا بىر سىقىم قۇمغا ئوخشايدۇ. ئۇنى ئالقىنىمىزغا ئېلىپ مۇۋاپىق سىقساق جۇغلىنىپ تۇرغان بىلەن ئازراق كۈچەسەكلا ئۇ بارماقلىرىمىز ئارىسىدىن چۈشۈپ تۈگەيدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ مۇھەببەت ياكى نىكاھنى مەقسەتلىك تۇتۇپ قالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر ـ بىرىمىزنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، قىزىقىش جەھەتتىكى ئورتاقلىق، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى ئارتۇقچىلىق ھەم كەمچىلىك، شۇنداقلا ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنىڭ تەدرىجىي جۇغلىنىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئىنتىلگەنسېرىمىز، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى يوقىتىپ، ئادەم بولۇش پرىنسىپىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ، ئۆز ـ ئارا بولۇشقا تېگىشلىك، ئەپۇ قىلىش ھەم چۈشىنىشنى يوقىتىپ، مۇھەببەتنىڭ ئەسلى گۈزەللىكىنى تېخىمۇ خاراپ قىلىۋېتىمىز.

تويۇقسىز تەككەن بىر نەرسە بارلىق خىيال، ئوي پىكىرلىرىمنى بۆلۈۋەتتى. ئۇدۇلۇمدا كىچىك قىزچاق توپنى تۇتۇپ تۇراتتى. ھېلىقى ياشانغان بىر جۈپ ئەر ـ ئايالمۇ تېخىچە بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. بەلكىم ئۇلار 40 يىل ھەتتا 50 يىللارنى مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ، ئۆز ـ ئارا ئەپۇ قىلىپ ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولغىيدى. مەن ئەتىكەنلىك تەكشۈرۈش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتاققا قاراپ ماڭدىم.

شەھەر

كۆن ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بۇ چاغدا ھەر خىل شەكىلدە بېزەلگەن شەھەرنىڭ كوچا چىراغلىرى بوشلۇقتا ئېسىپ قويۇلغان يۇلتۇزدەك، كېچىنى باشقا تۈسكە كىرگۈزىدۇ.

ئىككى تەرىپى قەۋەت - قەۋەت بىنالار بىلەن قاپلانغان ئاۋات كوچىلاردا ئالدىراش يۈرۈشۋاتقان ياكى يالغۇز يۈرۈۋاتقانلارنىڭ سانى بارغانچە ئازىيىپ جۈپ - جۈپ كېتىۋاتقان قېرى - ياشلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

ئۇلار بىر تەرەپتىن شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلانسا، بىر تەرەپتىن قىزىقارلىق پاراڭلارنى سېلىشىپ سىپايە قەدەملەر بىلەن ئۆز يولىغا راۋان بولۇشىدۇ. بۈگۈنمۇ ئازراق بىر نەرسە يېزىشنى ئويلىغان بولساممۇ، بىراق مېڭەمنىڭ قوپقۇرۇق ھېچقانچىلىك ئىلھامى يوقلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، پەلتويۇمنى كىيىپلا سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

غۇرقىراپ چىقىۋاتقان باھار شامىلى ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك ئۇرۇلىدۇ. كوچىلاردا كېتىۋاتقان كىشىلەر يۈزلىرىنى كىيىملەرنىڭ ياقىسى بىلەن توسۇشۇپ ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. يول ياقىسىدا خېرىدار ساقلاۋاتقان ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ئۆتۈشۋاتقان كىشىلەرنى بىر نەرسە سېتىۋېلىشقا چاقىرىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، باغچا يېنىدىكى چوڭ كۆۋرۈك تەرەپكە بۇرۇلدۇم، كۆۋرۈك يېنىدىكى تارچوقتا نەچچە ئونلىغان نامرات سەرگەردانلار توڭگۇلۇپ ئولتۇرۇشىدۇ.

ئۇلار شەپە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ جىمىپ قېلىشتى. بەلكىم كوچا باشقۇرغۇچىلارنىڭ كېلىپ قوغلىشىدىن ئەنسىرىمىسە كېرەك.

مۇشۇ تاپتا كۆڭلۈمدە قانداقتۇر بىر غەشلىك پەيدا بولۇۋالدى. نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى بىر ئۇلۇغ شەخسنىڭ «ئاھ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە دېگەن چوڭ» دەپ مۇراجىئەت قىلغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قانچىلىغان كىشىلەر مۇشۇنداق ئاھ ئۇرار...

ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. ئۆزەمنىڭ يول ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم - دە، دەرھال ئۆزەمنى چەتكە ئالدىم. ماشىنا شوپۇرى بىر نېمىلەرنى دېدى - دە، كېتىپ قالدى. بەلكىم ئۇ «ئۆلگۈڭ كەلگەن بولسا مېنى ئىزدىمەي، باشقىلارنى ئىزدە» دېگەندۇ. چۈنكى، بۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېقىۋاتقان بىر جۈملە سۆز. يانغا بۇرۇلۇپ باغچا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. يول ياقىسىدىكى قاتار - قاتار ئورۇندۇقلار قوپقۇرۇق. مەن چەترەك بىر يەرنى تاللاپ ئولتۇردۇم - دە، ئەتراپقا نەزەر سالغاچ چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتۈم.

قەۋەت - قەۋەت بىنالار، نېمە ئىزدىسە شۇ تېپىلىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى بازارلار، رەڭگارەڭ كىيىنگەن كىشىلەر، كوچىلاردا پاتماي كېتىۋاتقان ماشىنىلار، بىزگە بىر ئاۋات زامانىۋى شەھەر مەنزىرىسىنى ئەسلەتسە، مىنۇت، سېكۇنت توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، ئوغرىلىق قاتارلىق ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان ھەر خىل ۋەقەلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر، كوچا - دوقمۇشلاردا يۈرىشۋاتقان سەرگەردان، نامراتلار ئادەمدە بىر خىل غەشلىك تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلىدۇ.



يېقىندا بىر تونۇشۇم ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەردى:

بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئۆيىگە قايتىش يولىدا بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى، خېلى بىر ۋاقىت ماڭسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ يەنىلا ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ - دە، بۇلاڭچى ئوخشايدۇ

دەپ ئايغىنىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي يۈگۈرگىنىچە ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ ئۆيىگە كېلىۋاپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ ھېلىقى كىشىنى يەنە كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە بۇ كىشى ئۇنىڭ بىرىنچى قەۋەتتە ئولتۇرغىلى بىر قانچە يىل بولغان تېخىچە تونۇشمىغان قوشنىسى ئىكەن. گەرچە بۇ ئادەمگە ئانچە قىزىقارلىق تۇيۇلمىسىمۇ، يەنىلا ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا نەچچە قەدەمدە بىر تىمسىقلاپ يۈرگەن كوچا ساقچىلىرى، ئۆيلەرگە ئورنىتىلغان قەۋەت- قەۋەت تۆمۈر ئىشىك- دېرىزىلەر، نەچچە ئاچقۇچ سالغاندىن كېيىن ئېچىلىدىغان خاسىيەتلىك قۇلۇپلار ...بىز يەنىلا غەم- ئەندىشىدىن خالىي بولالمايۋاتىمىز. بۇ ھەقتە ھەر كۈنى دېگۈدەك گېزىت- ژۇرنال، رادىئو- تېلېۋىزورلاردا نۇرغۇن خەۋەرلەر بېرىلىۋاتىدۇ. تېخى بەزىلەر تەپ تارتماي ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئاچلىق دەستىدىن چىرايلىرى كۆكىرىپ، قەھرىتان سوغۇقلاردا يېلىڭ كىيىملەر بىلەن دۈگدىيىپ يۈرۈشكەن بىچارە سەرگەردان نامراتلارنىڭ زىممىسىگە ئارتماقچى بولىۋاتىدۇ. تېخى گېزىت- ژۇرناللارنىڭ باش بەتلىرىنى تالىشىپ ياتقان ھەر خىل مەدھىيە- ناخشىلىرى ھەم «يۈكسەك باھا» لار بىلەن ئاخىرقى بەتلىرىنى توشقۇزۇپ تۇرغان، يوغان قىلىپ يېزىلغان، نامراتلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېگەن تېمىلار ئادەمدە بىلىپ يەتكۈسىز كاڭگىراش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ زادى تەنقىدمۇ؟ ياكى مەدھىيىمۇ؟ تۇساتتىن بېرىلگەن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. ئاق رەڭلىك بىر كىچىك ماشىنا باغچا يېنىدىكى تار يولنى بويلاپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يول ئېغىزىدا توختىدى. مەن كۈچلۈك چىراغ يورۇقىدا سائىتىمگە قارىدىم. خېلى ۋاخ بولۇپ قاپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدىم. ماشىنا يېنىدا بىر قىز تاقەتسىزلىك بىلەن قوللىرىنى ئۇۋۇلىغاچ پۇتلىرىنى پات- پات يەرگە تاقىلاپ تۇراتتى. يىگىت بولسا ماشىنا شوپۇرى بىلەن كىرا ھەققى ئۈستىدە تالاش- تارتىش قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھەدەپ بۈگۈن ماشىنا كىراسى ئۈچۈنلا نەچچە يۈز يۈەن خەجلەپ يېنىدا ئانچە كۆپ پۇل قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىۋاتاتتى.

شوپۇر بولسا يىگىتكە پۇلى ئاز بولسا نېمە ئۈچۈن پىيادە ماڭمىغانلىقى ياكى كوچا ئاپتوۋۇزىغا ئولتۇرمىغانلىقىنى تەنە بىلەن ئېيتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشىغاچ ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بۇرۇلۇپ چوڭ يولغا چىقتىم. تۇساتتىن بۇ يىگىتكە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. شەھەر تۇرمۇشىدا تەڭتۇشلىرىمىزدىن بۇ خىل ئەھۋالغا ئۇچرىغانلار ئاز بولمىسا كېرەك. بۇ يىگىتنىڭ قىلغىنىنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ. خەقنىڭ قىزى نەچچە سائەت ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، چىرايلىق كىيىنىپ، تارىنىپ چىقسا ئۇنى قىستاڭچىلىق ھەم پاسكىنىچىلىقتا تولغان كوچا ئاپتوۋۇزىغا چىقىرىشقا ياكى پىيادە ماڭدۇرۇشقا كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنىسۇن. مەن ھەر خىل خىياللار بىلەن دوختۇرخانا دەرۋازىسىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيلا قالدىم.

سىستېرا قىز تاقەتسىزلىك بىلەن مېنى ساقلاۋاتاتتى.

—«ئادەمنى تولىمۇ ئەنسىرەتتىڭىز»—دېدى ئۇ ئاغرىنىش ئاھاڭى بىلەن.

مەن «كەچۈرۈڭ» دېيىشكە ئادەتلەنمىگەنلىكىمدىنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ: —«بۈگۈن ھاۋا خېلى سوغۇق، سىزگە سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن يەنە»—دېدىم- دە، ئۇنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشىنى كۈتمەيلا ئاستا قەدەملەر بىلەن ياتاق تەرەپكە ماڭدىم.

## ۋاپا ھەم ھۆرمەت

چۈشكە يېقىن بىر قانچە ئوقۇغۇچۇم يوقلاپ كىردى. مەن قوشنا ياتاقتىن بىر قانچە ئورۇندۇق ئارىيەت ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم ھەم ئۇلار بىلەن قانداق ئۆگىنىش، نېمىلەرنى ئۆگىنىش توغرىلىق ئۇزاقىچە پاراڭلاشتىم.

ئادىتىم بويىچە ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىشى لازىملىقىنى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئامالىنىڭ بارىچە مۇھەببەتلەشمەسلىكىنى، بۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقىت ھەم ئادەمنىڭ زېھنى- قۇۋۋىتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، بۇلاردىن كېيىنچە ھەقىقىي ھالدا ئائىلە قۇرغانلارنىڭ بەش پىرسەنتىكىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى نۇرغۇن مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈشنىمۇ ئۇنتۇمىدىم. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا ئۇلارغا داۋاملىق چەت ئەل تىلىدىن


ئېرىقنى يىغلاپ چاپساڭ، سۇنى كۈيناپ تۇتىسەن.

تەكرار قىلىپ بىرىدىغىنىم ھەققىدىمۇ ۋەدە بەردىم.

ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، روھىي كەيپىياتىمنىڭ ياخشى تۇرسىمۇ، بىراق ئورۇندۇقتا ئۇزاق ئولتۇرغاچقىمۇ پۇت - قولۇمنىڭ بىر ئاز تېلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، ئۆزەمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. يېتىۋېتىپ تۈيۈقسىز يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى مېنى بارغانچە ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېتىۋاتقان «بالىلار پروگراممىسى» نىڭ چۈشتىن كېيىنلىك ئاڭلىتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم - دە، رادىئونى قولۇمغا ئېلىپ ئۇنى توغرىلىدىم. پروگرامما يېتەكچىسى كىچىك دوستلاردىن سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزگىچە قىزىقارلىق ئاھاڭدا ھېكايە سۆزلەۋاتاتتى.

بۇرۇن بىر يايلاقتا ئات، تۆگە، توشقان قاتارلىق نۇرغۇن ھايۋانلار ياشايدىكەن. ئۇلار ئۆم — ئىتتىپاق بولغانلىقتىن، ھەر قېتىم يولۋاس، بۆرە قاتارلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ۋاقتىدا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەۋەلىكىگە كىرىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىغا زادىلا يول قويمايدىكەن. بىر كۈنى نۇرغۇن قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن چىقىم تارتىپ، تېخىچە يايلاقنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن يولۋاس كۆڭلىدە باشقىچە پىلان تۈزۈپتۇ - دە، تۆلكىنى چاقىرتىپ ئۇنى ئوغرىلىقچە يايلاققا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

تۆلكە ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كەپتۇ - دە، يولۋاسقا ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئىتتىپاق، ئۆم ئىكەنلىكىنى، پەقەت تۆگىنىڭلا مېنىڭ بويۇم ھەممىدىن ئېگىز تۇرۇپ نېمىشقا يەنىلا ئاتقا بويسۇنغۇدەكمەن دەپ نارازى بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ - دە، تۆلكىگە قاراپ: سەن دەرھال بىر قىسىم ئالتۇن - مەرۋايىتلارنى ئېلىپ تۆگىنىڭ قېشىغا بار. ئەگەر ئۇ بىزگە ياردەملىشىپ يايلاقنى قولغا چۈشۈرۈشۈپ بېرىدىغان بولسا مەن ئۇنى يايلاق پادىشاھى قىلىپ تەيىنلەيمەن — دەپتۇ.

تۆلكە تۆگىنى ئىزدەپ بېرىپ، بۇ ئىشلارنى ئېيتقان ئىكەن، تۆگە ئانچە ئويلانمايلا ماقۇل بوپتۇ. شۇ كېچىسى تۆگە ئۇلارغا ئۆزى ساقلاۋاتقان يول ئېغىزىنى ئېچىپ، باشقىلارنىڭ بار جايىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

پۇتۇنلەي تەييارلىقسىز تۇرغان بىچارە ھايۋانلار يولۋاسنىڭ قاتتىق قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراپتۇ. يايلاقلار قانغا بويۇلۇپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە يولۋاس يايلاقتىكى جىمى ھايۋانلارنى يىغىپ پادىشاھ بولۇشنى تەما قىلىپ تۇرغان تۆگىگە ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىپتۇ. بۇنىڭدىن كۆپچىلىك ئىنتايىن ھەيران بولۇپ نېمە ئۈچۈنلىكىنى سوراپتۇ. يولۋاس ئۇلارغا قاراپ: — «ئۇ ئازراق مەنپەئەتنى دەپ ئۆز قەۋمىگە ۋاپا قىلمىغان يەردە، بىزگە ۋاپا قىلامدۇ»، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاۋېتىپ توساتتىن ئىلگىرى مەن بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغان بىر قىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەن بىر ئىشى يادىمغا كەلدى:

بىر كۈنى ئۇ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىتى بىلەن كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپتۇ. ئاپتوبۇستا پەقەت بىر كىشىلىكلا ئورۇن بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ياشانغان بىر كىشى ئەمدى ئولتۇراي دېيىشىگە، ئۇنىڭ يىگىتى دەرھال ئورۇننى ئىگىلىۋاپتۇ - دە، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. قىز خىجىللىقتا نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ بۇ ئىشلارنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتقان ئىكەن، ئاتا - ئانىسى دەرھال توينى بىكار قىلىشنى قارار قىلىپتۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئاستىدا ئۇمۇ قوشۇلۇپتۇ. تۇرمۇش مانا شۇنداق، باشقىلارغا يەنە ياشانغانلارغا، چوڭلارغا، ئۆز ئاتا - ئانىسىغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم ھەرقانچە ياخشىچاق بولسىمۇ، يەنىلا باشقىلارنىڭ ھۆرمەت قىلىشىغا سازاۋەر بولالمايدۇ. داۋاملىق ئۆزىنىڭ كۆمەچىگە چوغ تارتىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان كىشىلەر ئاقىۋەتتە ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالىدۇ. دوستلىرى ئۇنىڭدىن بىر - بىرلەپ يىراقلىشىدۇ، ھەممە ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ. مەن قايسى بىر كىتابتىن «بالىلارنى ۋاپاسىز بولۇپ قالمىسۇن دېسەڭ، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا باشقىلاردىن مىننەتدار بولۇشنى ھەم ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەت» دېيىلگىنىنى كۆرگەنىدىم. بەلكىم بۇ ھەر بىر ئاتا - ئانا بولغۇچى ياكى تەربىيىچىگە نىسبەتەن بىر ئۆرنەك بولۇپ قالار.

ئىشكىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلىۋەتتى. سېستىرا قىز كەچلىك دورا ـ ئوكۇللارنى ئېلىپ كىرگەن ئىدى.

### بىز ئۆزىمىزنىڭ دۈشمىنى

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سېستىرا قىز مېنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىمنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئېھتىمال بۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئادىتى بولسا كېرەك. شۇ تاپ ئۇدۇل ياتاقتىكى كۈن بويى يۈز ـ كۆزىنى پۈركەپ يۈرىدىغان ياش ئايال خىيالىمدىن كەچتى، باشقىلاردىن ئاڭلىسام بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە ئۇنىڭ چىرايى پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىشىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ سىرتقىمۇ چىقمايدىكەن، ھەتتا يوقلاپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشكىلى ئۇنىمايدىكەن.

بۇلارنى ئويلاۋېتىپ قايسى بىرسىنىڭ: «بىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز يەنىلا ئۆزىمىز، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى يېڭىشى تەبىئەتنى يېڭىشىدىن تەس» دېگىنىنى ئېسىمگە ئالدىم.

دېمەك، بۇ ئىنسانلار نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە. ئەپسۇس، بىز تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ سايىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايۋاتىمىز.

ئۆز ھاياتىمنى ئېلىپ ئېيتسام مەنمۇ كىچىك چېغىمدا كەنتتىكى باشقا بالىلار بىلەن بىرگە ئويناشتىن قورقاتتىم. چۈنكى، چوڭ بالىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. كېيىن خىزمەت ئورنىغا چىققاندىن كېيىن يەنىلا باشقىلار ھەم قىزلار بىلەن پاراڭلىشىش ھەم ئارىلىشىشتىن قورقاتتىم. چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ خىزمەت شارائىتىمنىڭ ناچار، مائاشىمنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يۈز ئۆرۈپ كېتىشتىن ياكى تۆۋەن كۆرۈشىدىن ئەنسىرەيتتىم. نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن بىر كۈنى كوچىدا بىر پۇتى يوق، چىرايلىرىنى تاتۇق باسقان بىر كىشىنىڭ قولتۇق تايىقىنى تايانغان ھالدا مەغرۇرلارچە ناخشا توۋلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئايالنىڭ ئەگىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

بۇ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسى بولۇشىنى شۇندىلا بۇرۇنقى ئەنسىرەش، قورقۇشلارنىڭ پۈتۈنلەي ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنچىلىك ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى قانداقلارچە مىليونىر بولۇش، قانداق قىلىپ يۇقىرى ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىش ياكى قانداق قىلىپ باشقا ئالەملەردىن ھاياتلىق ئىزدەش بولماستىن، بەلكى ئادەتتىكى تۇرمۇش مەسىلىلىرى. بۇنىڭدا ئىشقا ئېشىش ئېھتىماللىقى بار بولغان نۇرغۇن كۆڭۈللۈك مەنزىرىلەر بار.

بىزنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز بار بولىسىمۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئىشقا ئاشمايدۇ.

بىراق بۇ يەردە ھېچنەرسە بىزگە توسقۇنلۇق قىلغىنى يوق، يەنە نېمە ئۈچۈن بىز ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالمايمىز؟

مەسىلەن: سىز ئەتىگەنلىكى ئۆيدىن ئايرىلغاندا ئانىڭىزغا «ئانا، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېيىشنى ئويلىسىڭىزمۇ دېيەلمەيسىز، بىراق ئاخشاملىرى قىز ياكى ئوغۇل دوستىڭىز بىلەن سىرتقا چىققاندا دېيەلىشىڭىز مۇمكىن.

مەسىلەن: چامغۇر، تۇرۇپ قاتارلىقلارنىڭ باشقا كۆكتاتلارغا قارىغاندا ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن مول، بۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇنى ئىشلىتىدىغانلار ناھايىتى ئاز. سەۋەب، ئۇنىڭ تەمىنىڭ ئازراق ئاچچىق بولغىنىدا، خالاس.

يەنە دوختۇرلار دائىم ئاياللارغا ئىچ كىيىمىڭلارنى قۇياش نۇرىغا يېيىپ قۇرۇتۇڭلار دەپ نەسىھەت قىلىسىمۇ، بىراق (داڭلىق كىنو ئەرتىسى ھەم ناخشىچى مارىلىنامۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بۇنداق قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئۇلار كېسەل بولۇپ ئاندىن داۋالىتىشقا رازىكى بۇنداق قىلىشقا رازى ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە قانداقتۇر جۈرئەت قىلالماسلىق ياكى خالىماسلىق دېگەن گەپ بار، بىراق بۇنداق قىلىش ئىقتىدارى يوق دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس.

پەيلاسوپلار: «ئەركىنلىك قانۇن دائىرىسى ئىچىدە ئىش كۆرۈش» دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. مەسىلەن: ئاپتوبۇستا يېنىڭىزدا ئولتۇرغان قىزغا ياكى ئوغۇلغا سەممىمىي ھالدا بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلاي دېسىڭىزمۇ ئۇنىڭ پىسەنت قىلماسلىقىدىن يا-

كى نارازى بولۇشىدىن ئەنسىرەپ دېمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

ھاۋا ئۇچۇق كۈنلىرى ئاسمانغا قاراپ «نېمە دېگەن ئۇچۇق ھاۋا» دېيىشنى، كىنوخانىدا ئولتۇرۇپ قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەر چىققاندا قاتتىق كۈلۈشنى ئويلىسىڭىزمۇ، بىراق ئەتراپىڭىكى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىدىن ياكى نەپرىتىدىن ئەنسىرەپ (ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولۇشى ناھايىتى ئاز) ئۆزىڭىزنى چۈشەپ قويغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

مانا بۇ ھەرقانداق ئادەم تامامەن قىلىشقا ھوقۇقلۇق ياكى قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى.

بىراق بۇنى قىلىپ كېتەلەيدىغانلار ئىنتايىن ئاز. سەۋەبى ئاددىيلا، بىز ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزدىن قورقىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. توساتتىن دېرىزىنىڭ چاراسلىغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. سىرتتا قاتتىق شامال چىقىۋاتقانلىقىنى، دېرىزىلەرنى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىگە قاراپ ماڭدىم.

## ئۆلۈم

تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن يىغا ئاۋازى ئۇيقۇمنى بۇزۇۋەتتى.

سائەتكە قارىسام كېچە سائەت بىر بولاي دەپتۇ.

مەن قوشنا ياتاقتىكى بوۋايغا بىرەر ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقتىم. كادىرور ئادەم بىلەن لىق توشقان ئىدى (ئېھتىمال ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بولسا كېرەك). بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى دوختۇر بوۋاينىڭ كارىۋىتىنى ئىتتىرىپ چىقتى. يىغا ئاۋازى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. بولۇپمۇ دائىم بوۋاينىڭ يېنىدا ھەمراھ بولىدىغان نەۋرە قىزنىڭ يىغىسى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سېرىلدۇرەتتى.

ھايات مانا مۇشۇنداق، سەن بۇ دۇنياغا كېلىسەنۇ يەنىلا ھايال بولماي كېتىپ قالىسەن. بەزىلەر سەن ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنىڭغا قاراپ «سەۋرى قىل، جەسۇر بول، كۆز ياشلىرىڭنى توختات. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئاللىقاچان نەملىشىپ بولغان» دەپ تەسەللىي بېرىشىدۇ. ھەممە مانا مۇشۇنداقلا ئاددىي.

مەن ئىلگىرى ئۆلۈم ھەققىدە ھەرخىل كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باققان، بىراق كېيىنچە بۇلارنىڭ رېئاللىقى تۇرمۇشقا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ ئويلىمايدىغان بولدۇم. ھازىرقى دەۋردە ئۇرۇش پەيتلىرىدەك ئۆز بەدىنى بىلەن دۈشمەن پىلىمۇتىنى توسۇپ، باتۇرلارچە قۇربان بولىدىغان ئۇنداق ياخشى پۇرسەت نەدە تۇرۇپتۇ. مەن قايسى بىرسىدىن ھەرقانداق كېسەلنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا بىر قېتىملىق ياخشىلىنىش باسقۇچىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىر خىل سىگنال ئىكەنلىكىنى يەنى پۈتكۈل بەدىنىدىكى كۈچىنىڭ يىغىلىپ ئارقىسىدىن ئاستا ـ ئاستا تارقىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. مانا بۇ چاغدا يۈرەك رېتىمىڭىزنىڭ سۈرئىتى تەدرىجىي ئاستىلاپ كۆز قارىچۇقلىرىڭىز چوڭىيىپ كۆز نۇرىڭىز ئاستا خىرەلىشىشكە باشلايدۇ. ئاخىرىدا كۈچەپ بىر نەپەس ئالىسىز ـ دە، ئاستىلا ئۈن ـ تىنسىز كېتىپ قالىسىز. مانا بۇ ئۆلۈم (مەن بۇنى پەقەت كىنولاردىلا كۆرگەن).

ئىلگىرى مەن بىر قانچە قېتىم قەبرىستانلىققا چىقىپ، مېيت نامىزىغا قاتناشقان ئىدىم. يەنى نۇرغۇن كىشىلەر (بەلكىم ئۇلار ئىچىدە سىزنىڭ دوستلىرىڭىز ھەتتا دۈشمەنلىرىڭىز بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئۆچ ـ ئاداۋەتنى ئۇنتۇغان) سىزنىڭ ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلىشىپ ئۆز ئارا تالىشىپ تۇرۇپ سىزنى كۆتۈرىشىدۇ. ھەتتا سىزنى يەرلىككە قويۇشتىن ئىلگىرى سىزنىڭ ئازادە يېتىشىڭىز، قىسىلىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن ئاۋۋال كىرىپ يېتىپ سىناپ باقىدۇ. ئۇلار رازى بولغاندىن كېيىن سىزنى ئاۋايلاپ ياتقۇزىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلىپ تۇپراققا قايتىسىز. مېنىڭچە بۇ ئەڭ ياخشى بولغان دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بولسا كېرەك.

مەن باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ كۆيدۈرۈش، سۇغا قويۇپ بېرىش، چۆلگە تاشلاش، ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋېتىپ قۇرۇتۇپ ساقلاش قاتارلىق دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن، ھەتتا بەزىلىرى سىزنىڭ باش سۆڭىكىڭىزنى ئايرىپ ئېلىپ جام ئورنىدا شاراپ ئىچىدىكەن ياكى گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئەينەك جاھازىلارغا تىزىپ قويىدىكەن. بۇمۇ بەلكىم ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىك

بولسا كېرەك. بىراق بىزنىڭ بۇنىڭدىن ئەنسىرىشىمىزنىڭ
هاجىتى يوق. پەقەت بىز بىپايان چەكسىز كەتكەن دەريا ـ
دېڭىزلارغا چۆكۈپ كەتمىسەك ياكى دەشتى ـ چۆللەردە قې-
لىپ، ئاچلىقتىن ياكى ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن جاندىن جۇدا
بولمىساقلا.

ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنىم ئۆلۈم ئالدى-
دىكى بىر قانچە ۋاقىت، هەرگىزمۇ ئۆلۈمنىڭ جەريانى ياكى
ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئەمەس. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئېغىر
كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىڭىزنى، ئەجەلنىڭ سىزدىن ئانچە
يىراق ئەمەسلىكىنى ئۇققان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ سىزنى
بىر غېرىبلىق تۇيغۇسى قاپسىۋالىدۇ. يولدا ئۇچرىغان هەر
بىر كىشى بىلەن ئۇزاقىراق پاراڭلىشىۋېلىشنى ئويلايدىغان،
تونۇش ياكى دوستلىرىڭىز بىلەن ئۇچراشقاندا ئىختىيارسىز
هالدا «مەن سىلەردىن بىرەر نەرسە ئارىيەت ئېلىپ قايتۇرماي
قالمىغاندىمەن؟» ياكى «سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى ئاغرىتى-
دىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويمىغاندىمەن؟» دەپ سورىغى-
ڭىز كېلىپ كېتىدۇ. كېچىلىرى بولسا كىچىك چاغلىرى-
ڭىزنى، ئۇرۇق ـ تۇغقان دوستلىرىڭىزنى دائىم ئويلايدىغان
بولۇپ قالىسىز هەم چالا قالغان ئىشلارنى تېزرەك تۈگىتىش-
نىڭ كويىغا كىرىسىز.

مانا بۇ دەل سىزنىڭ قەلبىڭىز ئويغىنىدىغان ۋاقىت،
بۇ بەلكىم بىزگە بېرىلگەن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمىزگە توۋا
قىلىش ۋاقتىدۇر. بارلىققا كېلىش هەم يوقىلىش بىر تەبى-
ئىي قانۇنىيەت.

يېقىندا پەن ـ تېخنىكا ژۇرنىلىدىن ئالىملارنىڭ
كىشىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆم-
رىنى نەچچە هەسسە ئۇزارتىش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ،
مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆردۈم. يىراق مەڭگۈ
هايات تۇرۇش هەققىدە بىرەرسىنىڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرى-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىم.

شۇڭلاشقا ئۇ هەر ۋاقىت سىزنىڭ كەڭگىڭىزدىن چىڭ
بېسىپ ئۆزىنىڭ غايەت زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نا-
مايەن قىلىپ تۇرىدۇ.

### دېڭىز ساهىلى

ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، بوۋاينىڭ ئۆلۈمى-
دىن قايغۇرغانلىقىمدىنمۇ كۆڭلۈمدە هەر خىل قالايمىقان
خىياللار ئەگىپ، كۆزۈم زادىلا ئۇيقۇغا بارمىدى.

«هەسرەت، قايغۇ ـ ئەلەم، دېڭىز سۈيىدىنمۇ
تۇزلۇق، سىز ئۇنى قانچە ئىچكەنسېرىڭىز، ئۇ سىزنى
شۇنچە چاڭقىتىدۇ».

بارلىق خىياللىرىمنى يىغىپ، ئىلگىرى بولۇپ
ئۆتكەن گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئەسلەشكە تىرىشتىم.
بىراق ئەڭ دەسلەپ خىيالىمدىن كەچكىنى يەنىلا دې-
ڭىز ساهىلى بولدى.

دېڭىز ساهىلى ـــ ئۇ تولىمۇ سىرلىق ماكان. بەل-
كىم ئۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇزلەڭلىككە ئايلى-
نىشى، بەلكىم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دېڭىز شاۋ-
قۇنى ئىچىدە ئۆزلىكىدىن دېڭىز قېنىغا ئايلىنىشى
مۇمكىن.

خىيالىمدا بىرسى چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەن
هالدا دېڭىز ساهىلىدا ئولتۇرىدۇ. تۇيۇقسىز كەلگەن
دېڭىز دولقۇنى ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتىپ هالاك قىلدى.
يىراقتىن بىرسى قىرغاقتا قاراپ ئۇزۇپ كېلىۋا-
تاتتى. ئەپسۇس قىرغاق تولىمۇ يىراق. ئۇ بارغانسېرى
ماغدۇرىدىن كېتىشكە باشلىدى. توساتتىن تۇيۇقسىز
كەلگەن شىددەتلىك دولقۇن ئۇنى دېڭىز ساهىلىغا
تاشلىدى. دېڭىز ساهىلىدىكى قۇشلار بۇ مۆجىزىدىن
هەيران بولۇشۇپ، بىر قانچە تال پەيلىرىنى تاشلاپ
ئۇچۇپ كېتىشتى.

ئالىي مەكتەپنىڭ تۇنجى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان
يىلىم ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە دېڭىز سا-
هىلىغا ئويۇنغىلى چىققان ئىدۇق.

ياز پەسلى بولغانلىقتىن ئۇ يەردە ئادەم ئىنتايىن
كۆپ ئىدى. يىراقتا قارىغىنىڭىزدا چەكسىز كەتكەن
كۆپكۆك دېڭىز سىزگە هاۋا ئوچۇق كۈنلىرىدىكى بى-
پايان ئاسماننى ئەسلىتىدۇ. دېڭىز ساهىلىدىن ئانچە
يىراق بولمىغان تاشلىقلاردىن قۇلۇلە قاپلىرىنى ئىز-
دەۋاتقان كىچىك باللار، دېڭىز قىرغىقىدا بىر ـ بى-
رىگە سۇ چېچىپ ئوينىشىۋاتقان ياش ئوغۇل ـ قىزلار
سىزگە هاياتىي كۈچكە تولۇپ ـ تاشقان باشقا بىر دۇن-
يانى ئەسلىتىدۇ.

چۈشتىن كېيىن بىز دېڭىز پورتىغا چىقتۇق.
يول بويى توختىماي قويۇلغان بېلىقچىلارنىڭ كې-
مىلىرى هەم ئىجارە بېرىلىدىغان كىچىك تېپلىق ما-

تورلۇق قېيىقلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى بىزنى توختىماي چاقىرىشاتتى ھەم ئۆزلىرىنىڭ قانچە يىللىق تەجرىبىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بىزنى دېڭىز چېگرىسىغىچە ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىشتى. بىز ئاخىرى تاللاپ يۈرۈپ بىر چوڭ تىپلىق ساياھەت كېمىسىگە چىقتۇق. ئۇنىڭ ئىچىگە ئورۇندۇقلار كېمە گىرۋىكىنى بويلىتىپ رەتلىك تىزىلغان، ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئۇزۇن ئۈستەل بىر قانچە كىچىك بالىلار تەرىپىدىن كارىۋاتقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

كېمە تېز سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، كېمىنىڭ سۇنى شىددەتلىك يېرىپ مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان دولقۇنلار بورغۇنلارنى ئۆرلىتىپ تامچىلارنى چاچرىتىپ تۇراتتى.

تەخمىنەن بىر يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن يىراقتا ئاق قىزىل سىزىقلىق بەلگە سىزىقى كۆرۈندى. ئۈستىنىڭ يېنىدا چوڭ تىپلىق بىر پاراخوت تۇراتتى (ئېھتىمال دېڭىز قوغداش ئەترىتىنىڭ پاراخوتى بولسا كېرەك). كېمە باشلىقى بىزگە قاراپ: — «چېگرىغا يېقىنلىشىپ قالدۇق، بۇنىڭدىن ئىچكىرىگە مېڭىشقا يول قويۇلمايدۇ» — دېدى.

بىز ئاستا ـ ئاستا بەلگە سىزىقىدىن يىراقلىشىشقا باشلىدۇق. دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سالقىن شامال ئادەمنىڭ يۈزىنى سىپاپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

بىز كېمىدىن چۈشۈپ دېڭىز ساھىلىغا قايتىپ كەلگەندە بىر قانچىمىز خاتىرە ئۈچۈن قۇلۇلە قېپى تېرىۋالماقچى بولدۇق. بىراق ۋاقىت قىستاپ قالغاچقا ھەم ئوقۇتقۇچىمىز بۇ قۇلۇلە قاپلىرى بەكلا ئەرزان، بىر يۈەنگە نەچچە ئون تال سېتىۋالغىلى بولىدۇ دېگەچكە بۇ نىيىتىمىزدىن يانىدۇق. قايتىشىمىزدا يول بويى دېڭىز ساھىلىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمىز توغرىسىدا توختىماي سۆزلەشتۇق. كېيىنكى يىللىرى دېڭىز ساھىلىغا بىر قانچە قېتىم چىقتىم. ئۇ زادىلا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. بۇ بەلكىم دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ياكى پەسىيىشىدىن بولسا كېرەك. مانا شۇنداق دېڭىز ساھىلى، ئۇ دۇنيادىكى تارىخى ئەڭ قىسقا ھەم ئەڭ ئۇزۇن بولغان ماكان. چۈنكى، ئۇ كۈنىگە نەچچە قېتىم يۇيۇلۇپ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقتىن ئۇنىڭدا تارىخنىڭ ھېچقانداق ئىزى قالمىغان.

### ئۈمىد

سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقتىم. ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن. بۇ بەلكىم خوشنا بوۋاينىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۈچەپ يۆتەلگەن ئاۋازى مەڭگۈ ئاڭلانمايدۇ.

سېستىرا قىزنىڭ ئاۋازى مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۆزەمنىڭ تېخىچە كارىدوردا ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىمنى ئېسىمگە ئالدىم ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ياتاق ئىچىگە يېنىپ كىردىم.

ئەتىگەنلىك تاماق ھەم بىر قىسىم كۈندىلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتكەندىن كېيىن بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە ئۆزەمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم.

بىر تاكامۇللاشقان دوختۇر ھەرگىزمۇ داۋالاش مۇمكىن بولمىغان بىر كېسەلگە چىقىپ كېتىشىنى بۇيرىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا تەسەللىي سۈپىتىدە يېسىمۇ ـ يېمىسىمۇ بولىدىغان ئەكس تەسىرى يوق دورىلارنى بېرىپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كېسەل ئەھۋالى سىزدىنمۇ ئېغىر بولغان بىر بىمارنىڭ تامامەن ساقىيىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدۇ، شۇنداق قىلىپ سىزدە غايەت زور ئۈمىد تۇيغۇسى ھاسىل قىلىدۇ.

شۇ تاپ بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئاڭلىغان بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەۋلىيا ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر كىشى تۇۋا قىلغىلى كەپتۇ. ئۇ كىشى ئەۋلىياغا قاراپ: — «مەن بىر جاللات، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم» — دەپتۇ.

— «مەنمۇ شۇ» — دەپتۇ ئەۋلىيا ئۇنىڭغا قاراپ.

— «سىز بىلمەيسىز، ھەر كېچىسى ئۆلگەن كىشىلەردىن ئاققان قان قۇلاق تۈۋىمدە شىرىلداپ تۇرىدۇ» — دەپتۇ.

— «مېنىڭمۇ شۇنداق» — دەپتۇ ئەۋلىيا.

ئاخىرى ئۇ كىشى بىر دەم ئولتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇنىڭدىن ئەۋلىيانىڭ شاگىرتى ھەيران بو-

لۇپ ــ ئۇستازىم، بۇ كىشى ئېھتىمال سىلىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى» ــ دەپتۇ.

ــ «ياق» ــ دەپتۇ ئەۋلىيا شاگىرتىغا قاراپ تۇرۇپ ــ «ئەكسىچە مەن ئۇنىڭغا ئۈمىد بەخش ئەتتىم، ئۇ بۇ دۇنيادا ئۆزىدىنمۇ ئۆتە بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئىشەنمىسەڭ ئارقىسىدىن چىقىپ قاراپ باق» ــ دەپتۇ.

شاگىرتى چىقىپ قاراپ باقسا راست دېگەندەكلا، دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەندە غەم باسقان چىرايى پورلىشىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن بۇ كىشى خۇشال ھالدا ناخشا توۋلاپ كېتىپ بارغۇدەك.

**ئۈمىد مانا مۇشۇنداق نەرسە**

ئادەتتە بىز ئازراق كېسەلگە مۇپتىلا بولساقلا، دوختۇرخانىغا قاراپ چاپىمىز، ياشاش ئۈچۈن دېھقانلار ئېتىزلىقلاردا، ئىشچىلار زاۋۇتلاردا جاپالىق ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر بىز ھەر ۋاقىت ئۆلۈم ۋە تەبىئىي ئاپەتلەردىن ئەنسىرەپ ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنمىسەك جاپالىق ئىشلىمەس ياكى نۇرغۇن ئىشلارغا تەۋەككۈل قىلالماس ئىدۇق.

مانا بۇلار چۈشەندۇرىدۇكى، بىزنىڭ يېرىمىمىز ئۆزىمىز بولساق، يەنە يېرىمىمىز ئۈمىد.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. بۇ بىر يېقىن دوستۇمدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىر قۇر سورىغاندىن كېيىن تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

**نامراتلارنىڭ ئۆمرى قىسقا**

ھاۋا ئىنتايىن ئۈچۈق، مەن ياتاق دېرىزىسىنى ئېچىپ سىرتقا قارىدىم. پەستە بىر ياشانغان ئايال ھەدەپ بىر نېمىلەرنى دەپ، ئاق خالاتلىق بىرسىگە يالۋۇرىۋاتاتتى. ئۇ ئېھتىمال دوختۇر بولسا كېرەك، بىر نېمىلەرنى دەپ توختىماي بېشىنى چايقايتتى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مەن باشقىلاردىن ئۇ ئايالنىڭ بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى يىراق سەھرادىن ئوغلىنى داۋالاتقىلى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئالدىن تاپشۇرغان زاكالەت پۇلى بۇنىڭدىن كېيىنكى داۋالاشقا يەتمىگەچكە، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم ــ دە، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ بىئاراملىق تۇيغۇسى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى.

ئۇ ئايالنىڭ يالۋۇرۇپ تۇرغان بىچارە قىياپىتى، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن كۆزلىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. شۇ ھامان قەلبىمگە ئويۇل تاشتەك قويۇلۇپ كەتكەن بالىلىق چاغلىرىم كۆز ئالدىمدىن كەچتى.

شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ھەر قېتىم ھەدەم ياكى مەن كېسەل بولۇپ قالغىنىمىزدا ئاتام بىر يەرلەردىن ياۋا كۆكتات ياكى ئازراق گۆش تېپىپ ئەكىلىپ ئېرىنمەي شورپا قايناتاتتى ــ دە، ھەممىنى مەجبۇرىي ئىچكۈزەتتى. ئارقىدىنلا «ھەرقانداق كېسەل كىشى بۇ قىزىق شورپىنى ئىچىپ بولۇپ، قېلىن يۇركىنىپ بىر تەرلىۋالسىلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى، راست دېگەندەكلا ئىككىنچى كۈنى ساقىيىپ كېتەتتۇق.

بىر يىلى كېچىسى تۇساتتىن قىزىتمام ئۆرلەپ كەتتى. ئاتام ۋە بارلىق قولۇم ــ قوشنىلار يىغىلىپ، نۇرغۇن ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ ھېچقايسىسى كار قىلمىدى. ئاخىرى ئاتام قوشنىمىزنىڭ كالا ھارۋىسىنى ئارىيەت ئېلىپ، مېنى 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئۈچىنچى كۈنىگە بارغاندىلا ئاندىن قىزىتمام ياندى. كېيىن دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە يەنە ئازراق كېچىككەن بولساق، ئۇلارمۇ ئامال ــ چارە قىلالمايدىكەن.

نامرات يوقسۇزلار مانا شۇنداق. ئۇلار ئادەتتە كىچىك كېسەللەرگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. كېسەل ئېغىرلىشىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، دوختۇرخانىلارغا قاراپ چاپىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىن تاپشۇرۇلىدىغان يۇقىرى زاكالەت پۇلىنى تاپشۇرالماي، ئىلاجىسىزلىقتىن ئىشىك ئالدىدىن يانسا، يەنە بەزىلىرى داۋالىنىپ ئوتتۇرا باسقۇچقا يەتكەندە ھەممە نەرسىسى تۈگەيدۇ. ئارقىدىن مال ــ چارۋىلىرىنى، ھەتتا يېتىپ قوپىدىغان ئاددىي قورۇ ــ جايلىرىنىمۇ سېتىۋېتىدۇ، ئاقىۋەتتە كېسەلدىن ساقىيالمايدۇ. ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك بارلىق مال ــ بىساتىدىن ئايرىلغاچقا، كوچىلاردا سەرسان بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

نامراتلىق، يوقسۇزلۇق گەرچە ھەرقانداق بىر ئالىيجاناب كىشىنىڭ ئەخلاقى ھەم ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىسىمۇ، بىراق ئۇنى ھەر ۋاقىت ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدۇ.

يەنى، باشقىلار ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلاردا ئېسىل تاماق، سەيلەرنى بۇيرۇتۇپ يېسە، ئۇلار كوچا كويلاردىكى ئەرزان باھالىق ناچار تاماقلارنى يېيىشكە ياكى ئاچلىقتا يۈرۈشكە، باشقىلار ئېسىل، بىخەتەر ماشىنىلاردا ئولتۇرۇپ ماڭسا، ئۇلار ھەر بىر تىيىن پۇلنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن نەچچە بېكەت يولنى پىيادە مېڭىشقا ياكى ئەرزان، كىرەكتىن چىقىپ قالاي دەپ قالغان ماشىنىلاردا ئولتۇرۇشقا، باشقىلار ئالىي دەرىجىلىك مۇستەھكەم بىنالاردا ئىسسىق سۇنۇپ ئولتۇرسا، ئۇلار تۆت ئەتراپىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان كونا ئۆيلەردە تىترەپ يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەجەل مانا شۇنداق، قىرىشقاندەكلا ئۇلارنى چۆگىلەپلا تۇرىدۇ. بەلكىم بۇ تەڭرىنىڭ بىر ئادالەتسىزلىكىدۇر ياكى قايسى بىرسىنىڭ «تەڭرى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىنى سىناپ بېقىش غەرىزىدە جازالايدۇ» دېگىنى توغرىدۇر.

**ھايات ھەققىدە**

كەچلىك تاماقتىن كېيىن بەدىنىمنىڭ كۈندىكىدىن يېنىكلەپ، روھىمنىڭمۇ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

ئۇزۇن كەتكەن كارىدور، قوش ئايلانمىلىق پەلەمپەي، ئۇلار ماڭا ئىنتايىن تونۇش، چوڭ ئىشىكتىن چىقىشىمغىلا، سوغۇق شامال يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. مەن غۇۋا چىراغ نۇرىدا چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ، گۈللۈك تەرەپتىكى تاش ئورۇندۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

ئاسماندا بارماق بىلەن سانىغىچىلىك بىر قانچە تال يۇلتۇز غۇۋا پارقىراپ تۇرۇپتۇ، ئەتراپ بولسا قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قاراڭغۇلۇق جىمى مەۋجۇداتلارنى — تاغ، دېڭىز، دەريالارنى ئۆز قوينىغا ئالغان.

دۇنيادا مۇنداق بىر سىر بار: «يورۇقلۇق كائىناتنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە يېتىپ بېرىشقا قادىر بولمىغىنى بىلەن، قاراڭغۇلۇق يېتىپ بېرىشقا قادىر».

توساتتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر يۇلتۇز كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا، غۇۋا نۇر چاقنىتىپ، قەۋەت - قەۋەت بىنالار ئارقىسىدا غايىپ بولدى. گەرچە بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلسىمۇ، يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىكى بىر كۆرۈنۈشتۇر.

بىلىشىمچە، قايسى بىرىنىڭ: «ھاياتقا شۇنداق مۇئامىلە قىل، كۆزۈڭنى قىسىۋالما. چۈنكى، ئۇ كۆچمىلۈك چىراغ نۇرى ئەمەس، شۇنداقلا كۆزۈڭنى يوغانمۇ ئېچىۋالما. چۈنكى، ئۇ مۆجىزىمۇ ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭغا ھازىر يېگەن بىر قاچا تامىقىڭدەكلا مۇئامىلە قىل. قارا، ئۇ نېمە دېگەن رېئاللىق ھەم ھەقىقىي!» دېگەن سۆزى تۈمەنلىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ياكى ھازىرغىچە ھېكمەت بىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

بىراق مەن بۇنىڭدىن ئىزچىل گۇمانلىنىپ كېلىۋاتىمەن.

مېنىڭچە، ھاياتلىق گويا ئۆمۈچۈك تورىغىلا ئوخشايدۇ، ئۇنى كۆرسەڭمۇ توقۇيالمايسەن. چۈنكى، ئۇنىڭ جەريانى ھەرگىزمۇ باشلىنىش ھەم ئاخىرلىشىش بىلەنلا تۈگەپ قالمىغان. شۇ تاپ مۇنداق بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ:

بۇرۇنقى زاماندا بىر بايۋەتچە ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ ھېچكىمگە نەپ بەرمەيدىكەن. ھەتتا قۇرت - قوڭغۇزلارنىمۇ ئىشىك تۈۋىگە يولاتمايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ بىر قانچە نامرات كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى بوش يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئاچچىقى كېلىپتۇ - دە، كۆڭلىدە «خەپ توختاپ تۇرۇش، ئاۋۋال بۇ يەرگە بىر قانچە تۈپ دەرەخ تىكىپ قوياي، ئۇنىڭدىن كېيىن سەن قەلەندەرلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغىنىڭنى بىر كۆرەي» دەپتۇ - دە، ئۇلارنى قوغلىۋېتىپ، بىر قانچە تۈپ كۆچەت تىكىپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ باي بىر قېتىملىق سەپەردە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇ كۆچەتلەر چوڭ بولۇپ، ياز كۈنلىرى يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ سايىدىغان جايىغا ئايلىنىپتۇ ھەم كىشىلەر ئارىسىدا بۇ باينىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەر، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قاپتۇ.

مانا شۇنداق، بۇمۇ ھاياتلىقنىڭ جەريانى.

چوڭلار دائىم بىزگە چىرايلىق، رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈشنى، ھەر بىر ئېغىز كەپ ـ سۆزىدىن تارتىپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغىچە ئىنتايىن دىققەت قىلىشنى جېكىلەپ تۇرىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن! سەۋەبى، بىز بىر ـ بىرىمىزگە باھا بېرىشكە، بىر ـ بىرىمىزدىن قۇسۇر تېپىشقا تولىمۇ ئامراق. بۇمۇ ھاياتلىقنىڭ مۇرەككەپلىكى ئەمەسمۇ؟

كۆنلەرنىڭ بىرى، بىزنىڭ جەستىمىز كوچىدا توڭلاپ قالسا، يىراقتىن كېلىۋاتقان ئات ھارۋىسى ئۈركۈپ كېتىپ، قاتناش ھادىسىسى كۆرۈلۈشى، گەرچە بىز بۇ ۋاقىتتا ھېچ نەرسىنى تۇيماي مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتساقمۇ، بۇ قاتناش ھادىسىسىگە سەۋەبچى بولغانلىقىمىزدىن دارغا ئېسىلىشىمىز ياكى كۆيدۈرۈلۈشىمىز مۇمكىن. گەرچە بۇ ئانچە مۇمكىن بولمىسىمۇ، يەنىلا ھاياتلىقنىڭ جەريانى ھەم مۇرەككەپلىكى ئەمەسمۇ.

سېسترا قىزنىڭ چاقىرغان ئاۋازى مېنىڭ خىيالىمنى بۆلىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويمايلا چىققىنىمنى ئېسىمگە ئالدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ياتاققا قاراپ ماڭدىم.

## كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە

كېچە بويى ياغقان قار زېمىنغا ئاق پەردە تارتتى. سەھەردە تۇرغان قۇياش قىزغۇچ ئوتلۇق نۇرلىرى بىلەن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئېرىتىپ زېمىننى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئالا ـ يېشىل ئەسلى قىياپىتىگە قايتۇردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاپئاق قار كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ زېمىندىن ئۆز ئورنىغا قايتتى. بۇ نېمىنى بىلدۈرەر؟ ياكى بۇ ئۇنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ، زېمىندىكى پاسكىنىچىلىقنى يۆگەپ تەبىئەتنىڭ ئەسلىدىلا بولۇشقا تېگىشلىك ھەقىقىي گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەنلىكىگە بولغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدىكى كۆز ياشلىرىمىدۇ؟ ۋە ياكى ئۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاياغلاشقانلىقىغا بولغان قايغۇ ئىچىدىكى كۆز ياشلىرىمىدۇ؟

ـ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاستا قەدەملەر بىلەن دېرىزە تۈۋىگە كەلدىم. كۆز ئالدىمدا دېرىزە گىرۋىكىنى بويلاپ تامچە ـ تامچە بولۇپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قار سۈيىنىڭ ئەينەك يۈزىدىكى بىر قەۋەت نېپىز قىرونى بويلاپ ھاسىل قىلغان گۈزەل مەنزىرىلىرى بىر تۇرۇپ ئادەمگە قەدىمى تاش ئويما سۈرەتلەرنى، تاغ جىلغىلارنى ھەر خىل ھايۋاناتلارنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى ئەسلەتسە، بىر تۇرۇپ ئادەمدە ئويلاپ يەتكۈسىز قايناق ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ. بەلكىم بۇ ھەر قانداق بىر ئۇستا داڭلىق رەسسام ياكى سۈرەتچىنىڭ دىققەتسىزلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈپ قويغان قىسقا مۇددەتلىك بىر پۈرسىتى بولسا كېرەك.

بۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، تۇساتتىن كىچىك چاغلىرىمدا ھەمراھلىرىم بىلەن بىرگە مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئويناپ ياۋا كەپتەر، توشقان قوغلاپ يۈرىدىغان چارۋىچىلارنىڭ قىش كۈنلىرى مال ـ ئۇلاغ، ئوت ـ چۆپ ساقلايدىغان تاغ ئۆڭكۈرلىرى، سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان جىلغىلار، تۆت تەرىپى ئېگىز قىيا تاغلار بىلەن ئورالغان ئويمانلىقلار كۆز ئالدىمدا غۇۋا نامايەن بولۇشقا باشلىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىك چېغىمدا كەنتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە «ئۆلۈم جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئويمانلىق بار ئىدى. چوڭقۇرلۇقىدىن ئېگىزدىن پەسكە قارىتىپ تاشلىغان نەرسىنىڭ قەيەرگە چۈشكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئادەتتە چوڭ ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىشقىمۇ پېتىنالمايتتۇق. پات ـ پات كىشلەرنىڭ قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن خېچىر ـ ئېشەكلەرنى مۇشۇ ئويمانلىققا ئىتتىرىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرەتتۇق ـ دە، قورققىنىمىزدىن كۆزىمىزنى چىڭ يۇمۇۋالاتتۇق.

بىراق كەچلىكلىرى بۇ ھايۋانلارنىڭ پەسكە چۈشۈپ بولغىچە ئۇستىخانلىرىنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتۇق. بىراق بۇ ئىشلارغا خېلى ئۇزۇن زامان بولدى، نۇرغۇنلىرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ.

ئالدىنقى يىلى تۇغقان يوقلاپ يۇرتقا قايتقىنىمدا، ئەينى يىللىرى بىزگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان قادىر بوۋاينىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، نەۋرە ئىنىمنىڭ ھەمراھلىقىدا تاغ يولىنى ئاتلىق بېسىپ ئالايتەن ئۇنى يوقلاپ باردىم.

ھويلىدا بوۋاينىڭ 7 ـ 8 ياشلارغا كىرگەن ئوغلى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىزنى باشلاپ ئۆي ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئۆي قاراڭغۇ، پەقەت تۈڭلۈكتىن چۈشكەن ئازراق كۈن نۇرى، تۆردىكى كاڭ ئۈستىدە

سۆزلەر ئەمەس، ئاسانلا تۆكۈلىدىغان كۆز يېشىمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئۇ شۇنداق رېئاللىق، ئۇ بىر خىل ئېرىشىش ياكى بەھرىمەن بولۇش ئەمەس بەلكى بىر خىل بىر - بىرىگە بولغان مەسئۇلىيەت. شۇ كېچە بويى زادىلا كۆزۈم ئۇيقۇغا بارمىدى. تەكرار - تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئادەتتە بىر - بىرىنى ھەقىقىي سۆيگەنلەر ئۈچۈن ئايرىلىپ كېتىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭغا ئادەتتىكى يۈزەكى باھانە - سەۋەبلەر كار قىلمايدۇ. ئۇ ئادەتتە مۇلايىمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىنتايىن غۇرۇرلۇق ھەم جەسۇر قىز.

ئاخىرى باشقىچە بىر ئۇسۇل قوللىنىش قارارىغا كەلدىم.

گەرچە بۇ تولىمۇ شەپقەتسىزلىك بولسىمۇ، ئۇ ھامان بىر كۈنى ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

ئەتىسى سەھەردىلا ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇردۇم. ئۇ ھايال بولمايلا يېتىپ كەلدى. مەن ئالدىنئالا ئويلىشۋالغاندەكلا ئۇنىڭغا باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىمنى، ھازىر ھەممە تەييارلىقنىڭ پۈتۈپ قالغانلىقىنى، شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتىكى دوست بولۇپ ئۆتۈشنى ئېيتتىم. ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇ دەسلەپتە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، مەن قەتئىي نىيەت بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا قاراپ تىكىلىپ بىر ھازا تۇردى - دە، يىغلىغىنىچە ئارقىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، باشقىلاردىن ئۇنىڭ توي قىلىپ باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئېھتىمال ئۆز ۋاقتىدا ئۇ مەندىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن بولسا كېرەك.

مەن بۇ بەختسىز خىياللىرىمنى يىغىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئارىدا يەنىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

—«بۇ شەھەرگە قاچان قايتىپ كەلدىڭىز؟»—دېدىم مەن ئاخىرى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ توي قىلىپ باشقا شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن دەسلەپتە تۇرمۇشى خېلىلا ياخشى ئۆتۈپتۇ. بىراق ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ بۇرۇنقى كونا خۇيى تۇتۇپ قىمار ھەم كەيىپ ساپاغا بېرىلىپ، بارلىق ئۆي بىساتىنى سېتىپ تۈگىتىپتۇ. ھەدىسىلا ئۇنى دومباللايدىغان بوپتۇ. ئاخىرى ئۇ بۇ دەردلەرگە چىدىماي، ئاجراشقاندىن كېيىن بىر يىل ئاۋۋال ئەمدىلا ئۆملىگەن قىزىنى ئېلىپ بۇ شەھەرگە يېنىپ كەپتۇ.

مەن ئۇنىڭ ھەسرەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلمەيلا قالدىم. بەلكىم ئۇ مەندەك بىر شور پىشانە بىلەن تونۇشمىغان بولسا ئۇنىڭ بۇنچىلىك بەختسىز تۇرمۇشى بولمىغان بولاتتى.

ئارىدىكى بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ ئاستا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ سومكىسىنى ئاچتى،—«بۇ مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياسىغان گۈل شىرنىسى»،—دېدى - دە، بىر پارقىراق ئەينەك بوتۇلكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

ئارقىدىن ماڭا لەپپىدە بىر قارىدى - دە،—«مەن ئەتە يەنە كېلىمەن، خوش»،—دەپلا ياتاقتىن يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن كۆڭلۈم گويا يوغان بىر قورام تاش ئاستىدا قالغاندەك چوڭقۇر خىياللار پاتقىقىغا پاتتىم.

شۇ تاپ مۇھەببەت ھەم نەپرەت چېگرىسىدا زادى قانچىلىك ئارىلىق بارلىقى ھەققىدە ئويلىنىۋاتىمەن. بەلكىم بىر غېرىچ، بەلكىم تۈمەن مىڭ.

بوتۇلكىلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. سېسترا قىز دورا ھەم ئوكۇللارنى ئېلىپ كىرگەن ئىدى.

## يوقىتىش تۆھپە

بۈگۈن بېشىم بىر ئاز ئاغرىپ تۇرغان بولسىمۇ، سەھەر ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھەممە يەردە چېچىلىپ تۇرغان خاتىرە بەتلىرىنى رەتلەپ ئۈستەل ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، تۈنۈگۈن كەچ سېسترا قىز ئەكىرىپ بەرگەن بىر دەستە گۈلنى بىر تال - بىر تالدىن دەرىزىگە رەتلىك قىلىپ تىزدىم.

ياتاق ئىچى بىردەمدىلا باشقىچە بىر تۈس ئالدى.

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، ئەتراپىمدا قىلغۇدەك بىرەر ئىش يوقلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، كارىۋاتقا چىقىپ بىر قانچە كۈنلەردىن بېرى يازغان خاتىرە بەتلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدىم.

ھەممىسىنىلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان تېمىلار بىلەن توشقۇزۇۋېتىمەن. بەلكىم بۇ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بولسا كېرەك. بىراق دۇنيادا يەنە نۇرغۇن، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان قىزىقارلىق ئىشلارمۇ بارغۇ، نېمە ئۈچۈن شۇلارنىمۇ يازمايمەن. شۇ تاپتا مۇنداق بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ:

بىر كۈنى بىر موماي پويىزدا كېتىۋېتىپ دېرىزىدىن قولىدا تۇتۇپ تۇرغان قىممەت باھالىق ئايىغىنىڭ بىر پېيىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىپتۇ. بۇ موماي ئەكسىچە يەنە بىر پاي ئاياغىنىمۇ پەسكە تاشلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيرانلىقتا ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ باشقىلارغا قاراپ: «بۇ بىر پاي ئاياغ مەندە تۇرسا ھېچ پايدىسى يوق، شۇڭلاشقا ئۇنى تىرىۋالغان كىشى ئىككىلا پايىنى تىرىۋالسا، ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى بولغان بولىدۇ» دەپتۇ.

بۇ ھېكايىگە باشقىلارنىڭ قانداق قارايدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم، بىراق مەن ئۇنى نەچچە رەت ئىنچىكە تەھلىل قىلغان.

ئەگەر بۇ موماي يەنە بىر پاي ئاياغنى تاشلىۋەتمەي ئۆيدىكى ئەينەك رامكا ئىچىگە ئېلىپ قويسا، ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولامدۇ-يوق؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە يېرىم بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ بىر پاي ئاياغ يوقاتتىم دېمەي، باشقىلارغا بىر پاي ئاياغ سوۋغا قىلدىم دېسىچۇ؟ بۇ ئانچە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، شۇنداقلا بىر پۇتلۇقلارنىڭ نىسبىتىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن.

ئاخىرقى نەتىجە — ئۇ چوقۇم بىر جۈپ ئايىغىنى يوقىتىشى كېرەك. بۇنداقتا مەن باشقىلارغا بىر جۈپ ئاياغ سوۋغا قىلدىم، دېيىش تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ ھەم كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ.

ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ يوقىتىشنىڭ ئانچىلىك ئازابلىق ئىش بولۇشى ناتايىن.

مەسىلەن: بىر تال قەلەم، سىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چاچ قىسقۇچىڭىز ياكى قىممەتلىك بىر نەرسىڭىز. بەلكىم بۇنى كوچىدا سەرسان بولۇپ موھتاجلىقتا يۈرۈۋاتقان بىر نامرات تەرىپىدىن تېپىۋېلىنغاندۇ. ئۇ شۇ تاپتا خۇشاللىقىدىن سەكراۋاتقاندۇ.

دېمەك، يوقىتىشىنىڭ ئۆزىمۇ تۆھپە، سىز ئۆز يوقىتىشىڭىز بىلەن باشقىلارغا خۇشاللىق بېغىشلىدىڭىز ياكى ياردەم قىلدىڭىز.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى خىيالىمنى چېچىۋەتتى.

ئۇ ھەدەمدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئەتە يولغا چىقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولدۇميۇ، لېكىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئاستاغىنە تېلېفوننى قويۇۋەتتىم.

## ئاخىرقى سىگنال

كېچىدىن بېرى، پۇتكۈل بەدىنىم قىزىشىپ، بېشىم ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك كۆزۈم زادىلا ئۇيقۇغا بارمىدى.

سېسترا قىز ھەم بىرقانچىلىغان مەسئۇل دوختۇرلارمۇ كېچە بويى كىرپىك قاقمىدى.

ئۇلارنىڭ توختىماي دورا-ئوكۇللارنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈشى، تۇرۇپ-تۇرۇپ بىر-بىرسى بىلەن نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ باشلىرىنى چايقاشلىرى، ئۇلارنىڭمۇ بارغانچە ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرسىمۇ، يەنىلا تۈرلۈك ئاماللارنى ئىشلىتىپ سىناپ بېقىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ھاياتلىق مانا شۇنداق، گوياكى قاينام، گەرچە تۇغۇلۇش ھەم ئۆلۈش ھاياتلىقنىڭ مۇقەررەرلىكى بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى بىر دەقىقىغىچە تىركىشىپ بېقىشقا تىرىشىمىز.

گەرچە بىز ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزنى ئىنتايىن كۈچلۈك، مۇقەددەس ئورۇنغا كۆتۈرمەكچى بولساقمۇ، ئۇ يەنىلا بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

دوختۇرلارمۇ دەسلەپتە بىمارنى ئادەتتىكى دورا-ئوكۇللار بىلەن داۋالاپ، ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەن ھامان، خىمىيىلىك ئالىي دەرىجىلىك دورا-ئوكۇللار بىلەن داۋالاشقا كىرىشىدۇ. بۇمۇ ئۈنۈم بەرمەي كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا ئاغرىق كىشىنىڭ ئازاۋىنى ۋاقىتلىق يېنىكلىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئىلاجىسىز بىر قىسىم ئالىي دەرىجىلىك ئاغرىق توختىتىش، تىنچلاندۇرۇش ئوكۇللىرىنى ئۇرۇپ بىمارغا ئازراق بولسىمۇ

ئارام بەخش ئېتىشكە تىرىشىدۇ.

دەل مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاچچىق ئەسلىمىلەر قەلب تۆرىمىزگە ئورۇنۇپ كىرىپ كۆرۈنمەس زەنجىردەك ھېسلىرىمىزنى چەكسىز كائىناتقا تارتىپ سەرسان روھقا ئايلاندۇرىدۇ. كۆز ئالدىمىزغا كىچىك چاغلىرىمىزدا بىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئەركىلىتىپ ئويناتقان موما، بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ تاكى تونۇغۇنىڭە قەدەر، كۆز ئالدىمىزدا بىر - بىرلەپ تۇپراق قوينىغا قايتقان ئۇرۇق - تۇغقان، بۇرادەرلىرىمىز ئايان بولىدۇ - دە، ئۆزىمىزنى ياشىغلى نۇرغۇن يىللار بولغاندەك، ئاللىبۇرۇن نەچچە يۈز ياشلارغا كىرگەندەك ھېس قىلىمىز. تۇرۇپلا ئۆزىمىزدىن بولۇپمۇ بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتكۈزگەن يىل، ئاي ۋاقىتلاردىن گۇمانلىنىپ قالىمىز.

قايسى بىرسىنىڭ «تارىخ بولسا كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىنقىلارغا بولغان باھاسى» دېگەندەك ۋاقىت بۇ جەريانلارنى نۇرغۇن سان - سىفىرلار بىلەن توشقۇزىدۇ. بۇلار دەل قۇياش، ئاينىڭ ئايلىنىشى، ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشى، دېڭىز دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ياكى ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنىڭ مۇقىم ئايلىنىش قانۇنىيىتى بويىچىلا تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ روھىي - ھالەت، ئۆزگىرىشى (يەنى خۇشاللىق، قايغۇ ھەسرىتىنى) ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگىنى يوق.

تۇرمۇشىمىزدا دائىم قايغۇ - ھەسرەت، جاپا - مۇشەققەت دەستىدىن 30 _ 40 ياشلارغا كىرە - كىرمەيلا چىرايلىرىنى قورۇق بېسىپ، مۈكچىيىپ ھالىدىن كەتكەنلەرنى، 70 _ 80 ياشلارغا كىرىپمۇ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغانلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئۆزلىكىمىزدىن ۋاقىتقا نىسبەتەن گۇمانىي قاراشتا بولۇپ قالىمىز. كۆپچىلىككە مەلۇم، خۇددى ئېينىشتېين سۆزلەپ ئۆتكەندەك: «قىزىق ئوتنىڭ يېنىدا تۇرغان ياكى مەشۇقىنى ساقلاۋاتقان ئادەمگە بىر مىنۇت شۇنداق ئۇزۇن بىلىنىشى، ئەكسىچە، ئارامبەخش باغلاردا سەيلى قىلىۋاتقان ياكى مەشۇقى بىلەن بىرگە ئۆتكەن نەچچە سائەت ۋاقىت بىر مىنۇتتەكلا بىلىنىشى مۇمكىن».

مانا شۇنداق، بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك نەپەس قىلىپ ئىشلەنگەن سائەتلىرىمىزگە قاراپ كۈن ئۆتكۈزگەندەك قىلغىنىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتە ھاياتىمىز ھېسسى ۋاقىت ئىچىدە ئۆتكەن ئەخلاق، تۈزۈم، ۋىجدان قاتارلىقلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئۆز پائالىيەتلىرىمىزنى قانات يايدۇرغان بولىمىز.

ۋىجدان، ئەخلاق دېگەنلەر دەل ئىنساننىڭ ئۆسۈش، تەربىيىلىنىش ياشاش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىچكى قورقۇنچتىن ئىبارەت. قايسى بىرسى ئېيتقاندەك، «بىر كىشى توخۇ ئوغرىلىدى. گەرچە باشقىلارنىڭ بۇنى كۆرۈپ قېلىشى ياكى ئۇقۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ قالغان ئادەم باردەك ھېس قىلىپ دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتىدۇ.

مەن ئىلگىرى بۇ توغرىلىق خېلى كۆپ ئويلانغان. بىراق ئۆزئارا ئۆز تەبىئىتىمىزنىڭ «ئاقكۆڭۈل» ياكى «قارانىيەت» ئىكەنلىكى ھەققىدە نەچچە مىڭ يىل تالاش - تارتىش قىلغان يەردە، بۇ مەسىلىلەردە باشقىچە كۆز قاراش ياكى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇقەررەرلىك.

ئالدىنقى كۈنى ئاتامدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇنى كۆرۈپ بولۇپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، قانداقتۇر بىر ئۆكۈنۈش، پۇشايمان تۇيغۇسى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى قاپلاپ كۆز ياشلىرىمنىڭ قانداقلارچە مەڭزىمدىن ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم.

ئالدىنقى قېتىم قايسى ۋاقىتلاردا كۆزۈمدىن ياش ئاققۇزغانلىقىم ئېسىمدە قالماپتۇ، بەلكىم نەچچە ئون يىللار بولدىغۇ دەيمەن.

ئويلاپ باقسام تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ، ئاتام بىلەن تۈزۈكرەك پاراڭلىشىپ باقمىغىلى خېلى يىللار بوپتۇ.

ئىلگىرى مەن قايسى بىر كىتابتىن «ئاتا بالىسىنى قوچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرگەندە خۇشاللىقىدا كۈلۈپ قاقاقلاپ كېتىدۇ، بالا ئاتىنى كۆتۈرگەندە ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ كېتىدۇ» دېيىلگىنىنى كۆرگەندىم.

مۇشۇ تاپتا ئويلىنىۋاتىمەن، ئەينى يىلى مەن تۇغۇلغىنىمدا ئاتام خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن بولغىيدى، ھالبۇكى ئارىدىن نەچچە ئون يىللار ئۆتكەندىن كېيىن مېنى قايتا بىر قېتىم كۆتۈرگەندە نېمە بولۇپ كېتەر؟

### شارائىت

چۈشتىن كېيىن توساتتىن بېشىم قاتتىق ئاغرىپ، پۇت ـ قوللىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ كارىۋاتتىن تۇرۇشقىمۇ زادىلا ماجالىم يەتمىدى.

شۇ تاپ كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە تەدرىجىي غۇۋالىشىپ بىر ـ بىرلەپ يوقىلىپ كېتىپ باردى.

ئارىدىن قانچە ۋاقىت ئۆتتى ئۇقمايمەن، توساتتىن بىرنەرسىلەرنىڭ بەدىنىمگە سانچىلىۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇن كۆلەڭگىلەرنىڭ ئەتراپىمدا چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام بىر قانچە دوختۇر ھەم سېستىرا قىز ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.

مەن ئۆزەمنىڭ يەنە بىر قېتىم ئەجەل ئېغىزىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئۇلارغا ئۆز تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرمەكچى بولدۇمۇ ـ بىراق نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

ئۇلارمۇ مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەندى بولغاي، ماڭا قاراپ بۈگۈن ياخشى ئارام ئېلىپ، ئەتىكى ئوپېراتسىيىگە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشۇمنى ئېيتتى ـ دە، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئاخىرىدا سېستىرا قىزلا قالدى. ئۇ ماڭا بىر ئايالنىڭ ھەم بىر قانچە دوستلىرىمنىڭ ئىشىك سىرتىدا ساقلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تېخى ھازىرلا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن سېستىرا قىزدىن ھازىر سائەت قانچە بولغانلىقىنى سورىدىم، ئۇ ماڭا كېچە سائەت بىر بولاي دەپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئاستا چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتۈم.

شۇ تاپ بارلىق دوست ـ بۇرادەرلىرىم مەندەك بىتەلەي دوستىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندۇ.

سېستىرا قىزنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرنىڭ شارائىتى تولۇق بولمىغاچقا، ئۇلار مېنى باشقا دوختۇرخانىلارغا يۆتكەپ ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئويلىشىپتۇ (مەن گەرچە بۇنىڭ ئانچە ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، بىراق ئۇلارغا يەنىلا رەھمەت).

شارائىت ئەنە شۇنداق نەرسە، يەنى بىلىق سۇدىلا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەنگە ئوخشاش ئىنسانمۇ ھاۋا، سۇ، ئوزۇقلۇق دېگەنلەرنىڭ بىرسىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ، بولمىسا ئۇمۇ يوقىلىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا شۇنداق، ئەگەر بىزنىڭ ئۆسۈشىمىز ئۆز قابىلىيىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق شارائىت بولمىسا، بىزدە قانچىلىك زور تىرىشچانلىق بولغانسىمۇ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمىغىمىز قىيىن.

كۆپ يىللار ئىلگىرى بىرسىنىڭ «بىر كىشىنىڭ يېنىدا شەمشەر بولسا ئەگەر ئۇنى ئەركىن ئوينىتالىغۇدەك بوشلۇق بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ ئۆز يېنىدا شەمشەر ئەمەس، بەلكى قەلەمتىراچ ساقلىغىنى ئەۋزەلرەك» دېگىنى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

ئادەتتە كىشىلەر تىرىشچانلىق ھەم قابىلىيەتنى تولىمۇ كۆپتۈرىۋېتىدۇ.

قېنى، بىر تالانتلىق ئالىمنى ئادەمزات ئاياغ باسمىغان چۆللۈككە ئاپىرىپ تاشلاپ قويايلى، ئۇ نېمە قىلالايدىكىن. بۇنداق شارائىتتا ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ تاغلاردا چوڭ بولغان بىر ئوتۇنچىغا يېتەلمەسلىكى مۇمكىن.

مېنىڭچە ھەرقانداق بىر نەتىجە مۇۋەپپەقىيەتكە يېتىشىدە يوشۇرۇنغىنى قابىلىيەت ھەم تىرىشچانلىقلا بولماستىن، بەلكى شارائىتمۇ بار.

### سېستىرا قىزغا خەت

مەن بۇ كۈننىڭ بۇنچىلىك بۇرۇن كېلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. ئويلىسام مەن ياخشى كۆرىدىغان ھاياتلىق، تەبىئەت شۇنداقلا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىم ھەققىدە خېلى بىر نەرسىلەرنى يېزىپتىمەن. بىراق يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى مەندىن ئىنتايىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان سېستىرا قىز ھەققىدە بىرەر نەرسە قالدۇرماپتىمەن.

سېستىرا قىزنى ئويلىسام «كۈلكۈم» كېلىدۇ.

ئۇ مېنىڭ ئۆلۈم گىردابىدا تۇرىۋاتقانلىقىمنى بىلىشىمۇ، ھەر ۋاقىت چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ھەر خىل سۆزلەر بىلەن ئۈمىد بېغىشلاشقا تىرىشىدۇ. تېخى ئۇنىڭ «سىز ساقايغاندىن كېيىن باغچىغا بېرىپ سەيلە قىلىپ كېلەيلى، مەن سىزگە چىرايلىق، ئوماق قىزدىن بىرنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن» دېيىشلىرىچۇ.

ئۇ ھەر كۈنى كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئەجەل تۇمشۇقىدا تۇرغانلار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۈمىد بەخش ئېتىدۇ، شۇنداق قىلىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا

جان ئۆزۈۋاتقانلار بىلەن خوشلىشىدۇ.

مەن ئىلگىرى زاۋۇتلاردا كېچە ـ كۈندۈز دېمەي جاپالىق ئىشلەۋاتقان قىزلارنى كۆرگەن. ھازىر مەن بولارنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا كۈچ ـ قۇۋۋەت ھەم جاسارەتكە توشقان گۈزەل پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

بەلكىم ئۇلار ئالاھىدە شارائىتتا كېچە ھەم كۈندۈز ئىشلىگەچكە تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدىغاندۇ، بەلكىم ئۇلار يەنىلا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇن ـ تىنسىز خىزمەتكە مەشغۇل بولىدىغاندۇ.

بىراق مەن شۇنى ئېيتالايمەنكى، ئۇلار مەن كۆرگەن ئەڭ جەسۇر ئىنسانلاردۇر.

× ×

بولارنى يېزىۋېتىپ بېشىمنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىپ پۇت ـ قوللىرىمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

گەرچە باشتىن ـ ئاياغ بىر ـ بىرگە قولاشماي كېلىۋاتقان جۈملىلەر زادىلا نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، مەن يەنىلا بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ تىترەۋاتقان قوللىرىم بىلەن يەنە يېزىشقا تىرىشىۋاتىمەن:

مۇشۇ باپتا تاكى ھازىرغىچە يازغانلىرىمنىڭ، كۆڭلۈمگە پۈككەن، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغانلىرىمنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى، ماڭا زور ئىشەنچ باغلىغان دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى تولىمۇ ئۈمىدسىز قالدۇرغانلىقىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم تولىمۇ پەرىشان بولۇۋاتىدۇ. ئامال قانچە، دۇنيادا ھەقىقىي ھالدا ئۆز مۇرات ـ مەقسىتىگە يەتكەن ئادەمدىن قانچىسى بار!

مانا شۇنداق ئەجەل ئالدىدا ئىنسان ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى ھەم نۇرغۇن ئىشلاردا ئاللىبۇرۇن كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ـ يۇ، ئامالسىزلىقتىن ئارمان ئىچىدە كۆز يۇمۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇددەتتىن ئىلگىرى ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى ئېيتىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ:

«مەن سىلەرنى شۇنداقلا پۈتكۈل تەبىئەتنى سۆيىمەن».

## ئاخىرقى سۆز (خاتىمە)

ماي ئايلىرىنىڭ بېشىدا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم.

ئۇ «مەن» نىڭ ھەدىسىدىن كەلگەن خەت بولۇپ، خەتتە بىر قانچە قېتىملىق ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى، گەرچە تېخى كارىۋاتتىن چۈشۈپ ھەرىكەت قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن روھىي كەيپىياتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، پەقەت بىر ھەپتىدىن كېيىن بولىدىغان ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسىلا ئۇزۇنغا قالماي قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، تېخى «مەن» يېتىپ تۇرۇپ خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خەتنىڭ ئاخىرىدا «مەن» نىڭ يېقىندا يازغان بىر پارچە شېئىرىنى قوشۇپ قويۇپتۇ:

جىمىرلايدۇ كۆكتە ئاي ـ يۇلتۇز،<br>
گۈل بەرگىدە شەبنەم تامچىسى.<br>
مەيىن شامال ئەپقاچار پۇراق،<br>
ناتىۋان گۈل پەرۋاسىز بىراق.<br>
ھەسرەتتە بايقۇش تامچىدىن،<br>
دومىلىدى قانچە ـ قانچىسى.

بولارنى كۆرۈۋېتىپ قانداقتۇر بىر ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھېس ـ تۇيغۇلار قەلبىمنى قاپلىدى. دۇنيادا شۇنداق بىر خىل جاسارەتلىك ئىنسانلار بار. گەرچە پۈتكۈل جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان تەقدىردىمۇ، چۆل گۈلىگە ئوخشاش ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش يولىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىدۇ. خۇددى قايسى بىر ئۇلۇغ شەخس ئېيتقاندەك: «ئوخشاش بىر دېرىزىدىن سىرتقا قارىغان ئىككى كىشىنىڭ بىرسىنىڭ كۆرگىنى ئاسماندىكى پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار بولسا، يەنە بىرسىنىڭ كۆرگىنى دېرىزە ئاستىدىكى پاتقاقلىق بولىدۇ».

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئاينۇر ئىمىننىياز

# «نوچى» ئەر

(ھېكايە)

ھازىرغا قەدەر سىرتتا بىرەر ئادەم بىلەن مۇشتلىشىپ
«نوچى» ئاتالمىغىنىم بىلەن سىرتقا چىقسا بەگلىكى بار،
ئۆيگە كىرىش تەڭلىكى بار ئەرلەردىن ئەمەسمەن. بۇنى
ئۆلپەتلىرىم ئوبدان بىلىدۇ. بەزى ئادەملەرنى، ھەي ...زادى
نېمە دېسەم بولار؟ ئىرىكچىلىك دېگەندە ئۆزىمىز خالىمى-
غان نۇرغۇن كۆلكىلىك، بىمەنە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇشقا
مەجبۇركەنمىز. زىيالى دېگەنلەرنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، مەن
دېگەن مانچە يىل ئوقۇغان، مۇنداق چوڭ مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەن دەپ ھەر يوغان قالپاقلىرىنى پەش قىلغان بىلەن
ئۆيگە كىرسە بىچارە. ئۇلار شۇنچە يىل جاپا تارتىپ، بۇ-
رۇتىغا ئاق كىرگۈچە ئوقىغىنى بىلەن خوتۇن كىشىنى
باشقۇرۇشتەك ئەڭ ئاددىي بىر ئىشنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمەي
پايپاق يۇيۇپ يۈرۈشمەمدۇ؟ بۇ ئاداشمۇ ـ زە ...مۇختەرجان
دەپ، ئاز ـ تولا ھۆرمىتىنى قىلىپ قويساق، ئۇچۇپلا كەت-
كۈسى بارغۇ ئۇنىڭ، گەپ قىلىڭ دېسە، ئاپتونوم رايون-
مىزدىن چىقىپ مەملىكىتىمىزگە، مەملىكىتىمىزدىن ھال-
قىپ ئامېرىكا، ياپونىيىگە چۇشۇپ، مائارىپ، مەدەنىيەت،
پەن ـ تېخنىكا، ۋاھاكازالار ھەققىدە مىڭ تاغار سۆزلەيدۇ.
ئۇنى بىلىملىك، ئارتۇقچىلىقى بار دېيىشكە توغرا كەلسە،
مانا مۇشۇ گەپدانلىق تەرىپىلا بار. قالغان جەھەتتە بىز بى-
لەن ئوپمۇ ـ ئوخشاش، ئۇ 15 ـ 16 يىل ئوقۇپ ئاندىن ھۆ-
كۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە كىرگەن كادىر بولسا، مانا بىز 11
يىل ئوقۇپلا، ھەتتا بەزىلىرىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تو-
گىتىپلا ھەر خىل يوللار بىلەن ئىشتاتلىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ
ئاقچىسىنى خەجلەپ، نېنىنى يەۋاتقان نوچىلار. يەنە بە-
زىلىرىمىز بىر قىسىم ئىدارە ـ ئورگانلاردا ۋاقىتلىق ئىش-
لەپ دەرۋازا باقىمىز، ئالىدىغان ئىككى ـ ئۈچ يۈز سوم
پۇلنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتكۈنىمىز بىلەن، ئۈستى ـ
باشلىرىمىز ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، چېكىشلىرىمىز
پاپىروس، ئىچىشلىرىمىز ئالى ھاراق، ئۇنىڭدەك گەپ قى-
لىشنى بىلگەنلەرنى بىلىملىك دېيىشكە توغرا كەلسە، را-
يونىمىزدىكى داڭلىق مەدداھ ـ شاھىمەمەتنى ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى بىرەر نوقتىلىق ئالىي مەكتەپنىڭ تارىخ
فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، «تۆت ئىماملىرىم تارىخى» دې-
گەن مەخسۇس تېما ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان پروفېسسور»
دېسەك ئارتۇق كەتمەس دېيمەن. مۇھىمى، ئادەمدە ئاز ـ
تولا تۇرمۇش بىلىمى بولغىنى ياخشى. دېمەكچى بولغى-
نىم، ئەر كىشى ئۇچۇن نۇرغۇن ئادەمنى گۇۋاھچى قى-
لىپ، پەگادا قول باغلاپ تۇرۇپ ئالغان خوتۇنىنى قانداق
باشقۇرۇشنى، قانداق ئىشقا سېلىشنى بىلىش. مۇختەرغۇ
خېلى يامان نېمە، لېكىن، خوتۇنىنى باشقۇرالمايدۇ ـ دە،
بۇ جەھەتتە مەن ئۇنىڭغا نەچچە يىل دەرس ئۆتسەم بو-
لىدۇ تېخى. قارىغاندا ئايال كىشىنىڭ كۆپ ئوقۇپ قال-
غىنىمۇ بولمىغۇدەك، ئۇنداق ئاياللار ئەرلىرى بىرنى دىسە،
ئىككىنى دەپ، ئىككىنى دېسە، تۆتنى دەپ ئۇلارنى ئەنە
شۇنداق يۇمشاقباش قىلىپ قويسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ
ئورنىدا بولسام، ئۇنداق خوتۇننى بىر ئايدا خېمىردەك
يۇمشىتىۋېتىمەن. بۇنىڭغا بولالمىسچۇ، «كۆتەر قاسقى-
نىڭنى»، دەپ، بوغجۇمىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قو-
يۇش قولۇمدىن كېلىدۇ. بۇ كەمدە نېمە تولا، خوتۇن تولا،
ئانىلار بىرنى ئوغۇل تۇغسا، ئۇچنى قىز تۇغىدۇ. تېخى،
«سىزنىڭ ئايالىڭىز بەك يۇۋاش»، دەيدۇ ئۇ پاخمىباش، ئۇ
دېگەن يۇۋاشلىق ئەمەس، ئائىلىدىكى ئورنىنى بىلگەنـ
لىكى، ئەرنى ئەر قاتارىدا كۆرگەنلىكى. ئۇنىڭچە، مېنىڭ
ئايالىممۇ ئۆزىدەك «تولغىما گەدەن، شەپشەك ئېغىز»
بولسا بولىدىكەن ـ دە، مېنىڭ ئايالىمغۇ قاپىقىمنى
شۇنچىكى ئېچىپ بەرسەم ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان
نېمە. شۇنچە تاناۋىنى تارتىپ تۇرسامىمۇ بەزىدە، تاراق ـ
تۇرۇق قىلىپ، قوشۇقنى قاچىغا ئۇرۇپ دوقۇلداپ قالىدۇ
تېخى. ئاغىنىلەر بار يەردە سەت بولمىسۇن دېمەيدىغان
بولسام بىر تېپىك بىلەن نەچچە قەدەم يەرگە ئۇچۇرىۋەت-
كۈم بار. ھېلىمۇ بىرلا قاراپ قويىدىغان بولسام سانى

كۆرگەن چۈجىدەك تېزلا ئەسلىگە كېلىۋالىدۇ. بولمىسا سو-
رۇن ئاخىرلىشىپ، ئۆيدە ئىككىمىزلا قالغاندا نېمە ئىش يۈز
بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ - دە، بـولـدى دېگـۈچـە
مۇش - پەشۋا يەپ، نەچچە كۈن مىدىرلىماي يېتىش ئۇنىڭ-
غىمۇ ئاسان ئەمەس ئەلۋەتتە. دەيدىغىنى شۇ، «تاڭ ئاتاي دەپ
قالغاندا كەلدىڭ، يېرىم كېچە بولغاندا مەستلەرنى بـاشـلاپ
كېلىپ، مېنى قوپۇرۇپ تاماق ئەتكىلى سالدىڭ، مېنى ئارام
ئالغىلى، ئۇخلىغىلى قويمىدىڭ...» دېگەندەك گەپلەر. مەيلى
كۈندۈز بولسۇن، مەيلى كېچە بولسۇن، قانداق چاغدا ھايت
دېسەم شۇ چاغدا ھۇيت دېمىسە، ئەل - ئاغىنىلىرىم ئالدىدا
گەپنى يوغان قىلىپ، مەغرۇر يۈرۈشۈم ئۈچۈن ھەرقانچە جاپا
تارتسىمۇ بىلىنىدۈرمەي، ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈپ، ماڭا بولغان
ھۆرمىتىنى، ساداقىتىنى بىلدۈرمىسە، ئۇنداق خوتۇنىنىڭ ماڭا
نېمە كېرىكى. ئەرنىڭ تەلپىنى ئورۇندىيالمايدىغان، كۈت-
كەن يېرىدىن چىقالمايدىغان خوتۇن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بې-
رىپ ئىشەك باقسا بولىدۇ. قاچاندۇر بىر چاغدا تازا تاياق يې-
گۈسى كېلىپ قاپتىكەن، «مەنمۇ سىزدەك ھەر كۈنى سەككىز
سائەت خىزمەت قىلىمەن، سىز ئىشتىن چۈشۈپ دەم ئالىسـ-
ىڭىز، ماڭا يەنىلا ئىش، ئۆي تازىلايمەن، تاماق ئېتىمەن، بالا
باقىمەن، كىر - قات يۇيىمەن... مۈشۈنچىلا كۆپ ئىشلارغا
يېتىشىپ بولالماي ئۇن جېنىمنىڭ بىرسى قېلىۋاتسا، سىز
يەنە كۈندە دېگۈدەك ئۆيگە هاراقكەشلەرنى باشلاپ كېلىپ
ماڭا ئارام بەرمەيسىز، بۇنداق كېتىۋەرسە خىزمەت ئۇنۇمىمۇ
تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن» دەپ ۋايساپلا كەتتى. مەيلى، سۆزلىسە
سۆزلىۋالسۇن دەپ جىم تۇرۇپ بەرسەم، «ئىككىمىز مـائـاش
ئالىمىز - يۇ، لېكىن كەينىمىزدە بىر پۇڭ يوق، ياكى كىيە-
مىمگە بەرمەيسىز، ھازىر دېگەن بىكارچى، تەييارتاپ خوتۇن-
لارمۇ مەندىن ياخشى كىيىنىپ يۈرىدۇ، شۇلارنىڭ ئېرىمۇ
سىزدەك ئەر، سىزنىڭ مائاشىڭىز ئىچىدىغان ھاراقىڭىزدىن
ئاشمايدۇ. مېنىڭ مائاشىم...» دەۋاتمامدۇ، مانا ئەمىسە دەپ
كېلىشتۇرۇپ بىرنى قويىۋىدىم، «ۋايجان» دەپ تووۋلىغىنىچە
سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ تامغا چاپلىشىپ قالدى. ئاچچىقـىـمـدا
ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىۋېرىپتىمەن. ئۆزى ساپمۇ - ساق
بەش كۈن يېتىپ ئورنىدىن تۇرغىنى بىلەن بەدىنىدىكى،
يۈز - كۆزلىرىدىكى كۆكلەر 15 - 20 كۈندە ئاران يوقالدى.
مېنىڭغۇ ئۇنى ئەسلا ئۇرغۇم يوق، لېكىن ئۇ ئۆزى مەجبۇر
قىلىدۇ - دە. ئايال كىشى دېگەن ئەرنىڭ ئالدىدا يورغىلىماي،
بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، تېپىپ بەرگىنىنى يەپ، ئېلىپ
بەرگىنىنى كىيىپ يۈرىدىغان نېمە، بولمىسا يەيدىغىنى
ئەنە شۇنداق مۇشت، مانا بۇ بىزدەك نوچىلارنىڭ خوتۇن
باشقۇرۇش ئۇسۇلى. لېكىن مۇختەرچۇ؟ ئۇنىڭ قىلىق-
لىرىغا تووۋا دېگۈلۈك، خوتۇن كىشىنىمۇ شۇنچە كۈتۈ-
رۇپ كەتكەن بارمۇ؟ ئۇ: «خىزمەت قىلىدىغان ئاياللارنىڭ
يۈكى بىزنىڭكىدىن ئېغىر، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىـلـىـق
قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ، ئۇلار قاتمۇ - قات مەسئۇلىيەتنى
ئۈستىگە ئالغان، ئۇلارنىڭ جاپاسى كۆپ، ئاياللىرىمىز
بىز بىلەن بىر ئۆمۈر جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بو-
لىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمى...
» دەيدۇ تېخى. ۋاي، شۇ ھالىڭغا خوتۇن ئېلىپ نېمە
قىلاتتىڭ؟ ئەرگە تەگسەڭ بوپتىكەن دەيمەن - دە ئى-
چىمدە. بەزىدە ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشۇپ قالساق، ئۇ
سائەت 10 بولار - بولماستا «ئەتە يەنە خىزمەت بار ئاغى-
نىلەر، بۈگۈن ئولتۇرۇشىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسا...»
دەپ بىرەر ئېغىز بىلجىرلاپ قويسا، بەزى ھاراق كۆتۈ-
رەلمەس لاتىلار «ھە راست، شۇنداق» دېيىشىپ بەر-
گەچكە، سورۇننى قاپىەلدىلا يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بو-
لىمىز. بىلىپ تۇرىمەن، ئۇ ئېغىزدا شۇنداق دېگىنى
بىلەن ئەمەلىيەتتە خوتۇنىنى ئويلايدۇ ھەقىچان، بى-
رەر - ئىككىمىز سىرتقا چىقىپ، كەيپىلىكتە ۋارقىرى-
شىپ - جارقىرىشىپ يۈرسەك «قولۇم - قوشنىلار ئاڭ-
لىسا سەت تۇرىدۇ، ئۆيگە كىرىپ گەپلىشەيلى» دەپ
ھەيدەپ كېتىشلىرىچۇ تېخى لاتا بەلنىڭ. ھاراق دې-
گەننىچۇ، پۇلغا چىدىغانلار ئىچىدۇ، قوشنىلىرىمۇ چى-
دىسا ئىچسۇن. ئۆتكەندە رۇستەمنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇ-
رۇشتىن يېنىپ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئا-
غىنىلەردىن بىرسى: «ئاداش، ھەممىمىزنىڭ كەيپى چاغ،
مۇنداقلا ئۆيگە قايتقۇمىز يوق، سېنىڭ ئۆيۈڭدە يەنە بىر
دەم ئولتۇرامدۇق» دېسە، ئۇ: شۇنداق قىلساقمۇ ناھايىتى
ياخشى بولاتتى، لېكىن سائەت بىردىن ئېشىپتۇ، شۇ
تاپتا ئايكۆلمۇ ئاللىقاچان ئۇخلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئەتە 1 - ، 2 - سائەت دەرسىم بار، شۇڭا توغرا
چۈشەنسەڭلار، باشقا كۈنى ئولتۇرۇشساق...» دەپ تې-
لىنى چايناپ تۇرامدۇ، بۇ دېگەن ئوغۇل بالا ئۈچۈن
نومۇس. بىزدە: «مەرتنى مەيداندا سىنا» دەيدىغان گەپ

بارغۇ. «يۈرۈڭلار، بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرىمىز» دېدىم دەرھاللا. ئاغىنىلىرىمنى باشلاپ كەلگىنىمنى كۆرگەن ئايالىم غىڭ-پىڭ قىلالماي، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چاي دەملىدى، سەي قورۇدى. سورۇن تارقاش ئالدىدا چاچتەك كېسىپ سۇيۇقئاشمۇ ئېتىپ بەردى. ئايگۈل ھەر قانچە چوڭ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن خانىم بولغىنى بىلەن مۇشۇنچىلىك قىلالامدۇ؟ ئەلۋەتتە قىلالمايدۇ. شۇڭا مۇختەرمۇ بۇنداق يېرىم كېچە بولۇپ قالغاندا بىزنى ئۆيگە ھەرگىز ئاپىرالمايدۇ. تېخى ھېلىقى بىر شەنبە كۈنى رېستوراندىن چىققاندىن كېيىن مۇختەر ئۈچ دانە باچكا كاۋىپى، 8-10 تال زىخ كاۋىپى سېتىۋالدى. مەن كۆڭلۈمدە، يېزىنغا چىققاندىن كېيىن يەنە ئولتۇرۇشۇپ، بۇ نەرسىلەرنى بىر-ئىككى بوتۇلكا ھاراققا زاكۇسكا قىلىشىۋېتىپ، ئاندىن تارقايمىزغۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. تۇۋا، شۇ قېتىم ئەقلىم نەگە كەتكەن بولغىيدى، مۇختەر ماشىنىدىن چۈشۈپلا بىز بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ، مەنمۇ دەرھاللا: «ۋۆي چىدىماس، قولۇڭدىكى ئاۋۇ نەرسىلەرنى ئۆزەڭ ئوڭچە يىمەكچىما؟» دېسەم، نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر؟ خىجىل بولماستىن: «بۇنىڭغا كۆز قىزارتما، بۇ دېگەن ئايگۈل بىلەن بالامنىڭ ھەققى، مەن ئۇنىڭغا، كەچتە تاماق ئېتىپ يۈرمە، مەن سىلەرگە يېگۈدەك بىر نەرسە ئالغاچ چىقىمەن، دەپ قويغان ئىدىم دەيدۇ، بىز ئۇنى «خوتۇنىغا خۇشامەت قىلىدىغان ئەخمەق، خوتۇنىدىن قورقىدىغان سايىم نوچى...» دەپ تازا مەسخىرە قىلىشتۇق. ئايال كىشىنى چوكچى قىلىپ قويغىنى مانا مۇشۇنداق يارىماس ئەرلەر. تېخى ئايگۈل بىر قېتىم ماڭا: «سىز ئايالىڭىزغا بەك جاپا سالىسىز، ئۇمۇ سىزدەك ئادەم، ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىغا قاراپ بېقىڭا، باشقىلىرى بىر قېلىپتا، پەقەت ئايالىڭىز خەلچەملا ياشتا بىر ئاز چوڭدەك كۆرۈنىدۇ. قاچانلا كۆرسەم شۇنچىلىك ھارغىن چىراي، ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئۆزىڭىز شۇنداق يۈرگەننى ئاز دەپ ئۇنىمۇ تۈگەشتۈرىۋاتىسىز...» دەپ ئۆزىچە بىر ھازا سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، ئاغىنەمنىڭ ئايالى دېمىگەن بولسام «بۇنداق گەپلەرنى بېرىپ ئوقۇغۇچىلىرىڭغا سۆزلە، سېنىڭچە خەلچەمنى مەن جاپاغا سېلىپ قېرىتىپ قويۇپتىمەن-دە، ئۇ ياش، چىرايلىق تۇرغان بولسا ئاكاڭغا ئېلىپ بېرەمتىڭ» دەپ، تازا بىر قويىدىغان يېرىگە كېلىپ قالغانتى، بىراق مۇختەرنىڭ بۇزىنى قىلىپ گەپ قىلمىدىم، ئايگۈلگە ئەسلىدىنلا كىتاب مەستانىسى بىر نېمە، قاچانلا قارىساڭ، كىتاب-دەپتەر ئارىسىغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. مۇختەر ئۇنچىلا ئەمەس، لېكىن بىر يەرلىرى ئوخشىشىپ قالىدۇ-دە. بەزى كۈنى كەچلەردە مۇختەرنى بىرەر سورۇنغا ئېلىپ بارماقچى بولۇپ ئىزدەپ بارساق ئايگۈل دېگەن توك قاپاق چىرايىنى غورا يېگەن مايمۇندەك تۈرۈپ قالىدۇ تېخى. بىلمەمەن، ئۇ بىزنى بىكار تەلەپ ھاراقكەشلەر دەمدۇ شۇ. بىزگە «جەمئىيەتنىڭ زاپاس داشقاللىرى» دېگەن ئىسىمنى قويغانمۇ ئاشۇ. نەتىجە يارىتالمەن، تونۇلمەمەن، پۇل تاپمەمەن ...ۋاھاكازا دەپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ كېچە-كۈندۈز ئويلىنىپ تىنىم تاپماي يۈگۈرۈپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ بىر كۈنى ئۆتىدۇ، مانا بىزدەكلەرنىڭمۇ بىر كۈنىمىز ئۆتىدۇ. ئايگۈللەرنىڭچە بولسا، بىزمۇ تۇرمۇشلۇق بولۇپ بىر-ئىككى بالىغا دادا بولۇپ قالغاندىمۇ يەنىلا ئۆگىنىمىز، ئىزدىنىمىز دەپ كىتاب-ماتېرىيال كۆرۈپ، جېنىمىزغا جاپا سېلىپ، ئاياللىرىمىزنى تۆگە تايلاق ئېتىپ، سىزغان سىزىقىدا ئۆمىلەپ يۈرسەك بولىدۇ شۇ. بىزچۇ؟ ئانىمىز ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ئەركەك، ئاغىنەم بولسىمۇ دەۋرەي، بىز مۇختەردەك ئۆزىنىڭ كۆپ ئوقۇپ، جىق تەربىيە كۆرگەن ئاڭلىق، ئىلمىي ئادەملىكىنى پەش قىلىپ، خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشايدىغان ئەخمەقلەرگە ئوخشىمايمىز.

بىزدە «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن گەپ بار. ئەتە ئۆلىمىزمۇ، ئۆلگۈنىمۇ؟ بۇ بىزگە نامەلۇم. ئوينايمىز، ئىچىمىز، سورۇنىمىزغا جان كىرگۈزۈپ، ئەقلىمىزنى لال، تىلىمىزنى گال قىلىدىغان سەنەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆيدەكى خوتۇن دېگەن نېمە-ئۇ؟ «ياشا، ماخمۇتجان، ياشا...» دەيمەن ئۆزۈمگە ئەمما شۇ بىر ئېغىز گەپ-زە ... بىز تېخى «جەمئىيەتنىڭ زاپاس داشقاللىرى» بولۇپ قالدۇقما؟! بىزنى شۇنداق دېگۈدەك ئۇ ئۆزى زادى قانچىلىك بىلىملىك، ئەخلاقى-پەزىلەتلىك ئادەم ئىدى؟ «داشقال» دېگەن زادى نېمە گەپ ئۆزى؟ ياق، ياق، مەن ئادەملەرنىڭ داشقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، خەپ ...سېنى...

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئابدۇلئەھەد قادىرى

# غەزەللەر

1

نىگارا قىلمىغىن مەھرۇم مېنى ئوت — ئىشتىياقىڭدىن،
مىگەر مەھرۇم قىلار بولساڭ ئازات قىل غەم — فىراقىڭدىن.
سېنىڭسىز يوق تېنىق مەندە، تومۇردا قانلىرىم تاكى،
ياشارغان بىر گىياھ مەنكىم ئىچىپ سۇ نۇر بۇلاقىڭدىن.
ياراتمىش ئەسلىدە تەڭرىم سېنى رەنجىمگە شىپا ئەيلەپ،
خۇشاللىق تاپقىنىم بالغان ئەمەستۇر گۈل سىياقىڭدىن.
سېنىڭ ۋەسلىڭ تاماسىدا ھايات مەجنۇنغا ئايلاندىم،
يېتەر، ئوق ئۈزمىگىن ئەمدى رەھىمسىز كۆز قاراڭدىن.
ئىنايەت جامىدا مەي سۇن، ئىچەي تەشنالىقىم قانسۇن،
ئەھەدى بەختىنى تاپسۇن سېنىڭ ئىللىق قۇچاقىڭدىن.

2

نىگار ۋەسلىڭگە زار بولماق پېشانەمگە پۈتۈلگەنمۇ؟
ۋەيا سۆيگۈڭ مىزانىغا خىلاپ سەھۋەن ئۆتۈلگەنمۇ؟
سەھەر گۈل بەرگىدە شەبنەم كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرسا،
دېمەكتىمۇ، كۆزلىرىمدىن ياش ئەمەس شەبنەم تۆكۈلگەنمۇ؟
نالاي ئاشىق ۋاپا ئىزدەپ جاپا چەككىنى راست، ئەمما —
ئېلىپ قەددى مىسالى دال كەبى مەندەك پۈكۈلگەنمۇ؟
ئۆزۈڭ تاشتىن يارالغانمۇ (ئەجەپ قاتتىق ئىكەن باغرىڭ)،
سېنىڭدەك زۇلمىكار ئەھلى مۇھەببەتتە كۆرۈلگەنمۇ؟
ئەھەد كەچسە كېچەر جاندىن، بىراق كەچمەس نىگار سەندىن،
ھامان قۇچماي ۋىسال چۈنكى، ئاشىق قەلبى سۆيۈنگەنمۇ؟!

3

جىمى ئىقلىمنى ئاقتۇرساڭ مېنىڭدەك ناتىۋان يوقتۇر،
ئۈزۈلگەن بەرگىدىن گۈلدەك چىرايى زەپىران يوقتۇر.
جۇدالىق دەشتىدە يالغۇز، يېپىنچام بولدىلەر قار — مۇز،
سامادىن ساقىدى يۇلتۇز، نىگاردىن ھېچ زۇۋان يوقتۇر.
گويا چوغدۇر ئىچى — ناشىم، كۆزۈمدىن قۇرىماس ياشىم،
يېنىمدا يارۇ — مۇڭداشىم، بېشىمدا پاسىبان يوقتۇر.
قانائەتسىز بىناۋا قۇشمەن، گاھى ئوڭ گاھى بىھۇشمەن،
جۇنۇن روھىم بىلەن خوشمەن لېكىن جىسمىدا جان يوقتۇر.
ئەھەدى بولدى ياش تۆكمە، ئازاب دەرياسىغا چۆكمە،
شىجائەت بولسىلا سەندە ۋىسالدىن ھېچ گۇمان يوقتۇر.

4

بۇ ئىشق بازىرىدا «شەيتان» مۇ بار «ئادەم» مۇ بار،
شائىرىدەك رەزگىلەر ھەم مەرت، سېخى ھاتەممۇ بار.
ئەلمىساقتىن ئىشقى نەلەي دەرتكە بولمىش قوشكېزەك،
شۇ سەۋەپتىن بار ۋىسال ھەم ئاھۇ — زار، ماتەممۇ بار.
بولما ھىجران كۆلپىتىدىن نائۈمىتۇ — دەرگۇمان،
بىر ئەزىم دەرياكى ئۇنىڭغا ھەم شېرىن زەمزەممۇ بار.
كىرمە، كىرسەڭ چىقمىقىڭ تەس بۇ ئىشقنىڭ غارىدىن،
ئۇندا توسقۇن، بۇندا ئۆتكەل، سېھىرگەر چىلتەنمۇ بار.
ئەھەدى، ئاشىقلىقىڭنىڭ تەقدىرىدىن غەم يېمە،
ساڭا ھامىي شائىرىڭدەك رۇستەمى — دەستانمۇ بار.

5

مېنى بەزمىن بۇرادەرلەر ئەجەپ ئويچان كىشى — دەپتۇ،
ئىچى مۇڭ — دەرت بىلەن توشقان، بىراق خۇشھال تېشى — دەپتۇ.
بېشىمدىن ئۆتتى كۆپ ئىسسىق — سوغۇق دىشۋارى قىسمەتلەر،

بۇنى بىلمەي، ئىچۇك بالدۇر ئاقارغاندۇ بېشى—دەپتۇ.
ۋاپاسىز ئۆتنە ئالەمدە ماڭا كىمدىن ۋاپا كەلدى،
چۈشەنمەي، يوقمىدۇ دوست ـ يار ۋە ياىر دىلكەشى—دەپتۇ.
مۇھەببەت دەشتىدە سۆيگۈ ـ ۋاپا ئىزدەپ جاپا چەككەن،
جۇنۇن تۇرسام، ئەجەپ توختار ئەمەسقۇ كۆز يېشى؟—دەپتۇ.
ۋۇجۇد مۈلكۈمدە ۋىجداندىن زىيادە مال ـ بىساتىم يوق،
شۇڭا، كۆز ھالى بۇ تۇرسا، ئۆتەر قانداق قىشى—دەپتۇ.
جىمى دەرتكە سۈكۈت ئېيلەپ ئۈمىتۋار، خۇشكەيىپ يۈرسەم،
ئەجەپ ـ ھە، يوقمىدۇ زەررە ئۇنىڭ غەم ـ تەشۋىشى—دەپتۇ.
بىرىسىنىڭ ئالدىدا خارمەن، بىرىگە ئەتىۋا، زەرمەن،
ئەھدى ئۈيلىنىپ بىر پەس، دېمەك تەقدىر ئىشى—دەپتۇ.

ئابلىمىت مىجىت

6

بىرى، ئىچمە ھاراق ـ مەيزاپ، ئۇنى ئىچمەك ھارام دەرلەر،
بىرى، ئىچمەي تاپار قانداق مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام، دەرلەر.
بىرى ئىچكەنگە ئۆچ ئەمما بىرى ئىچكەنگە خوش ـ رازى،
ئىچەرمەنلەر ئىچىپ شۇنداق ياشايمىز شات ـ خۇرام، دەرلەر.
بىرىدىن ئاڭلىسام دەرتمەن ئىچەرمىش «دەردى» بولغاچقا،
چېكەرمىش بەڭگىمۇ دەرتكە چىدالماي بىر ئورام، دەرلەر.
بىرى، كىم قىلسا بەڭۋاشلىق ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتمەي،
پۇشايمان ئاققۇزار ئاخىر كۆزىدىن مىڭ تارام، دەرلەر.
ئەھدى ئىچمىسە مەيلى، ئەمەسمۇ ئۆزىنىڭ پەيلى،
ئىچەرمەن تونىلاپ، ئىچسەم ساقايسا دىل يارام، دەرلەر...

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

# ئاشىقلىق لىرىكىسى

مەن ئاشىق پەرىزاتقا، پەرىزاتقا،
گەر كۆرسەڭ ئۇنى سەنمۇ كۆزۈڭ چۈشەر.
ئاھ شۇنداق سىرلىق ئىكەن سۆيگۈ دېگەن،
كىم يەتكەن ئارزۇيىغا،
كىملەر يېتەر!؟

1

ھاياتلىق سەپىرىمدە تۇنجى مەرتەم،
ساڭىلا، بىر ساڭىلا كۆزۈم چۈشتى.
ئىشقىمنىڭ بۇلبۇلى گاڭ قانات كېرىپ،
چىن قەلبىڭ ئاسمىنىغا قاراپ ئۇچتى.

تەلمۈردۈم ۋەسلىڭ ئۈچۈن ئوتتەك كۆيۈپ،
ۋە لېكىن كەلمىدى ئۇ يېرىم تۇتام.
ئاھ بۇنداق بولارىمنى بىلسەم ئەگەر،
بوپتىكەن تونۇشمىسام ـ تونۇشمىسام.

پاك خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ،
چىقسەن ھەر كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ.

بۇ مۇڭلۇق پىغانىمنى تۇيۇپ قالغاچ،
چىدىماي ياستۇغۇممۇ كېتەر يىغلاپ.

كۆزۈمنىڭ ئېقىدا بار شەپەق ئەكسى،
تۇرىمەن يېرىم سولغان قىزىلگۈلدەك.
ئاھ شۇنداق خارلىغىلى چىدايدىغان،
ئېيتقىنا بۇ سەندىكى قانداق يۈرەك.

ئولتۇرسام ـ قوپسام پۈتۈن ھوشۇم سەندە،
ئىچىمدە شېئىر ئوقۇيمەن سېنى كۈيلەپ.
نەچچە رەت ئۇخلاۋېتىپ چۈشۈمدىمۇ،
ئىسمىڭنى تىلغا ئېلىپ سالدىم جۆيلەپ.

سورىدى ئاتا ـ ئانام تەئەججۇپتە،
ئېيتقىدا سەن يادلىغان قايسى ماھى.
زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدىم ئاستا:
بىلمەيسەن، ئۇ قەلبىمنىڭ ئۇلۇغ شاھى.

بولسىمۇ بىدار گەرچە دىل كۆلكىدىن،
كۆلسەمەن ئاچچىق ـ چۇچۇك زورلاپ تۇرۇپ.
كۆلسەممۇ، يىغلىسامىمۇ ئامال قانچە،
مۇمكىنمۇ يۈرىكىمنى تاشلاش يۇلۇپ...!

2

ئۇخلايتتىم مەن ئەسلىدە بىخىراماں،
ئۇيقۇمۇ ئەمدى ماڭا ھارام بولدى.
ئويناقشىپ قان تىپەتتى يۈرەك لەرزان،
يۈرىكىم يۈرەك ئەمەس يارام بولدى.

•

تەپكىنى قانمۇ ئەمەس زەرداپ سۈيى،
قەلبىمدە ئۇيۇپ قالغان پاك سۆيگۈنىڭ.
كىرپىكىملا ئوقيا ئوقى كۆزۈڭ ئوۋچى،
ئوۋلانغان ئوۋى، مانا مەن ئوۋچىنىڭ.

يول يۈرسەم يۈرەلمەيمەن ئاۋاقىدەك،
قەدىمىم كېتىپ قالار دىرنىزەڭگە.
يۈرىكىم سەن تەرەپكە ئاتار ئۆزىنى،
ئېھتىياج بولۇپ قالغاچ سەدىقەڭگە.

سەدىقە تىلەر يۈرەك يۈرىكىڭدىن،
(ماڭا ھېچ لازىم ئەمەس بايلىق ۋە پۇل)
بىلىسەن شۇ چاغدىلا تاپار ئەمىن،
ئېچىلسا قەلبىم ئۈچۈن قەلبىڭگە يول!...

3

ساھىلدەك كۆز ئېڭىكىڭگە قاراپ ئۆتتۈم،
كۆزۈڭنىڭ نەكتىدىن نۇر، ئورۇن ئىزدەپ.
قىرىڭنى تاشلىساڭ زور ئارام بولدى،
بولمىسا قان يىغلىدىم لېۋىم چىشلەپ.

ياشلىرىم تۆكەپ، ئوتتۇم كۆيۈپ بولدى.
كۆز يېشىم ئاققان يەردىن ئېچىلدى گۈل.
ئاھ ئوتتۇم كۆيگەن جايمۇ قاقاس بولدى،
تاغ ۋە تاش ئوت تەپتىدە بولدى كۆل ـ كۆل.

كىرپىكىم سەرەڭگىسى پىرقىراپلا،
قىرنى تاشلاپ قويسا قارچۇغۇمغا.
«گۇپ» قىلغان بىر ئاۋازدىن يەر تىترەپ،
ئوت ئالار ئوچاقتىكى ھۆل ئوتۇنغا.

كەلسەملا چۆمۈلۈشچۈن سۇغا ھەر رەت،
تەپتىمدىن دەريا ـ كۆللەر كېتەر قايناپ.
كۆيگەندە يۈرىكىمنىڭ مىڭدىن بىرى،
كېچىمۇ كۈندۈز كەبى كېتەر چاقناپ.

باققاندا چىڭقى چۈشتە كۈنگەيلەرگە،
لال بولار قۇياشنىڭمۇ كارامىتى.
نەدە بار زەر قۇياشنى گاڭگىرىتىش،
بىلسەڭ گەر شۇ ئوت يۈرەك ھارارىتى.

بوپ قالدى بىر قانچە يىل مەن بار يەردە،
قىش بىلەن سوغۇقنىلا ھېچ قاراسى يوق.
ھەر قاچان قىزىلگۈللەر ئاچار پورەك،
يېشىللىق دۇنياسىنىڭ قازاسى يوق.

ئاھ، شۇنداق ئازاب بىلەن ئۆتمەكتىمەن،
تىلىمدىن ئوت چىقىدۇ، كۆزۈمدىن قان.
قورقىمەن بىزار بولۇپ مەندىن ھايات،
كېتىشىدىن چىقىپ ئاستا تېنىمدىن جان.

بىلدىمكى قەددىڭ ئەجەپ ئېگىز ئىكەن،
جاھاندا ئىنسان قولى يەتمىگۈدەك.
تىترەيتتى چىن سۆيگۈمدىن تاشمۇ لېكىن،
بوپ قاپسەن تاشتىن ئۆتە ئالماس يۈرەك.

شۇندىمۇ كۆز ئۈزمىدىم، ئۆزەي قانداق،
تۇرساڭسەن يۈرىكىمگە سانجىپ خەنجەر.
ئاھ، مانا ياشاش دېگەن قىيىن شۇنداق.
ياشايمەن پاك سۆيگۈدىن سۇزۇپ جەۋھەر...!

تەھرىرى: مەتسلىم مەتقاسىم

ئېزىز ھاشىم

# شېئىرلار

## شائىرلىق

سوغۇق كۆز نۇرىدا تىترەيدۇ قەلبىم،
مىسالى بىر قۇشمەن ئۇچۇپ باقمىغان.
نۇرمۇشنىڭ بەرگىدە تىترەيمەن غال ـ غال،
دۇنيامۇ ناتونۇش قىزغا ئايلانغان.

ۋىسال بەك يىراقتا، كېچىشمۇ قىيىن،
دات باسقان باغرىمدا لەختە ـ لەختە قان.
دۇنيا—ئۇ ئەركەكنىڭ ئۆلۈم مەيدانى،
ۋىجدانلىق ياشاشمۇ مۇشكۇل بىر جەريان.

ماڭىمەن يولۇمدا دۇنيانى يۇدۇپ،
ئىپپەتسىز ھەقىقەت ئۆتىدۇ تالاپ.
تۇندىكى ئىنسانغا يۇلتۇزلار ماياك،
چىقىمەن تۇن بويى قان قۇسۇپ سايراپ.

## دېھقان

دېھقان—
سۇبھى باغرىغا تۆكۈلگەن بىر كۈي،
خىزىر ئوقۇغان مۇقەددەس دۇئا.
فىردەۋسكە ① تەكلىپلىك مېھمان،
ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا.

ئەقىدىسى تۇرار يالتىراپ،
ئۆلۈم ئاڭا يېڭى باشلىنىش.
ئۇمىد بىلەن كۆكلەر ئېتىقات،
ئېتىقادتا يوقتۇر يېڭىلىش.

دېھقان—
يالتىرىغان يامغۇر تامچىسى،
شىلدىرلىغان ياپراق ئۇستىدە.
يوقسۇللۇقتا نەمدەلگەن قاراق،
بىر كۈنلەردە بولار ئەسلىمە.

## مۇقام

مۇقام—سەن مېنىڭ تارىخىم تۈنجى يېزىلغان،
سەن مېنىڭ تارىخىم ساقلىنىپ قالغان.
دۇتارنىڭ تارى، تەمبۇر ساداسى،
جان تومۇرىغا قويۇلغان ئۇلاپ.
مۇپەسسەل تارىخ، چوڭقۇر پەلسەپە،
ھەر مىسرا شېئىرىدا نۇرىدۇ چاقناپ.

ئەڭ گۈزەل قارشىلىق بولغانىكەن پۈتۈپ،
خەلق يۈرىكىگە رىتىمداش ئاھاڭ.
يامغۇرغا قانىدۇ روھىڭ چۆللىرى،
مەسۇمە ھىس بىلەن مۇقام ئاڭلىساڭ.

تەسەللىي ئۇ بۈگۈن نامرات دىللارغا،
ھاياتلىق چۆلىدە يۈرگەن ئېزىقىپ.
سۇمۇرۇپ ئۇندىكى گۈزەل ھېسلارنى،
چىقىمەن ئۆزەمنى قايتا يارىتىپ.

## كۈتۈش

سىم ـ سىم يامغۇر ياغماقتا ئاستا،
ئۇ قەلبىمنىڭ يېشى ئېھتىمال.
كۈتكەندىمەن سېنى مىليون يىل،
كىلمۇەرگىن، كەلگىن بىمالال.

چاچلىرىڭدا كۆيگەن لەۋلىرىم،
قاغجىرىدى، يېرىلدى چاك ـ چاك.
ئەسلىمەمگە چۆكىمەن ئاستا،
كۆزلىرىمدە بىخلايدۇ پىراق.

كېتىپ قالار ئادەملەر تېز ـ تېز،
ھەمراھ ماڭا ستولبا، كوچا.
تۇتقۇن بولۇپ غالجىر ۋاقىتقا،
كۈتمەكتىمەن سېنى يامغۇردا.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

①فىردەۋس ـ ھەدىستىكى ئەڭ كاتتا جەننەتنىڭ ئىسمى.

ئايىمنىسا سۇلايمان

# قەلبىمدىن مەڭگۈلۈك ۋاپانى ئىزدەپ

## سېنى كۈتۈپ

كۆزلىرىڭنى كۆردۈم يۇلتۇزدىن،
قامىتىڭنى ئوخشاتتىم تاغقا.
ھارارىتىڭ تەپتىدە قەلبىم،
كىرمىدى ھېچ ناتونۇش باغقا.

شاماللاردىن سورىدىم سېنى،
«بىز كۆرمىدۇق» دېدى شاماللار.
قۇياش، ئايدىن سورىدىم سېنى،
جاۋاب بەرمەي مۈكۈندى ئۇلار.

قالغانمىدۇ چارچاپ يا ئېتىڭ،
يېقىلدىڭمۇ تاغ ـ داۋانلاردا.
ئۇچرىدىمۇ مەپتۇنكار بىر گۈل،
باياۋاندا يا چىمەنزاردا.

سىڭىپ كەتتىم تەنھالىقىمغا،
سېنى كۈتۈپ ئۇزاقتىن ئۇزاق.
ھارارىتىڭ تەپتىدە قەلبىم،
گۈلخان كەبى ياندى لاۋۇلداپ.

## ۋاپا ئىزدەپ

يېپىلدىم يولۇڭغا پايانداز بولۇپ،
سېغىنچىم چېكىگە يەتتى ئېھتىمال.
ھىجران دەشتىدە يۈردۈم تەمتىرەپ،
ۋىسال ساھىلى كۆرۈنەر غىل ـ پال.

سۇبھىنى يۈيمەن كۆز ياشلىرىمدا،
گاھ سۆيگۈڭ دىلىمغا ئۇرسا گەر خەنجەر.
ئېچىلىپ كېتىمەن باھار گۈلىدەك،
پارلىساڭ يولۇمدا بولۇپ بىر ئەختەر.

گاھىدا رۇخسارىم بولىدۇ سامان،
نىگاھىم مۇڭلارغا تولىدۇ قەۋەت.
قەلبىمدىن مەڭگۈلۈك ۋاپانى ئىزدەپ،
شېرىنىڭ قەلبىدە تۇغۇلدۇم رەت ـ رەت.

## يىگانىمەن

ئاشيان بولۇپ غېرىبلىقتا، بۇ شەھەردە يىگانىمەن،
شاھىد بولۇپ بىغەملەرگە، شان ـ زەپەرگە بىگانىمەن.
دىلىمدا ھەسرىتىم تولا، كۆڭلۈم ھىجرانغا ھامىلدار،
كۆزۈمنىڭ تەكتىدە ئوكيان، ھەر سەھەردە سەكپارىمەن.
بارالمايمەن رېستورانغا، كۈلەلمەيمەن يا شادلىنىپ،
ئىچۇكتۇركى ئۇشبۇ ھالىم، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھەيرانىمەن.
مۇشتاق بولۇپ يار ئىشقىدا، كۆيدى يۈرەك گۈلخان بولۇپ،
ۋىسال ئىزدەپ باياۋاندىن، ھەر دەقىقە سەرسانىمەن.
ساداقەت كوچىسى بىرلە، كۈلۈپ كەل ئالدىمغا نىگار،
تەنھالىق ئىلكىدە مىسكىن كۈلپەتكە جۆر رەھۋارىمەن.
تاھىردەك مەردانە بول، زىنھار يەم بولما ئېقىملارغا،
ھەقىقەت قەسرىدە پالۋان، ۋاپادارنىڭ زۆھراسىمەن.

## قىلدىڭ

يولۇڭغا باقسام ئىنتىزارلىقتا، تەشنالىقىمنى خارۇ ـ زار قىلدىڭ،
ساقلىتىپ ئۇزاق يىللار قوينىدا، يۈرەك باغرىمنى خۇنخۇار قىلدىڭ.
تولغىنىپ ھەر تۈن دەرت پىراقىڭدا، كۆز يېشىم بىلەن ئاقارتسام تاڭنى،
چىركىنلەر سېپىپ كۆڭۈل بېغىمغا، شاد كۈنلىرىمنى ھازىدار قىلدىڭ.
ئازابلىرىمنى مۇزلىتىپ قويۇپ، توسما ياسىسام كىرپىكلىرىمدە،
بولالمىدى دال نازۇك دىلىمنى، ھىجران دەشتىدە ياردار قىلدىڭ.
چېھرىم رەڭ ئېلىپ كۆز ياپرىقىدىن، تىنىم تىترىسە جۇت ـ شۇۋرغاندا،
ۋىسال گۈلىنىڭ نەۋ باھارىنى، ھايات قەسرىمدە بىقارار قىلدىڭ.
ئېيت نىگار نىچۇن كۈتۈشلىرىمگە پەرۋا قىلمايسەن ھەتتا بىر لەھزە،
قايسى مەقسەتتە گۈل باھارىمنى كۈلپەت ئىچىدە بىمادار قىلدىڭ؟!

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# نافۇس تۇيغۇلار

(نەسىر)

## ھېكمەت

مەن يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن بۇرۇن، ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك قىسمەتلىرىنى يەتكىچە تارتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن بوۋام ئۆز خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى پۈتۈپ قويغانىكەن:

«ئوغلۇم، ھاياتلىق سەپىرى نامايىتى ئۇزۇن ۋە ئەگرى ـ توقاي، شۇڭا، ھەر بىر قەدىمىڭنى ئويلىنىپ باس! ھەر قانداق ماكان، زاماندا ئۆزۈڭگە چېكىنىش يولى قالدۇرۇپ قوي!

بۇ سەپەردە سەن گاھ ئاتلىق، گاھ يالاڭئاياغ پىيادە يۈرىشىڭ مۇمكىن. ئالتۇن ئېگەر ـ جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن دۇلدۇلغا مىنىپ ئۇچقىنىڭدا ئارقاڭدىن سوكۇلداپ كېلىۋاتقانلارنى ھەرگىز ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كۆرمە؛ ئاشۇ ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈپ، پىيادە قالغىنىڭدا ئات مىنگەنلەرنى ئۆزۈڭدىن ئۈستۈن كۆرمە. سەن بۇ ئۇللەتنىڭ قايسى بىرىنى يۇقتۇرۇ-ۋالساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئادەمىيلىكىڭنى ۋە ئۇلۇغۋارلىقىڭنى يوقىتىسەن...» مەن بۇ قۇرلارنى كۆرۈپ، ھايات سىرلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

## شائىر

شائىر—كۆزى يورۇش ئالدىدا ئاچچىق تولغاق يەۋاتقان ئانا.

شائىر—كۆيۈپ كېتىشنى بىلىپ تۇرۇپ ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغۇچى پەرۋانە.

شائىر—باشقىلارغا يورۇقلۇق بېرىپ ئاخىرى كۆيۈپ تۈگەيدىغان شام.

شائىر—تۆمۈرچىنىڭ سەندىلى بىلەن بازغىنى ئارىسىدا سوقۇلۇۋاتقان چوغسىمان تۆمۈر.

شائىر—ئوق يەپ يارىلانغان شىر.

شائىر—ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىدىغان ئوت يۈرەك ئىنسان...

## تووۋا دەيمەن، تووۋا...

تووۋا، ھاياتلىق دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن:

بۇ ئۆمرۈمدە كۆكۈللەرگە شادلىق، جانلارغا ھوزۇر بەخش ئېتكۈچى رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى، چاياندەك نەشتەر ئۇرغۇچى تىكەنلەرنىمۇ كۆردۈم. «ھەسەلنىڭ قىلىنى ئىلغاپ، ھۆيۈپنى يۇڭدىماي يەيدۇ» غان، ئاغزىنىڭ كۆيۈپ قېلىشىدىن قورقمىسا دوزاخنى «ھاپ» ئېتىشتىن يانمايدىغان—ھارامنى ھالال دەيدىغان ئاچ كۆز، ھارامخورلارنىمۇ كۆردۈم. ھارامنى يەپ تۇرۇپ: «ھارام يېسەڭ گۇناھ بولىدۇ» دەپ جار سالىدىغان ھارامتاماق ھاماقەتلەرنىمۇ ھەم كۆردۈم...

«تووۋا» دەپ ياقامنى چىشلىدىم مەن، كۆزلەرگە ئالۋۇندەك كۆرۈنىدىغان رەڭگارەڭ ھاياتلىق ماڭا يەنە نېمىلەرنى كۆرسىتەركىن؟!...




## ئاجايىپ تۇيغۇ

مەن خوتۇن ـ بالىلىرىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىم يېنىمدا تۇرسىمۇ، يەنىلا يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغان، ھاياتلىق ئەنگۈشتىرىنى يۈتتۈرۈپ قويغان بىچارە ئادەمدەك مىسكىن، خىيالچان يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئادەملەر ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىنىڭ قەلب رىشتىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان



ئات ھېرىپ قالسا بىر پىچاق، كىشىك ھارسا بىر چۆچەك قوناق.

ئىشەنچ زەنجىرلىرى ئۈزۈلدى. ئەقىدە ـ ئېتىقادتىن پۇتۇپ، مېھرى ـ مۇھەببەت كەۋسەرلىرى بىلەن تولۇپ، سۇنۇلغان قەدەھلەر چېقىلدى. يېقىن ـ يىراقلىق نام ـ مەنپەئەت بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى...

پەقەت قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدىلا ئۆزۈمنى چىن سۆيگۈ، ئەقىدە ـ ئىخلاس قۇياشى پارلاپ تۇرغان، سېخى ئالقانلار كەڭ ئېچىلغان، ئىشەنچ زەنجىرلىرى بىر ـ بىرىگە مەھكەم تۇتاشقان ھۆر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمەن ۋە مۇنداق مىسرالارنى پۈتىمەن:

نۇر ئىچىدە مەۋجۇدتۇر زۇلمەت، يوقىتىدۇ زۇلمەت ھەممىنى،
نۇر ھەممىگە پۈتىدۇ قۇدرەت. نۇر يوقىتار مېنىلا پەقەت.

## «توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ، ئۈچكە جاڭگال»

تەھرىرلىك ئۈستىلىدە ئولتۇرغىنىمغا دەل بىر يىل توشقان كۈنى كېچىسى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.

چۈشۈمدە نۇرغۇن قەغەز دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئولتۇرغىدەكمەن، ئورگىناللارنىڭ بەزىلىرى ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلسا، بەزىلىرى قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، غەزەبلىك ھومىيىپ تۇرغىدەك.

ـــ ساڭا نېمە بولدى؟ ماڭا نېمە ئۈچۈن غەزەب قىلىسەن؟ ـــ دەپ سورىدىم بىر ئورگىنالدىن. ئۇ:

ـــ مېنىڭ ئىگەم ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، كىتاب پۈلى ۋە بالا يىغىش، تۈرلۈك يىغىن ۋە ئۆگىنىشلەردىن باش ئالالماي، تۇمشۇقىدا يەر تىرەپ دېگۈدەك ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقىۋاتاتتى. يېقىندا: «ساڭا ئۇنىۋان بېرىمىز، ماقالە يېزىپ، ئېلان قىلدۇر!» دەپ ۋەھى كەلدى. بىچارە نەدە تۇرۇپ، قانداق ماقالە يازسۇن! ئەتراپىدىكى ئانچە ـ مۇنچە قەلەم قۇۋۋىتى بار تونۇشلىرىنى ئىزدەپ كۆرۈشۈپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغىدەك بىرەرسى چىقمىدى. شۇڭا «تەۋەككۇل بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ» شەھەر مەركىزىگە كەلدى ـ دە، ئۇيان دو-قۇرۇپ، بۇيان دوقۇرۇپ، ئاخىرى «ئۇنىۋان ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە يېزىپ بېرىمىز» دېگەن ئېلاننى كۆرۈپ قالدى. ئېلان چىقارغۇچى بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلىشىپ يۈرۈپ، «بازار ئىگىلىكى دەۋرى» نىڭ تەلىپى بويىچە مېنى 300 يۈەنگە يازدۇرغانىدى. سەن ماڭا «بېشى يوغان، كۆزى كىچىك، ئۈستىخىنى ئاۋاق...بولۇپ قاپتۇ» دەپ نۇرغۇن ئېۋەن قويۇپ، سوغۇق سارايغا بەنت قىلدىڭ، شۇڭا غەزەب قىلدىم ـــ دېگۈدەك.

يەنە بىرسىدىن سورىغىدەكمەن:

ـــ سېنىڭ تەبەسسۇم قىلىشىڭنىڭ ۋەجى نېمە؟

ـــ مېنىڭ ئىگەممۇ ئوقۇتقۇچى. ئۇ مېنى ئاھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققانىدى. شۇڭا، مەن يو-رۇقلۇققا چىقتىم ھەم نۇرغۇن بىلىم مەستانىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا يېڭى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدىم. شۇڭا، سەندىن رازى بولۇپ تەبەسسۇم قىلىۋاتىمەن ـــ دېگۈدەك.

مەن ئۇلارغا بىر نېمىلەرنى دەپ چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇپ ئاغزىمنى ئۆمەللىۋېدىم، كېلىمغا يوغان بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازىم چىقماي، ئويغىنىپ كەتتىم ـ دە:

تووا، «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۈچكە جاڭگال» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك...دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈز-دۈم...

## روچېۋىن

ھاۋا ئىنتايىن تىنجىق ئىدى، بىر نەچچىمىز ئارام ئالغاچ پاراڭلىشىش ئۈچۈن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىق ئۈستىگە قويۇلغان كارىۋاتتىكى كىچىككىنە شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرشاتتۇق، بىر روچېۋىن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ھېلى ئالدىمىزدىكى نازۇ ـ نېمەتلەرگە قونسا، ھېلى يۈز ـ كۆزلىرىمىزگە قونۇپ بىزنى بىزار قىلاتتى...

ئۇ بىزنىڭ ئارام بەرمەي قوغلاپ ـ ھۇركىتىشىمىزگە بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ ياكى ئۆزى شۇنداق قىلىشنى خالاپ قالدىمۇ ئېيتاۋۇر، بېشىمىزغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈزۈك شېخىدىكى ئۆمۈچۈك تورىغا قوندى ـ دە، ئۇيان تىپىرلاپ، بۇيان تىپىرلاپ ئاخىرى ئۆمۈچۈكنىڭ ئىرلىجىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

مەن تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدىم: «كىشىلىك دۇنياسىدىمۇ ئادەمنى بىرار قىلىدىغان ئاشۇنداق روچۇنىلەر بولىدۇ. ئۇلار گىزىلدىشىپ، ھەممە يەردە قاتراپ، «سەن ئەمەس، مەن» بولۇپ يۈرىشىدۇ. سەللا بىخۇدلىشىپ قالساڭ قولۇڭدىكى رىزقىڭنى بۇلغاپ قويىشىدۇ...ئاشۇ روچۇنىلەرنى تۇتۇپ، لەنەت تاختىسىغا مىخلاپ ئەدىپىنى بېرىدىغان «تۈمۈچۈك» لەر ئىجاد قىلىنماسمۇ؟!...»

## ماۋزۇسىز

بىز يەر شارىدا تۇرۇپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىساق، ناھايىتى كىچىك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر يۇلتۇزلارغا قونۇپ ئولتۇرۇپ يەر شارىغا قارىساق، ئوخشاشلا يەر شارىمۇ كىچىك كۆرۈنىدۇ.

دېمەك، رەڭگارەڭ ھاياتلىق دۇنياسىدا بىز ئۇچرىغان ھەر بىر قىسمەتنى ئاشۇ ئاسماندا چاقناپ تۇرغان ياقۇتلارنى كۆرگەن كۆزىمىز بىلەن كىچىكلىتىپ كۆرسەك نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟!

**تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

**مۇھەممەت**

# روھ سۈرىتى

(نەسىر)

1

چايقىلىپ تۇرغان ئەگىز سۇلارغا تىكىلدىم. قۇياش سەتھىدە پارلاپ تۇرغان نۇر دەستىلىرى ئارىسىدىن ساڭا گۈل دەستە يىغىۋېلىشنى ئويلايتتىم.

قاپقارا تۇمانلار ئارىسىدىن گۈركىرەپ كېلىۋاتقان شامالغا يولۇقۇشۇمنى زىنھار ئويلىمىغانىدىم. يۈز ـ كۆزۈمگە كۈچلۈك ئۇرۇلغان توپا ـ چاڭلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا تىرىشتىم، تېزلا ئارقامنى قىلىپ تۇرۇۋالدىم.

كۆكتە غۇلاچ يېيىپ ئۇچىۋاتقان بۈركۈتنى كۆردۈم. ئۇ بورانلارنى ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئۇچىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى ئەيىبلەشكە باشلىدىم. جاسارەت قاناتلىرىغا ئىگە قەلبلەردىلا ئۇلۇغلۇق بولىدىغانلىقىغا ئاستا ـ ئاستا ئىشەنمەكتىمەن.

2

يامغۇرنىڭ تاراسلاپ چۈشىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزاق بولدى. ئۇ دەرىزەمنى گۈزەل بىر قىز كەبى توختىماي چېكەتتى. ئۇنىڭ يالتىراپ تۇرغان بەرىدە ئۇلۇغ بىر نۇر ماڭا نازلىنىپ قارايتتى.

سۈزۈك بىر سەھەرنىڭ ماڭا قۇچاق ئاچقىنىدىن چەكسىز شادلاندىم. قىز ماڭا تېخىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا دەرىزەمنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىشنى ئويلىدىمۇ، بىراق، ئۇنىڭدىن تارتىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ بەرگىدىكى ئاشۇ ئۇلۇغ نۇردىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايۋاتاتتىم.

يامغۇر ئەمدى پەسىيىشكە باشلىدى. دەرىزەمنىڭ دەم ـ دەم چېكىلىشىدىن بۇنى سەزدىم. قىز ئاستا قەدەم بىلەن ئارقىسىغا چېكىنىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا قۇچاق ئاچىدىغاندەك قىلاتتى.

ــتېزرەك بول، پۇرسەتنى قولدىن بەرمە! بۇ نۇر، بۇ گۈزەللىك بۇرۇنلا ساڭا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى،ــ دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

دەرىزەمنىڭ ئىككى قانىتىنى ئېچىۋەتتىم. ئۇ ئىللىق بىر تۇيغۇلار ئىچىدە كۆزنەكلىرىمدىن سىرغىپ قەلبىمـ نىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كىرىپ كەتتى.

3

تالزارلىقتا شەپەقتەك قىزارغان سايىلەرگە قاراپ كېتىۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭ يوشۇرۇن تۇيغۇلىرىم ئارىسىدىن ئېتىـ لىپ چىققان مۇڭلارغا جور بولۇپ سايرىشىۋاتقان قۇشلارنى كۆردۈم. ئۇلار مېنى سۆيمەكتە ئىدى. مۇئەللەقتە ئېسىلىپ

قالغان ساپسېرىق بىر يوپۇرماق شۇ تۇرقىدا تالزارلىقتا ئۆزىنىڭ هاراره‌تلىك جىسمىنى تەسەددۇقلاۋاتاتتى...

تالزارلىقنى چاكىلداپ سايراپ بىر ئالغان قۇشلارغا قارىدىم. تالزارلىقمۇ، مەنمۇ هەتتا هېلىقى ساپسېرىق يوپۇرماقمۇ قۇشلارنىڭ ئاۋازىغا مۇجەسسەملىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تۇيغۇمدىن چىقىۋاتقان مۇڭ ئىچىگە هەممىسىنىڭ مۇجەسسەملىشىپ كېتىۋاتقىنىدىن هەيران بولدۇم.

تاشلىنىپ تۇرغان شاخلارغا ئۇچۇپلا چىقىۋالدىم. ئاستىمدا بىخارامان ئۇخلاۋاتقان يوپۇرماقلارغا زوق بىلەن قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ تاتلىققىنە تىنىشلىرى مېنى شادلاندۇردى. تۇيۇقسىز باللىقىمنىڭ غۇبارسىز دەقىقەلىرى ۋۇجۇدۇمغا يېقىنلاشتى. ئۇنى سۆيدۈم، ئەركىلەتتىم، ئويناتتىم...

قانچىلىك ۋاقىت تۇيغۇلىرىم ئىچىدە يۈرگىنىمنى نامەلۇم، پەقەت يۇلقۇنۇپ چىققان روھىمدا شەپەقتەك قىزارغان سايىلەرلا تۇراتتى.

4

تاغ قاپتاللىرىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە كۆزلىرىمنى چەكچەيتكىنىمچە قاراپ قالدىم. ئۇلاردىن خەۋپسىرەيتتىم. يۈرىكىمنىڭ ئادەتتىكىدىن تاشقىرى سوقۇپ كېتىشلىرى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ئۇلار كۆزۈمگە خۇددى ئېگىز تاغ چوققىلىرىنى يېرىپ پارە - پارە قىلىپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. تاغ چوققىسى ئۇلارغا يېقىنلىشىۋاتامدۇ ياكى ئۇلار تاغ چوققىسىغا يېقىنلىشىۋاتامدۇ بۇنى بىلىشنى بەكمۇ خالايتتىم. ئارقىمدا ئۇلارغا كۈچ - قۇدرەت ۋە ئامانلىق تىلىشىپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرگەن بىر توپ كىشىلەرنى كۆرگىنىمدە پۈتۈن گۇمانىي هېس - تۇيغۇلىرىمدىن ئاللىبۇرۇنلا ئايرىلغىنىمنى هېس قىلدىم.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

ئەسقەرجان ئەزىزى

## سەنمۇ شۇنداق ئويغۇنامسەن؟

(نەسىر)

ئەمدى كىملەر سېنى يىغلىتىپ ئويناۋاتقاندۇ؟

سەن يىغلاڭغۇ ئىدىڭ. مەن سېنىڭ ئاسلان قۇيرۇقى قىلىپ بوغۇۋالىدىغان ئۇششاق ئۆرۈمە چېچىڭنى تارتىپ سېنى قەستەن يىغلىتىپ ئوينايتتىم. هېلىقى كۈنى مەن ئۆچۈرگۈچۈڭنى تىقىۋالدىم. سەن ئۇنى تاپالماي تىت - تىت بولۇپ كەتتىڭ، مەنمۇ «كۆرمىدىم» دېدىم. سەن باشقىلاردىن سورىيالمايتتىڭ. چۈنكى، ئۇ تىل دەرسىدىن ئىمتىھان ۋاقتى ئىدى. ۋاقىت قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. سەن تېخىچە خاتا يېزىلغان جاۋابلارنى ئۆچۈرەلمەي ئولتۇرالمايلا قالدىڭ.

—پۇچۇناي، تۇزۇمگە رىئايە قىلىڭ!

بۇ كومىسسىيە بولغان مۇئەللىمىڭ—سېنىڭ تازا خوشۇڭ يوق «بوجەن» نىڭ ئاۋازى ئىدى. سەن يىغلاپ تاشلىدىڭ، ئۆچۈرگۈچۈڭنى چاندۇرماي ئالدىڭغا قويۇپ قويدۇم...ئەمدى سېنى كىملەر يىغلىتىپ ئويناۋاتقاندۇ؟

ئەمدى كىممۇ ساڭا جىگدە ئېغىتىپ بېرىۋاتقاندۇ؟

سەن يىمىش جىگدىگە ئامراق ئىدىڭ. يازلىق كانىكۇلدا سەن هەمىشە مېنى چاقىرىۋالاتتىڭ. چۈنكى سەن جىگدە شېخىغا چىقالمايتتىڭ. - دە. بىز دائىم بىرلىكتە ئۇتتۇن تېرىيدىغان هېلىقى جىگدىلىككە باراتتۇق. ئۇ يەردە جىگدىلەر—قاپاق جىگدە، يىمىش جىگدە، قاغا جىگدە...لەر كۆپ ئىدى. كۆپ - كۆك ئاسماندا بىر نەچچە پارچە ئاق بولۇت ئۈزۈپ يۈرەتتى. قۇياش خۇددى غايەت زور ئوت شارىغا ئوخشاش ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئېسىلىپ تۇراتتى. ئەتراپ شۇ دەرىجىدە تىمتاس، پەقەت سېنىڭ ئېرىق سۈيىگە ئوخشاش سۈزۈك ئاۋازىڭلا بۇ جىمجىتلىقنى هەيدەيدۇ. مېنى يەنە جىگدىگە چىقاردىڭ. مەن جىگدىلەرنى كۆچەپ ئېغىتىمەن، سەن تۆۋەندە تاقلاپ يۈرۈپ تېرىسەن. قانچىلىك ئېغىتتىم، بۇنى بىلمەيمەن. ئېغىتىمەن... ئېغىتىمەن... پەقەت هارمايمەن. چۈنكى، سەن يىمىش جىگدىگە ئامراق

ئىدىڭ...ئەمدى كىممۇ ساڭا جىگدە ئېغىتىپ بېرەلەيدۇ؟

ئەمدى كىمنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقانسەن؟

غەلۋىخور قۇشقاچلار يوقالدى. يىراقلاردىكى ئېگىزلىكلەردە پادىلار تويغىنىدىن سوزۇلۇشۇپ يېتىشىدۇ. كۆپ ـ كۆك ئاسماندا بىر نەچچە پارچە ئاق بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرۈيدۇ. سېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن جىگدە ئېغىتىۋاتىمەن، ھارغىنىمنى پەقەت بىلمەيمەن، سەن تۆۋەندە يۈگرەپ يۈرۈپ جىگدە تېرىسەن. ئاسلان قۇيرۇقى قىلىپ بوغۇۋالغان ئۇششاق چاچلىرىڭ ئەرەپ ـ تەرەپكە سىلكىنىدۇ. ئۇ ماڭا شۇنداق بىغۇبار ۋە سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ. ئېغىتىمەن، ئېغىتىمەن، ھارغىنىمنى پەقەت بىلمەيمەن...توساتتىن جىگدە شېخى يېرىلىپ كەتتى. مەن يىقىلدىم. قۇلىقىمغا شاخنىڭ يېرىلغان ئاۋازى، ئاندىن سېنىڭ «ۋاي ئانام» دېگەن ئاۋازىڭ ئاڭلاندى. مەن «ھوشۇمدىن كەتتىم»...باغرىڭدا قانچىلىك ياتتىم (ئەسلى ھوشۇمدىن كەتمىگەنىدىم، پەقەت باغرىڭغا ئىنتىلەتتىم. سېنى قورقىتىۋەتكەن بولغىيدىم، كەچۈر شەخسىيەتچىلىكىمنى)، سەن پىشانەمنى ھەدەپ سىلايتتىڭ. يۇمشاق، ھارارەتلىك ئالقىنىڭ تەپتىدىن بىھوش ئىدىم. سەن كۆز ياشلىرىمنى—ئاغرىق ئازابىدىن ئەمەس، ھاياجاندىن ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى سۈرتەتتىڭ ...سېنىڭ باغرىڭ يۇمشاق، ئىللىق ۋە خۇشبۇي ئىدى. شۇ ھالەتتە مەڭگۈ ياتسام دەيتتىم، ئەمما سېنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغاڭغا چىدىماي «ھوشۇمغا كەلدىم». سەن ئازابلانغانىدىڭ. «جىگدە» دېمىگەن بولسام بوپتىكەن، مېنى كەچۈرەرسەنمۇ» دېگىنىڭنى ئۇنۇتمايمەن. ئەخمەت قىز، سېنى كەچۈرمەنلا ئەمەس...ئېھ! قانداق چاغلار بولغىيدى ئاشۇ ھە، پوچۇناي!...

ئەمدى سەن كىمنىڭمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقانسەن؟

ئەمدى سەن كىمگە ئايال بولغانسەن؟

بىز ئايرىلدۇق، رىشتىمىز ئەمەس جىسمىمىز ئايرىلدى. سەن كەتتىڭ. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خىزمەت يۆتكىلىشى، سېنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئۆرلىشىڭ بىزنى ئايرىدى. مەن يېزامدا قالدىم...خوشلاشقاندا، مەن ساڭا خاتىرە بىلەن بىر بولاق سۇندۇم. «بولاقتا يىمىش جىگدە بار، سەن ئۈچۈن تېرىپ كەلدىم» دېگەنىدىم. سەن ھاياجاندىن كۆز ياشلىرىڭنى خۇددى ئېيتماقچى بولغان ھېسلىرىڭدەك سىڭدۈرەتتىڭ. خاتىرىنى شۇ ۋاقىتتىلا كۆرگەن بولغىيدىڭ ـ ھە، پوچۇناي. خاتىرىگە مۇنۇلارنى كۆركەم نەقىش ئىچىگە روقىي خەت نۇسخىسىدا يېزىپ قالدۇرغانىدىم:

«سەن كەتتىڭ ئۇرۇقشقا قانات چىقىرىپ، ئىلىمنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ كەلسىڭىز،
ئىلىمنىڭ كانىنى ئاچماقچى بولۇپ. بىزلەرگە يېڭى يول ئېچىپ كەلسىڭىز.
مەن قالدىم سەھرادا كەتمەنچى بولۇپ، دېھقان دەپ كەمسىتمەي يەنە سۆيسىڭىز،
يېزامنى بوستانلىق ئەتمەكچى بولۇپ. مۇراتقا يەتمەمدۇق كۆلۈم ئىككىمىز».

بىز ئايرىلدۇق. «سەن يىغلاڭغۇنى مەندىن باشقا كىممۇ ئالاتتى» دەپ جىلە قىلاتتىم. ئەمدى سەن كىمگە ئايال بولغانسەن؟

سەنمۇ شۇنداق ئويغۇنامسەن؟

چۈشلىرىمدە دائىم سېنى كۆرىمەن پوچۇناي. سەن ئاسلان قۇيرۇقى چاچلىرىڭنى ئەمەس، يوغون بىر تاللا قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئۇزۇن چاچلىرىڭنى بىرلا جىلۋە بىلەن ئارقاڭغا تاشلايسەن. سەن يەنە «جىگدە» دەپ يۇمشاق ئالقانلىرىڭنى تەڭلەيسەن. مەن سېنى يىغلىتىش ئۈچۈن چېچىڭنى تارتىپ قويىمەن، ئالقانلىرىڭغا شاپىلاقلايمەن. ئەمما سېنى پەقەت يىغلىتالمايمەن. شۇنىڭ بىلەن سېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، جىمجىت، ئېگىز سۆۋادان تېرەكلىرى كۆپ ـ كۆك ئاسمانغا بوي تارتقان يۇمشاق توپىلىق يولدا جىگدە تەرگىلى يۈرىمەن. ماڭىمەن، ماڭىمەن...ئەمما ھېلىقى بىز دائىم بارىدىغان جىگدىلىككە زادىلا يېتەلمەيمەن. كۆڭلۈمدە بولسا «ئاز قالدى، كۆرۈنۈۋاتامدۇ نېمە...» دەپ يولۇمنى داۋام قىلىمەن. ماڭىمەن، ماڭىمەن...ئويغىنىپ كېتىمەن. ئېيتە پوچۇناي، سەنمۇ شۇنداق چۈش كۆرۈپ ئويغىنامسەن؟

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

گۆھەرنىسا قادىر

# باغاق

(ھېكايە)

ئىدارىمىزنىڭ كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىمىر باقىنىڭ باغاقلارنى تۇرگە ئايرىش ئۇسۇلى قىزىق. 160 ئىشتاتقا ئىگە ئىدارىمىزدا ھەر خىل سەۋەب بىلەن باغاق تارقىتىدىغان ئىشلار چىقىپلا تۇرىدۇ. يىگىت ـ قىزلارنىڭ تويى، سۈننەت توي، «خاتىرە توي»...ئاللىكىملەرنىڭ ئالـلىقانداق بىر قېرىنىدىشى ئۈچۈن ئۆتكۈزمەكچى بولغان ھەر خىل نەزىر ـ چىراقلار ئۈچۈن تارقىتىلىدىغان باغاقلار ھەپتىدە دېگۈدەك ئىش ئۈستىلىمىزگە يېيىلىپ كېتىدۇ. پەلەمپەيدىن ئۈچرىغانلىكى ئادەمگە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، ئالدىراش چىقىۋاتقان ئىمىر باقى ئىشخانىسىغا كىرىپلا، ئىش ئۈستىلىدە يېيىقلىق تۇرغان ئاق، قىزىل رەڭلىك باغاقلارنى كۆرۈپ قوشۇمىسىنى تۇردى. گۆشلۈك يۈزىنىڭ ئەتلىرى لىپىلداپ، پارقىراق، كەڭ پېشانىسىدە ئۈچ تال پاراللېل سىزىق پەيدا بولدى. ئۇ ئاچقۇچنى شاراقشىتىپ ئۈستەل تارتمىسىنى ئاچتى ـ دە، قول بېغىشىغا ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈۋالغان كىتاب چوڭلۇقىدىكى خىزمەت سومكىسىنى تارتمىغا سېلىۋېتىپ، بىرەرسىگە قېيداپ قالغاندەك تارتـمىنى «تاق» قىلىپ ياپتى. ئاندىن سېمىز بەدىنىنى ئورۇندۇققا ئەپلىك جايلاشتۇرۇپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى باغاقـلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كۆچۈرۈشكە باشلىدى.

—مۇشۇ خەقمۇزە، بەكلا ئېشىپ كەتتى. بىر ئاينىڭ ئالدىدا سىڭلىمنىڭ تويى دەپ باغاق بەرگەندىن كېيىن ئەمدى قېيىنسىڭلىسىنىڭ تويىغا چاقىرىپ نېمە قىلىدۇ دېيمەن؟ ھوقۇق ـ ئابرۇيۇم بار ۋاقتىدا يىغىۋالاي دەۋاتىسەنغۇ ھەقاچان؟

ئۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ نامى بىلەن تەكلىپ قىلىنغان قىزىل باغاقنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدە شۇنداق غۇدىرىسىمۇ، ئەمما ئۈستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئاۋايلاپقىنا قويدى. ئەمدى ئۇ نەزىرنى ئىككىنچى باغاقتا ئاغدۇردى.

ئۆي چىيىمىزغا تەكلىپ

ھۆرمەت بىلەن: مۇھەممەتئىمىن

«مۇھەممەتئىمىن» دېگەن ئىسىم بىلەن تەڭ ئىدا-رىنىڭ خەت ـ ئالاقە خىزمىتىگە مەسئۇل ئورۇق، ئېـگىز يىگىت كۆز ئالدىدىن لەپپىدە ئۆتتى.

— ھى، ئۆزى بىر تال خىش قويماي تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىگە چاي بېرەرمىش...

ئۇ شۇنداق دەپ غۇدىرىغاچ، باغاقنى قولىغىمۇ ئالماي، ئۈستەلنىڭ سول تەرىپىگە ئىتتىرىپ قويدى. ئۇ ھەر بىر باغاق ئۈستىدە بىر قېتىمدىن غۇدىراپ تۇرۇپ، باغاقلارنى تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئىسمىغا ئاـساسەن ئۈستەلنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە ئايرىپ چىقتى. ئوڭ تەرەپتىكى باغاقلارنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭ «ئىستىقبالى» بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، بۇ كىشىلەر تەكلىپ قىلغان چايلارغا چىن كۆڭلىدىن خالىمىسىمۇ، ئەمما جەزمەن بېرىشى، بارغاندىمۇ راۋـرۇس تەييارلىق بىلەن بېرىشى كېرەك.

سول تەرەپتىكى باغاقلار ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. بۇ چايلارغا بېرىشقا ئۇنىڭ نەدە چولىسى! ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى باغاقلارنى چىرايلىق قاتلاپ چاپىنىـنىڭ يانچۇقىغا پەم بىلەن سالدى ـ دە، ئىنىسىز جىـرىڭلاۋاتقان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى. تۇـرۇپكىدىن ئىدارە باشلىقىنىڭ سۇرلۇك ئاۋازى ئاڭلىـنىشى بىلەنلا ئورنىدا ئىختىيارسىز قىمىرلاپ قويدى ۋە پېشانىسىدىكى پاراللېل سىزىقلار كۆزى ئەتراپىـغا يۇلاشتى.

—ۋوي، ھە، مەن، ھېلى قايتىپ كېلىپ يانلىـرىغا ھازىرلا چىقاي دەپ تۇرغان، خاتىرجەم بولسىلا جۈيجاڭ، ئۇ ئىشلار ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ قالدى. ھە، ھە، ماقۇل. ھە راست، تويغا قوپۇپلا، مۇبارەك بولـسۇن، بىزگىمۇ ئىش ـ پىش باردۇ ـ ھە؟ بولىدۇ، مەن كەچتىلا باراي.

ئۇ تۇرۇپكىنى جايىغا قويۇپ، ئۈستەلنىڭ سول

(ئاخىرى 91 ـ بەتتە)

توختىخان ئابدۇقادىر

# ئوماق «ئوسمىچى قىزلار» دىكى جەلپكارلىق

( ئوبزور )

مەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان، رەسسام ئالىمجان مەتقاسىمنىڭ «ئوسمىچى قىزلار» ناملىق سۇ بوياق رەسىمنى كۆرۈپ، سېھىرلەنگەندەك بولۇپ ئۇزۇنغىچە كۆزۈمنى ئۈزەلمىدىم.

رەسىمدە تال باراڭ ئاستىدىكى شىرە، شىرە ئالدىدا ئولتۇرغان ئەمدىلا 4 ـ 5 ياشلارغا كىرگەن قىزچاقنىڭ ئوسما قويۇۋاتقان قىياپىتى ـــ ئەينەكنى ئۆزىدىن يىراق تۇتۇپ، بوغماقىنا قوللىرى بىلەن پالكۇچنى قولاشمىغان بىر ھالەتتە سىقىمداپ قېشىغا تەككۈزۈشى، جايىغا قويۇلمان ئوسمىنىڭ ئېلىپتەك قاڭشىرىغا ساقىپ چۈشۈشى، شوخلۇق بىلەن چاقنىغان چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرى، ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ جىلمايغان ئەتىرگۈل بەرگىدەك چىرايلىق لىۋى، ئاق پومساق مەڭزى... كەينىدىكى قىزچاقنىڭ ئوسما قويۇشقا ئالدىراپ، قولىغا پالكۇچ ئېلىپ، دوستىنىڭ قىلىقىدىن زوقلانغان ھەم تەقەززا بولغان ھالدا قاراپ تۇرۇشى. مانا بۇلار شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە جانلىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، كۆرگەن كىشىگە تەسۋىرلىگۈسىز بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. كىشىنى بىغۇبار بالىلىقنىڭ تاتلىق ئەسلىمىگە چۆمدۈرىدۇ. سەبىيلەرنىڭ كىچىكىدىن گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ياخشى خىسلەتنى يېتىلدۈرگىنىدىن سۆيۈندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ بالىلارچە قىلىقلىرىدىن كۈلدۈرىدۇ.

رەسىمگە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر يوشۇرۇنغان بولۇپ، رەسىمدە ئاپتور بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ ھەممىگە قىزىقىدىغان، ھەممىنى قىلىپ باققۇسى كېلىدىغان دورامچى، ئىجادكار، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان روھىغا مەدەت بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان ئوسمىدىن پايدىلىنىپ، قاش ـ كىرپىكلىرىنى تۈزۈپ، جۇلالاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش ۋە گۈزەللىك يارىتىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىدەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ھازىرقى زاماندىكى بىر قىسىم ياشلاردا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، ھەر خىل ھەر ياڭزا گىرىم بۇيۇملىرىغا، ئۇلار توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلارغا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ، قاشتېشىدەك سۈزۈك يۈزىنى بۇزۇپ، قۇندۇزدەك قاپقارا قاشلىرى ۋە قويۇق ئەگىم كىرپىكلىرىنى تۆكۈپ، چىرايىنى ۋاقىتسىز خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان «چاكىنا مەدەنىيلىك» نى تەنقىدلەپ، ئۇلارنى ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشقا، تەبىئىيلىككە ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

بۇ رەسىمدە تەسۋىرلەنگىنى تۇرمۇش ئېقىمىنىڭ كىچىككىنە بىر سۈزۈندىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئىستېتىك زوقى نادىر بىر ئەدەبىي ئەسەر ئاتا قىلغان بەدىئىي زوقتىن قېلىشمايدۇ.

مەن ئاپتورنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىگە، تەسەۋۋۇر كۈچىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. ئۇنىڭ مۇشۇنداق تەبىئىيلىك، چىنلىق ئاساس قىلىنغان، گۈزەل ئەخلاقىي ـ پەزىلەت تەشۋىق قىلىنغان ئەسەرلەرنى كۆپرەك يارىتىشىغا تىلەكداشمەن. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ «ئوسمىچى قىزلار» غا ئوخشاش ئېسىل ئەسەرلەرنى تونۇپ، تاللاپ ئۆز سەھىپىلىرى ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلار بىلەن كۆپرەك يۈز كۆرۈشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

## كىتابخانلاردىن خەت

ئازاتگۈل ساۋۇت

# شېئىرلار

## ئەلۋىدا

يۈرەكتە قالغىنى ئۆكۈنۈش دېگى،
قاراقتا ئاھ! سېنىڭ خىرە سىماھىڭ.
كېتىدۇ سەن تامان بەگباش خىياللار،
يولۇمنى قاپلىسا مىسكىن نىگاھىڭ.

بىھۇدە ياش تۆكمە يېلىنىپ يەنە،
بار بەلكىم ئۇندا بىر ساختا قاقاقلاش.
گەپ ئاچما، بولدى بەس! ۋاپا ھەققىدە،
مەن سەندىن ئۆگەنگەن يېگى باغرى تاش.

سۆيگۈنىڭ بوستانى قاغجىراق شۇنچە،
ئۇندا بار ھەسرەتلىك بىر قەبرە پەقەت.
كىم كۆرگەن قەبرىدىن كۆكلىگەن جاننى؟
ئەلۋىدا، ئەلۋىدا، تونجى مۇھەببەت

## ماۋزۇسىز

دېگەن ئىدىڭ تەلمۈرۈپ بىر چاغ:
«يۈرىكىمنى تۇتتۇم بىر ساڭا.
سۆيگۈم گۈلى چاچىدۇ پۇراق،
دۇچ كەلسىمۇ دەھشەت بورانغا».

شۇندىن بېرى بولغانتۇق سىرداش،
شاھىد ئىدى بىزگە ساھىللار.
ئىشەنگەنتىم ساڭا شۇ قەدەر،
ئىشەنگەندەك كۆككە ئايدالا.

دەھشەت بوران يۈز ئاچماي تۇرۇپ،
گۈلۈڭ سولدى شامالدا ئەجەپ.
ئېھ! يۈرگەنسەن شۇدەم كىملەرگە —
رەڭسىز، سوغۇق يۈرەكنى تەگلەپ؟!...

## ئەۋەتىلمىگەن مەكتۇپ

ئىزتىراپلىق خىياللار ئىچرە،
كۈتكىنىڭدە مېنى پىنھاندا.
مۇڭ — ھەسرەتكە بولمىغىن ئەسىر،
بارالمىسام كۈتكەن مىنۇتتا.

بۇلاق كەبى ئۆكسۈپ يىغلىما،
ئۇ ئەبەدىي تەنھادۇر — تەنھا.
ئاھ! نائىلاج قالدىم بۇ نۆۋەت،
يۈرەك ساڭا بولسىمۇ تەشنا.

ئۈمىدسىزلىك ئالمىسۇن چىرماپ،
ئىشەن ماڭا ئۆزۈڭگە ئوخشاش.
تېپىشماقتا تولغان جاھان بۇ،
ئالماشقاندەك ۋىسال ھىجرانغا،
كۈلكە كېلەر يىغىغا يانداش...

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

قاۋۇل قارى (تاجىك)

# شېئىرلار

## مۇڭ تۆكىدۇ چىرايىڭ شۇ تاپ

مۇڭ تۆكىدۇ چىرايىڭ شۇ تاپ،
كۆز تۆكۈلگەن خازانلار كەبى.
قەلب تارى چېكەلمەس سۆزۈڭ،
بېسىۋاپتۇ ئازابىنىڭ غېمى.

مۇڭ تۆكىدە چىرايىڭ شۇ تاب،
بەرگىنى يوقاتقان گۈلدەك.
سۆيۈشكەندە قىززىقتى لىۋىڭ،
ئەمدى ئەكسى ــــ توڭلاپتۇ مۇزدەك.

مۇڭ تۆكىدۇ چىرايىڭ شۇ تاب،
ۋاپادارلىق، يارىڭنى ئىزدەپ.
ئۆز ـ ئۆزۈڭگە بەرگىن تەسەللىي،
يارىلانغان قەلبىڭنى بەرلەپ.

مۇڭ تۆكىدۇ چىرايىڭ شۇ تاپ،
كاج تەقدىرگە ۋىجدانەن يىغلاپ.
لېكىن ھەممە بوپ قالار ئۆتمۈش،
نە قىلارسەن ئۆزۈڭنى قىيناپ؟

سەھرايىم

ئانام ھىدى سىڭگەن سەھرايىم،
شۇتاپ مېنى تۇتتى خۇمارلىق.
ئۇزلىقىڭدۇر جەننەتنىڭ ئۆزى،
كۆز تەگمىسۇن بۇلاي تۇمارلىق.

يېشىل تونۇڭ بېرىدۇ ئىلھام،
شېئىر ئۇقچىغان كۆڭۈل خانەمگە.

مۇرات

چەت بولساڭمۇ قۇياشقا يېقىن،
نۇر چاچارسەن بىر كۈن ئالەمگە.

سۆيۈڭ سۇزۈك، ھاۋايىڭ نەمخۇش،
مەجنۇنتاللار ئىگەر ساڭا باش.
پەخىرلىكمەن قوينۇڭدا ئۆسكەچ،
كۆزلىرىمدىن زىنھار ئاقماس ياش.

## كەچۈرمەكنى ئۆيلىساڭ ئەگەر

ھېسسىياتىم ئاسىي بوپ ماڭا،
دەرتلەر سالدى نىگارىم ساڭا.
ئۆلسەممۇ ھېچ ئارمىنىم يوقتۇر،
ياش تۆككەنچە ئىللىق قوينۇڭدا.

كەچۈرمەكنى ئۆيلىساڭ ئەگەر،
سۆيۈش ئۈچۈن بەرگىن بىر پۇرسەت.
زىدە بولغان شۇ قەلبىم كۈلسۇن،
مىراس ئەمەس ماڭا قايغۇ ـ دەرت.

كەچۈرمەكنى ئۆيلىساڭ ئەگەر،
قۇچاق ئاچقىن ئىللىق باغرىڭدىن.
سەلكىن شامال ئەركىلەپ ـ ئويناپ،
دەرس سۆزلىسۇن سۆيگۈ ـ ۋاپادىن.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ئىككى شېئىر

## نىيە

نىيە ئۆزى خىلۋەت نېرى يەر،
بەكمۇ قەدىم، بەكمۇ قېرى يەر.
ئەلچى جاڭچيەن، سەيياھ شۈەنزاڭنى،
ھەيران قىلغان مەرت ھەم سېخى يەر.

يىپەك، پاختا بىلەن داڭ ئالغان،
ئەلچى، كارۋان ھەممە تاڭ قالغان.
«قۇدرەتلىك ئەل» دەپ ھەم سانالغان،
كاتتا بەگلىكلەرنىڭ بىرى يەر.

سانسىز كارۋان كەلگەن پەتىلەپ،
ماركوپولو ئۆتكەن ھەم تۈنەپ.
شاھمەشرەپمۇ ئۆتكەن سەيرلەپ،
مەپتۇن بولغان ساڭا جىمى يەر.

كۆرەش قىلىپ قۇم بوران بىلەن،
مۇھتىتىكى يات قاۋان بىلەن.
يۇرت قوغدىغان ئەزىز جان بىلەن،
باتۇرلۇقنىڭ مۇقەددىمى يەر.

نەچچە مەرتەم سۈيى ئۈزۈلگەن،
راباتلىرى قۇمغا كۆمۈلگەن.
نەچچە يوقاپ، نەچچە كۆرۈلگەن،
ئۇزۇن تارىخ مۇنەججىمى يەر.

سانسىز باتۇر ئىزى كۆمۈلگەن،
تۈمەن ئاقىل سۆزى كۆمۈلگەن.
ئىلىم ـ ئىرپان كۆزى كۆمۈلگەن،
ھەم كۆمۈلگەن تارىم سىرى يەر.

كەڭ قۇچىقى تىلسىمغا تولغان،
ستەيىننىڭ ئەقلى لال بولغان.
شاۋدۇكائىيى قايتا چاقناتقان،
تارىخلارنىڭ شاھىدى، پىرى يەر.

بەن بىر موزىي، ئاھادىسى كەم،
يېپىلمىغان ئۆكزىسىمۇ ھەم.
ئابىدىلەر سىرى مۇجەسسەم،
بەكمۇ قەدىم، بەكمۇ قېرى يەر.

## «كىچىك شائخەي»

«نىيە» دېگەن نامىڭ ئىپتىخار،
بەكمۇ خىلۋەت، كىچىك بىر گۈلزار.
قارا قۇرۇم ئېتىكىدە نار،
«كىچىك شائخەي» دېگەن نامىڭ بار.

مەدەنىيەت بۇلۇغىدۇر سەن،
كاتتا يۇرتلار ئۇلۇغىدۇر سەن.
ئۇزۇن تارىخ قۇلىقىدۇر سەن،
«كىچىك شائخەي» دېگەن نامىڭ بار.

خەلقىڭ بولغاچ باتۇر، كۈرەشچان،
تەبىئەتكە پىدا قىلىپ جان.
بىنا قىلغان گۈزەل گۈلىستان،
«كىچىك شائخەي» دېگەن نامىڭ بار.

مەپتۇن قىلار نىيە قىزلىرى،
غۇنچە بويلۇق، شۇنچە مەدەنىي.
ئىپارخانغا ئەنداز بەدىنى،
«كىچىك شائخەي» دېگەن نامىڭ بار.

ئوت يۈرەكلىك يىگىتلىرىڭ بار،
قۇم ـ بوراندا تاۋلانغان ئۇلار.
شۇنچە باتۇر، شۇنچە بەختىيار،
«كىچىك شائخەي» دېگەن نامىڭ بار.

گۈللە نىيە، ئەي «كىچىك شائخەي»!
قۇترىغان قۇم ساڭا باش ئەگكەي!
خىسلىتىڭنى مەن زىكرى ئېتەي،
«كىچىك شائخەي» دېگەن نامىڭ بار.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مۇھەممەتجان ئىسمايىل (پۇناقى)

# غەزەلخانلار ناۋاسى

(ناخشا تېكستلىرى)

## ئانا دەريا

قاش دەريا، ئانا دەريا،
سۈلىرىڭ سۈزۈك، ئويناق.
ئاقسەن ئۈزۈلمەستىن،
ھەر تامچەڭ شېرىن قايماق.

بويلىرىڭ يېشىل جەننەت،
ئۇندا ھۆر ھايات قايناق.
قەترەڭدىن مۇراد تاپتى،
ئانا يۇرت، ئەزىز تۇپراق.

نەقرات:
سۈلىرىڭ سۈزۈك، ئويناق،
كۆيلىرىڭ ئېسىل، ياڭراق.

## يۇرتۇم سۈرىتى

يۇرتۇم گۈل، چىرايلىق ــ ئۈز،
قۇچىقى تاۋار ـ ئەتلەس.
باغلىرى گۈزەل ئاندىن،
ھۆسنىدىن باھار كەتمەس.

تاغلىرى يېشىل جەننەت،
شەربىتى ئېقىپ پۈتمەس.
يايلىقى چىمەن چەكسىز،
چېتىگە كۆزۈم يەتمەس.

يۇرتۇم گۈل، ئاۋات شۇنچە،
ھۆسنىدىن باھار كۆچمەس.
تەر تۆككەن باھادىرنىڭ،
تۆھپىسى ئەبەت ئۆچمەس.
نەقرات:
قۇچىقى تاۋار ـ ئەتلەس،
ھۆسنىدىن باھار كەتمەس.

## يەر ناخشىسى

يەر گۆھەر، يەر ئەتىۋا،
بەرىكىتى ئالتۇن قۇزۇق.
يەر سېخى، يەر بىباھا،
قويىندۇر پۈتمەس ئۇزۇق.

يەر بۆيۈك، يەر تۇتىيا،
قۇچىقى ئالتۇن بۆشۈك.
يەر گۈزەل، يەر نۇر ــ زىيا،
چاقنىشى ياقۇت ئۈزۈك.

يەر ئانا، يەر مېھرىبان،
شەپقىتى جاندىن ئەزىز.
يەر ئانا، يەر قەدىردان،
نېئمىتى بالدىن لەزىز.
نەقرات:
يەر ئۇلۇغ، يەر غەمگۇزار،
يەر بەخت، يەر تىلتۇمار.

## دەرىزەمدىن مارىما

كۆكتە چولپان پارلايدۇ،
يەردە كاككۇك سايرايدۇ.
كۈمۈش كۆزلۈك بۇلاقلار،
بۇلدۇقلايدۇ، قاينايدۇ.

ئەركە شامال، شوخ شامال،
چىمەنلەرنى تارايدۇ.
شولا چېچىپ تولۇن ئاي،
دەرىزەمدىن مارايدۇ.

كەل تولۇن ئاي ـ تولۇن ئاي،
كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ.
بىرگە بولسام سەن بىلەن،
بەختىم كۈلۈپ يايرايدۇ.
نەقرات:
پىنھان تۇرۇپ قارىما،
دەرىزەمدىن مارىما.

## قىزچاقلار

ئەي قىزچاقلار، قىزچاقلار،
يىگىتلەردىن قاچماڭلار.
كۈلۈپ باقسا يىگىتلەر،
رەنجىمەڭلەر، تاشماڭلار.

ئەي قىزچاقلار، قىزچاقلار.
يىگىتلەردىن قاچماڭلار.
كۆيدۈم دېسە يىگىتلەر،
تەتۈر چىراي ئاچماڭلار.

ئەي قىزچاقلار، قىزچاقلار،
يىگىتلەردىن قاچماڭلار.
سۆيگۈسىنى ئۇلارنىڭ،
قەلبىڭلارغا باشلاڭلار.
نەقرات:
يىگىتلەردىن قاچماڭلار،
سۆيگۈسىنى ئاقلاڭلار.

## يول ناخشىسى

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
كۆركىدۇر دىيارىمنىڭ.
قولداشتۇر كۈرەشلەردە،
مەنزىلىم ــ قارارىمنىڭ.

ھالقىغان داۋانلاردىن،
بۇلۇتنى قويۇپ پەستە.
يان باغرى مەدەنگە باي،
ئەتراپى يېشىل كەشتە.

بۇ يولدىن ئۈزۈلمەيدۇ،
كارۋانلار سەھەر ـ ئاخشام.
جۇلا قىپ تۇرار ھۆسنى،
چەت ـ چېتىگە كۆز باقسام.
نەقرات:
بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
ياراتقان چىۋەر قوللار.

ــ تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

ئىدرىس مەتسىيت (قەدىناس)

# غەزەللەر

## گۈلشەن قەسىدىسى

ئەسسالام ھۆرلۈك دىيار، نىيە سائادەت گۈلشىنىم،
ھۆرمىتىڭ مىسلى قۇياش، مېھرىڭ باھارەت گۈلشىنىم.
سەن يېزىپ خەت ــ نامىنى «بەكمۇ سېغىندۇق كەل» دېدىڭ،
شۇل خېتىڭ ــ نامەڭ ماڭا ياقتى ئالامەت گۈلشىنىم.
ئاڭلىغاچ كۈي ـ ناخشىدا شانلىق ئىزىڭنى ھەر كۈنى،
كۆرگىلى ئارزۇيۇم سېنى تاشقان دامەت گۈلشىنىم.
ئالغىنىم چاغى ئۇلۇغ يارلىق ــ خېتىڭنى تاپشۇرۇپ،
يەتتى پاھ، كۆككە بېشىم، قايناپ ھارارەت گۈلشىنىم.
(دەس كېلىپ، شۇ چاغ مېنىپ) ئۇچقۇر ئېتىمغا مەن خۇشال،
سەن تامان تۇتتۇم سەپەر، تارتىپ سالاپەت، گۈلشىنىم.
يوللىرىڭ ئەينەك يۈزى، خۇددى تاناپتەك تۈپمۇتۈز،
ئالتە قىر تاشلاپ ساڭا كەلدىم سالامەت گۈلشىنىم.
ئايلىنىپ چىقتىم بازار ــ رەستە، بېغىڭنى نەچچە رەت،
قۇچىقىڭ بوپتۇ چىمەن، گۈللەپ كارامەت، گۈلشىنىم.
تاشلىسام خەلقىڭگە كۆز، تاغلار كۆچۈپتۇ قەددىگە،
مەڭزىدە ئويناپدۇ شوخ كۈلكە ـ نازاكەت، گۈلشىنىم.
شوخلىنىپ ئەركەك سۈيىڭ ياققاچ ئېتىزغا باغرىنى،
يۇرت سۆيەر خەلقىڭگە زەپ كەپتۇ ھالاۋەت گۈلشىنىم.
يەرلىرىڭ مۇنبەتلىشىپ، سۆيگەچ پەلەكنى چەشلىرىڭ،
قىز ـ يىگىت ئەھلىڭگە كۆپ كەپتۇ دارامەت گۈلشىنىم.
تاغلىرىڭ مەخمەل ــ چىمەن، يايلار بولۇپتەك، قويلىرىڭ،
ئەل خۇشال، يۇرتۇڭ گۈزەل، يوقتۇر نادامەت، گۈلشىنىم.
تورمىدۇر قالدىم قاراپ رەت ـ رەت تىزىلىشقان ئۆيلىرىڭ،
پەن ــ ئىلىم بوستانلىرى ئاچقاچ ساباھەت گۈلشىنىم.

كۈن ـ تۈنى سايىرار خۇشال، سەھرا، شەھەردە بۇلبۇلۇڭ،
بەختىيار دەۋران ساڭا قىلغاچ شاپائەت گۈلشىنىم.
يازغىنىم چەكلىك، تېخى داستان يازارمەن ئايلىنىپ،
ئۆرلىگىن، كۈلگىن يەنە، قىلماي قانائەت گۈلشىنىم.

2

ئايلىنىپ چىقتىم خۇشال، كان ساي، مىرسىنى ① ئالمىدىم،
تىك قىيا دەريانى ھەم كۆردۈم يېنىشلاپ، قانمىدىم.
تاشلىدىم شاۋقۇن سېلىپ ئاققان قىيانغا مەن قولاق،
شارقىراپ ئاققان سۇدىن نىيە روھىنى ئاڭلىدىم.
قويىدەك مەغرۇر تۇرار، تاشتا ياسالغان كەمە ــ ئۆي،
قەلبى ئوت ئەل ئەجرىدىن ئەسلا كۆزۈمنى ئالمىدىم.
نەچچىلەپ تاغ تەشمىسى قىلدى ئۆزگە مەھلىيا،
سۈپسۈزۈك ئەركەك سۇدىن يۇتتۇم، ئىرادە تاۋلىدىم.
باغلىدى كان ساي كۆلى ئۇنتۇلۇق دىلىمنى رىشتىدە،
مەن ئاڭا سادىق بولۇپ، مەردلىك ئىزىمدىن تايمىدىم.
چاقنىدى يۇلتۇز شۇئان، سۆيگۈ كۆكسىمدە ۋال قىلىپ،
يۇرتىغا مېھرى تېرەن، دېھقان تېرىدىن تانمىدىم.
لەخمە ھەم ياندام چىغىر يوللاردا ماڭدىم تىترىمەي،
بۇ ئەمەس كەلسەم يەنە، قورقماي ماڭارمەن ھارمىدىم.

3

مەھلىيا قىلدى مېنى شاپتۇل، ئۈرۈكلۈك... مېۋىزار،
مېھرىدىن گۈل ئۈندۈرۈپ، چوغدەك ئېچىلغان گۈلئۈزار.
يىپ ـ يېڭى پىلان بىلەن تاشلاپ بىنائىغا ئىز ــ قەدەم،
چۆلنى باغ ـ بوستان قىلىپ قۇچقان شەرەپ ـ شان نەۋ باھار.
تام سېلىپ پارنىڭ قۇرۇپ ئىلمىي ئۇسۇلدا باغ ياساپ،
مېھمىنى دىلدارىغا ساقلاپ مۇھەببەت گۈل نىگار.
ئايلىنىپ كۆردۈم يەنە، ئەجداد ئىزىنى ــ شەنىنى،

① كان ساي، كۆك مىرس ــ جاي ئىسمى

ياشنىغان بۇ يۇرتنى دىل، ئالتۇن قۇياشنەك بىغۇبار.
قوچقىراق ② قەلئەسىنى قىلسام مىسالى، بولدى بەس،
تۇگمىنى، چارقى، جۇۋاز بۇكىم ۋاڭىلداپ ئۇيلىنار.
ئەيلىسەم پىكرىمنى جەم، نىيە ئەزەلدىن گۇل ماكان،
خىسلىتى يۇرت خەلقىنىڭ خۇددى سىماپنەك يالتىرار.
شۇل سەۋەب ئالدىم قەلەم، پۇتتۇم قوشاقتا نىيىنى،
ھۆرمىتى مەڭگۈ ئۇنىڭ، ئۇتلۇق دىلىمدا ساقلىنار.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

ئېلى ئابدقادىر

# باھار

دېرىزەمنى ئاچتىم مەن ئۇلۇق،
قار قاپلىغان باغلارغا شۇ تاپ.
ئادەملەر يوق بۇندا كوچىدا،
باھار ئىشقى ئۆتمەكتە قىيناپ.

خىيالىمدا مېنى يېشىل روھ،
سۆيۈپ قويدى لەرزان ۋە لەرزان.
شېۋىرلىدى قۇلاقلىرىمغا،
سۆزلەپ سۆيگۈ ھەققىدە داستان.

قار ئۇچقۇنى كىرەر كۆزنەكتىن،
كۆي بولۇپ قوندى زىناقلىرىمغا.
شۇنداق يىللىق پۈتمەس بىر ئاھاڭ،
سۆيۈپ قويدى چوغدەك لېۋىمگە.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

مۇھەممەتجان ئكرام

# ھەي، ھاراق...

ئىچەرمەنلىك تۇپەيلىدىن ئەقىل - زېھنىم خوراپ كەتتى،
بىساتىم قالمىدى ئۆيدە، ئۇنى مەسلىك «بۇلاپ» كەتتى.
قەدىناس بارچە ئۇلپەتلەر يېقىن كەلمەس يىراق ھازىر،
كەلمىدى، كۇندە يالغۇز مەن، ۋاپادارىم ئۇزاپ كەتتى.

يېقىلدىم يولدا تايتۇڭلاپ، گۆھەر چىشىمدىن ئايرىلدىم،
بارالماي كۇندە خۇش ياقماي، خىزمەت—ئىشىمدىن ئايرىلدىم.
ئەجەپكى ئەمدى باش قاتتى، قىران چاغلىرىم كەتتى،
بىرەلمەي ئەلگە ھېچ بىر نەپ، ياشلىق يېشىمدىن ئايرىلدىم.

نادامەت ئەيلىسەم قانچە، پۇشايمان ئورنىغا كەلمەس،
چىرايىم زەپىران يەڭلىغ، نىگارىم جىلمىيىپ كۈلمەس.
نىھايەت، ئۇشبۇ ئالەمنى پۈركىسە مىڭ تۇمەن گۈللەر،
مېنىڭ زەررە ئەجرىم يوق، تەرىمدىن بىر گىياھ ئۈنمەس.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

② قوچقىراق—ئاق قوچقىراق قەلئەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋ. ش. كوشىك (ھىندىستان)①

# مۇھەببەت ئوبرازى

ئەسلىمە، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان، قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ قېنىق سىياھى بىلەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەسلىمە. بۇ ئەسلىمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ــ ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇشكۇل ئىش بولۇپلا قالماي بەلكى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. ئاھ! گەرچە بۇ ئەسلىمە كىشىنى قاتتىق ئازاپلىسىمۇ، بىراق مەن ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى، تاتلىق ھەم سۆيۈملۈك ھە! بۇ ئەسلىمە يۈرىكىمنى شەپقەتسىزلەرچە تىلىپ، پۈتكۈل جىسمىمنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن تۇرۇغلۇق، مەن يەنىلا ئۇنى ئۇنتۇشنى خالىمايمەن. ئۇ گويا ئۆتكۈر خەنجەردەك باغرىمنى تىلىم ـ تىلىم قىلىپ، ئىسسىق قانلىرىم تامچىلاپ توختىمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان تەقدىردىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىچى سەبىيلەرچە مۇلايىملىق ۋە شېرىن مەنىلەرگە تولغاچقا ئۇنى يۈرىكىمدىن ئايرىۋېتىشنى پەقەت خالىمايمەن. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇ ــ قەلبىمدىكى مۇھەببەت ئوبرازىنىڭ ئەسلىمىسى! بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ قىممىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ قانچىلىك زورلۇقىنى مەن پەقەت ئۇ مەندىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ، ئۆلۈمنىڭ زۇلمەتلىك پەردىسى ئىچىدە ئەبەدىي غايىپ بولغان چاغدىلا ئاندىن ھەقىقىي ھېس قىلدىم. پاك مۇھەببەت نامايەندىسىنىڭ بۇ ئوبرازىنى پەقەت مۇدھىش ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا ئاستا ـ ئاستا سايە تاشلاپ كېلىۋاتقان چاغدىلا ئاندىن ئېنىق كۆرەلىدىم. بۇ ھەقىقىي چاقناق ئوبرازىغا قارىغىنىمدا، چىرايىمدىكى خىجالەتنى يېپىش ئۈچۈن جۈپ كۆزلىرىمنى دەرھال يۇمۇۋېلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە ھېلىقى مۇدھىش پەردە ئۇنى پۈتۈنلەي يۇتۇۋەتكەن چاغدىلا كۆزلىرىمنى قايتا ئاچقانىدىم.

1

مەن 16 ياشقا كىرگەن يىلىم ئۆيلەنگەنىدىم. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ خوتۇنۇمنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئىسمى جەمىلە بولۇپ، چىراي ـ شەكلى ئادەتتىكىچە، ئازراق مەلۇماتىمۇ بار ئىدى. ئۇنچىۋالا گۈزەللەردىن سانالمىسىمۇ، بىراق ۋۇجۇدىدا مېنى پۈتۈنلەي مەھلىيا قىلىپ، بىر ـ بىرىمىزنى چىن قەلبىمىزدىن سۆيۈشكە ئۈندەيدىغان تەرەپلەرمۇ بار ئىدى. ھەي... مۇشۇلارنى قايتا ئەسلىگىنىمدە روھىي دۇنيايىم تا ھازىرغا كەلگۈچە يەنىلا بىر خىل سىرلىق دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولۇپ ياتقاندەك ھېس قىلىمەن. ئەلبەتتە، ساختا گۈزەللىككە ھېچكىم ئىنتىلمەيدۇ. ئەكسىچە ھەرقانداق ئادەم تەڭداشسىز بىر قەلب گۈزەللىكىنى ئىستەيدۇ. راست، جەمىلەنى بۇ جەھەتلەردە ھەقىقىي گۈزەللەردىن دېيىشكە بولاتتى. تارتىنىش بىلەن باقىدىغان بىر جۈپ قوي كۆزلەر، بىر ئاز ساددىلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان كۈلۈمسىرەشلەر... ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ كۆزلىرىنى لاپپىدە يەرگە ئاغدۇرۇۋاتقان چاغدىكى قىياپىتىگە، ھەتتا ھۆسن ـ لاتاپەتتە ئەڭ كامالەتكە يەتكەن ساھىبجاماللارمۇ تەڭلىشەلمەيتتى.

ئۇنى ئۆيگە ئەكەلگەندىن كېيىنكى ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە بەكمۇ بەختلىك ياشىدۇق. بۇ جەرياندا ئىككى باللىقمۇ بولدۇق. بۇلاردىن بىر

چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

① ۋىسۋانچارانات شارما كوشىك (1891 ــ 1946 ـ يىللار) (Visvapdharanat Sharma Koushik) يەنە بىر ئىسمى راجىپ، ھىندى تىلىدا ئەسەر يازىدىغان داڭلىق يازغۇچى.

ئوغلىمىز هازىر هايات. ئىككىنچىسى قىز بولۇپ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ بىر قانچە ئاي بولمايلا ۋاقىتسىز قازا تاپقانىدى. قىزىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىن بىزنىڭ ئىللىق تۇرمۇشىمىزغا بىر قەۋەت قىرو چۈشكەنىدى. ياراتقان ئىگەم ئاشۇ غەمسىز كىچىك جاننىڭ ياشاش يولىنى توساتتىن ئۈزۈپ تاشلاپ، روھىنى ئەرشكە ئاچىقىپ كەتكەننى ئاز دەپ، يەنە جەمىلەنىمۇ كېسەللىك ئارغامچىسى بىلەن چىرماپ ئۈلگۈرگەنىدى. كېسەل ئالۋاستىسىنىڭ ئۆيىمىزگە زادى قانداق بىر خەيرىسىز ۋاقىتتا كېلىپ چۈشكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. لېكىن ئۇ جەمىلەنىڭ هاياتىي كۈچىنى پۈتۈنلەي ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. جەمىلەنىڭ گىرىپتار بولغىنى ئۆپكە توبېركۇليوز كېسىلى بولۇپ، بۇ ئادەمنى تاكى ئۆلۈم بوسۇغىسىغىچە سۆرەپ بارىدىغان نىجىس كېسەل ئىدى. بۇنداق كېسەل بىلەن يۇقۇملانغۇچى خېلى يىللارغىچە ياشىيالىغىنى بىلەن پۈتۈن بەندە ـ ئەزايى ئاغرىق دەستىدىن بىردەممۇ ئارام تاپالمايتتى. جەمىلەمۇ دەل ئاشۇ خىل ئەھۋالدا ئىدى. گەرچە ئۇ بۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن ئالتە ـ يەتتە يىلدەك ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق سالامەتلىكى بىرەر ئايمۇ ئەسلىگە كېلىپ باقمىدى. بەزىدە قارىسا بىرەر كېسىلى باردەكمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇنداق چاغلاردىمۇ روھىي ـ كەيپىياتى يەنىلا شۇنداق مىسكىن بولۇپ، هېچ ئىشقا رايى تارتمايتتى. مۇشۇ ئالامەتلەردىنلا كېسەللىك ئالۋاستىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كونتروللۇقىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ باقمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

دەسلەپكى بىر يىلدا ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرىدىم، ئۈزۈلدۈرمەي داۋالاتتىم، هەر كۈنى دورا ئىچىشكە ئۈندىدىم. ئەمما كېيىن مەنمۇ زېرىكىشكە باشلىدىم ۋە يەنىلا خۇدا نېمىنى بۇيرۇغان بولسا شۇنى كۆرگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ دېگەن يەرگە كېلىپ، ئادەتتىكى داۋالاشلارنى قىلغاندىن بۆلەك، ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشقا نىسبەتەن مەندە قىلچە تىرىشچانلىق كۆرۈلمىدى.

مەن دوختۇردىن توبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ناهايىتى ئوڭايلا يۇقىدىغانلىقىنى ئۇققانىدىم. شۇڭا بۇ كېسەلنى ئۆزۈمگىمۇ يۇقتۇرۇۋېلىشىمدىن قورقۇپ، جەمىلەنىڭ قېشىدا ناهايىتى ئاز ئولتۇرىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سەۋەب: ئۇنىڭ تاتارغان چىرايى ۋە قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان بەدىنىگە كۆزۈم چۈشسىلا كۆڭلۈم قاتتىق ئازابلىنىپ كېتەتتى. راست گەپنى ئېيتسام، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن خېلى بەك كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتكەنىدى. ئۆيدە ئانام بىلەن يەنە ئىككى كېلىنمۇ بولغاچقا ئائىلە ئىشلىرىنى كۆپىنچە شۇلار ئۈستىگە ئالاتتى. بۇمۇ مېنىڭ جەمىلە بىلەن هەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرۇشۇمنىڭ بىزۆرۈر بولۇشىدىكى بىر سەۋەب. بەزىدە ئۇن كۈن، هەتتا يىگىرمە ئايلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئېغىز گەپلىشىپ قويمايتتىم. بۇنداق مەيۈس كەيپىياتىمنى جەمىلەمۇ سەزگەنىدى. ئەمما بۇ جەھەتتە مەندىن هەرگىزمۇ زارلىنىپ باقمىغانىدى.

2

شۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا مېنىڭ پىكىر خىيالىم تامامەن ئۆزگىرىپ، ئۆيدە بىرەر يېرىمدەم بېسىپ ئولتۇرۇشىمۇ مەن ئۈچۈن چىدىماق ئەك مۇشكۈل ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. سىرتلارغا چىقسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتتى. بىراق، ئۆيگە قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا پەرىشان بولۇپ ئىچىم سىقىلىشقا باشلايتتى. شۇڭا كۈندۈزى ئۆيدە پەقەت ئىككى ـ ئۈچ سائەتلا تۇرالايتتىم. كەچتە سائەت 11 ـ 12 لەرنى قىلماي ئۆيگە قايتمايتتىم. بۇ كۈنلەردە هاراق ئىچىشتىن ئىبارەت بۇ يامان ئىللەتنى مەنمۇ يۇقتۇرۇۋالغانىدىم. چۈنكى، مەن پەقەت ئۆز كۆڭلۈمنىڭ ئازادە بولۇشىنىلا ئىستىگەچكە مۇشۇ خىل خۇمارغا بېرىلسەم ئۆزۈمنى خۇشال بولغاندەك هېس قىلاتتىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرسام يېنىمدا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ، جەمىلەنىڭ ئالدىمغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنى كۆرۈپلا يۈرىكىم دۈپۈلدەشكە باشلىدى. چۈنكى، مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن مەڭگۈگە ئايرىلىشنى ئويلاۋاتاتتىم. شۇڭا پەقەت ئەدەپ يۈزىسىدىنلا ئۇنىڭغا

گەپ قىلدىم:

—كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، بۈگۈن قانداقراق قوپۇپسىز؟

جەمىلە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغاچ سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

—شۇ بۇرۇنقىدەك.

—ئۆزىڭىزنى ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق سېزىۋاتامسىز ياكى...

—ھېچقانچە ياخشى بولغاندەك قىلمايمەن،—دېدى ئۇ گېپىم تۈگىمەي تۇرۇپلا،—پەقەت كۈنلىرىمنى كەينىگە سۆرەپ ياشاۋاتىمەن. ساناقلىقلا كۈنلىرىم قالغان بولسىمۇ ھەر ھالدا ھازىرچە تىرىك يۈرۈۋاتىمەن.

مەن بىر دەم ئويلىنىپ ئازراق گەپ تېپىپ قىلماقچى بولدۇم:

—توغرا، ئەلبەتتە شۇنداق... ھە، نېمە دېدىڭىز؟ شۇنچە كۆپ دورا ئىچتىڭىز، يەنە ئىچىۋاتىسىز، بىرەر ئۈنۈمى كۆرۈلمەي قالارمۇ؟—بۇ گەپلىرىم زادىلا قولاشمىغان بولسىمۇ جەمىلە پەرۋا قىلىپ قويمىدى:

—يىگىرمە كۈن بوپتۇ، پەقەت بۈگۈنلا سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تېپىپتىمەن،—دېدى ئۇ.

—يىگىرمە كۈن!؟ ...مەن تېخى بىز كۆرۈشمىگىلى ھەر قانچە بولسا يەتتە-سەككىز كۈنچە بولغاندۇ دەپتىمەن...

—سىز يىگىرمە كۈننى يەتتە-سەككىز كۈن قىلىپ ھېسابلاۋېرىڭ، بىراق مەن ئۈچۈن يىگىرمە كۈن دېگەن يەنىلا يىگىرمە كۈن.

مەن بىر ئاز خىجىل بولدۇم.

—يىگىرمە كۈن بولسىمۇ بولغاندۇ،—دېدىم مەن،—سىز كېسەل بولۇپ قالغاندىن بېرى بىزگە ئەر-خوتۇندەك ياشاش پۇرسىتى بولمىدى ئەمەسمۇ؟

—پۇرسەت بولمىدى ئەمەس، پەقەت بىر-بىرىمىزنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئىزدەشمىدۇق دەڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. شۇ تاپتا ۋىجدانىم مېنى ئەيىبلەۋاتاتتى. چۈنكى، جەمىلەنىڭ دېگىنى راست ئىدى.

—ئۆيدە ئانام بىلەن كېلىنلەر تۇرسا، بۇنداق پۇرسەتنى تاپىمەن دېيىشمۇ ئەخمەقلىق-تە!—دېدىم قولۇمدىكى كىتابنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن. بۇ گەپنى قىلىشنىغۇ قىلدىم، بىراق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاچقا بايىقى گېپىمگە ئاساس تېپىش ئۈچۈنلا دېگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئۆتكەندىكى ئاشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە بىر قانچە قېتىم ئۆيدە جەمىلە ئىككىمىزلا قالغان چاغلارمۇ بولغانىدى.

—مەن كېسەل بولۇشتىن بۇرۇنمۇ ئانىڭىز بىلەن كېلىنلەر ئوخشاشلا بار ئىدىغۇ؟—جەمىلە ئەمدى بۇ گەپنىمۇ قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

مانا، زۇۋانىم تۇتۇلۇپلا قالدى. جەمىلە يېنىمدىلا قاراپ ئولتۇرسا، خۇداغا ئۈنسىز ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنى بىرەر باھانە بىلەن قېشىمدىن تېزرەك ئەكەتىشنى تىلىمەكتىمەن. توۋا دەيمەن، بۇ نېمە دېگەن زور ئۆزگىرىش-ھە! ئەينى يىللاردا جەمىلەنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى تامنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئادەم مەن ئەمەسمىدىم؟ مانا ئاشۇ جەمىلە شۇ تاپتا ئالدىمدىلا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىراق بۇ ھالدىن كۆڭلۈم ئارامسىزلانماقتا.

جەمىلە بىر ھازا سۈكۈت بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن:

—دېگىلى بولمايدىغان نېمىسى بار؟ خىجىل بولۇش ھاجەتسىز، مەن بۇ ئىش ئۈچۈن قىلچە خاپا بولمايمەن. بىلىمەن، ئەمدى مەندە سىزنى جەلپ قىلالىغۇدەك ھېچنەرسە قالمىدى،—دېدى.

مەن تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

—جەمىلە، بۈگۈن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ ئاغزىڭىزدىن نېمىشقا بۇنداق تۇترۇقسىز گەپلەرلا چىقىدىغاندۇ؟—دېدىم دەرھال.

—بۇ ھەرگىزمۇ تۇترۇقسىز گەپ ئەمەس،—دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

—دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. مېنىڭ ھېچقاچان زارلانغان يېرىم يوق. ئەمەلىيەتتە ئازراق ئازاپلىنىۋاتىمەن. سىزمۇ بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغانسىز، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر سىزنىڭكىـ

كىلا ئوخشىمايدۇ ـ دە.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ غوژژىدە ئاچچىغىم كەلدى:

ـــماڭا قاراڭ جەمىلە، بۇنداق تايىنى يوق گەپلەرنى يەنە دەيدىغان بولسىڭىز، بۇ يەردىن ھازىرلا كېتىمەن!

بۇ چاغدا جەمىلەنىڭ چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى. مانا، دەل مۇشۇ كۆزلەر! ئەينى چاغدا مەن بۇ كۆزلەرگە قارىساملا مەپتۇنلۇقۇمدىن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قوياتتىم. بىراق بۈگۈن ياشلانغان بۇ بىر جۈپ كۆزلەر ئالدىمدا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرسىمۇ يۈرەك رىتىمىم تېزلىشىپ قويايمۇ دېمەيۋاتىدۇ...

ـــتوغرا تاپمىغان بولسىڭىز مەيلى،ـــدېدى جەمىلە،ـــئەگەر قوشۇلسىڭىز سىز بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقاي دېگەنتىم.

ـــنېمە ئىش؟

ـــقوشۇلامسىز؟

ـــناۋادا قوشۇلۇشۇمغا ئەرزىسە...

ـــسىز قايتا ئۆيلىنىۋېلىڭ.

ھەيرانلىقتا قېتىپلا قالدىم. نېمە، قايتا ئۆيلىنىۋېلىڭ؟! بۇ گەپنى جەمىلە ئۆز ئاغزى بىلەن دەۋاتىدىغۇ؟...خېلى بىر ھازاغىچە سۆكۈتكە پاتقاندىن كېيىن سورىدىم:

ـــنېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

ـــسىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغاچقىلا،ـــدېدى جەمىلە،ـــچۈنكى، مەندە ئەمدى سىزگە بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلىگۈدەك ماجال قالمىدى. شۇڭا سىز ئەڭ ياخشىسى قايتا ئۆيلىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. نېمىشقا پەقەت مېنى دەپلا ھاياتىڭىزنى بىر ئۆمۈر ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزگۈدەكسىز؟ بۇنداق كېتىۋەرسە مەنمۇ بەك بىئارام بولىدىكەنمەن. قارىسام دائىم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەشۋىشلىنىپلا يۈرۈۋاتىسىز. ھەر كېچىسى سائەت 12 بولماي ئۆيگە قايتمايسىز، گېپىم راستمۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. چۈنكى، ھازىر بۇ ئۆيدە سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى تارتىپ تۇرالىغۇدەك ھېچنەرسە يوق. شۇڭا مەن تەگرىگە كېچە ـ كۈندۈز يىلىنىپ، مېنى دەرگاھىغا بالدۇرراق ئېلىپ كېتىشىنى، شۇ ئارقىلىق سىزگە قايتا توي قىلىش ئەركىنلىكىنى بېرىشىنى تىلەۋاتىمەن. ئەمما، قارىغاندا مېنىڭ بۇ تىلەكلىرىم ئانچە تېز ئىجابەت بولمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە سىز يەنىلا قايتا توي قىلىۋېلىڭ.

جەمىلەنىڭ سۆزلىرى مېنى بىراقلا تەشۋىش دېڭىزىغا ئەكىلىپ تاشلىغانىدى. ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭمۇ بىر قانچە قېتىم مۇشۇنداق خىيالدا بولغىنىم راست. ناۋادا جەمىلە كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتسە قايتا ئۆيلەنسەممۇ بولىۋېرەتتى. ھەي، زادى چۈشەنمىدىم، مېنىڭ كاللامدا نېمىشقا بۇنداق خىياللار تۇغۇلۇپ قالغاندۇ؟ ئىلگىرىكى چاغلاردا جەمىلە سەللا بىتاپ بولۇپ قالسا، مەن پەقەت خاتىرجەم بولالمايتتىم. يەنىلا شۇ جەمىلەغۇ؟ ئەمما مەن ئەمدى ئۇنىڭ پاتراق ئۆلۈپ كېتىشىنى ئارزۇلاپ قاپتىمەن! دۇرۇس، مانا ئاشۇ ئىشقا بولغان پۇشايمان سەۋەبىدىن، بۈگۈنكى كۈندە غايەت زور روھىي ئازابقا چىداشقا مەجبۇر بولىۋاتىمەن.

ـــبولمايدۇ،ـــدېدىم مەن،ـــمەن ئەمدى ئۆيلەنمەيمەن، سىز ھايات تۇرۇپ بۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟

ـــتوسالغۇ بولىدىغان نەرى بار؟ـــدېدى جەمىلە،ـــمەن قوشۇلغان تۇرسام، يەنە نېمىگە ئىككىلىنىسىز؟

ئېيتقۇم يوقلۇقىغا قارىماي كۆڭلۈمدىكى ھەقىقىي ھېسسىيات يەنىلا ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى. ئويلانمايلا:

ـــمەن قايتا ئۆيلەنمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ ئانام بىلەن ئىنىلىرىم ھەرگىز قوشۇلمايدۇ،ـــ دەۋەتتىم.

ـــپەقەت مەنلا بىر ئېغىز گەپ قىلسام، ئۇلار چوقۇم قوشۇلىدۇ،ـــدېدى جەمىلە.

ـــتەگرىنىڭ ئالدىدا قاراپ تۇرۇپ مېنى بۇنداق قىلىشقا زورلىماڭ، بولمىسا ئانام مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. سىزمۇ ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ،

مەن قايتا ئۆيلەنمەيمەن.

—كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ سىزنى ئازابقا قويۇۋاتمەنغۇ!

—مەن قىلچە ئازابلانغىنىم يوق، پەقەت سىز دۇچار بولغان كېسەللىك ۋە تارتىۋاتقان كۈلپەتلەرلا كىشىنى ھەقىقىي ئازابلايدۇ. بىراق نېمە ئامال؟ بۇ ئازابنى بىزگە تەڭرى بۇيرىغان تۇرسا؟

جەملە لام ـ جىم دېمەستىن بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قېشىمدىن كېتىپ قالدى.

3

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. جەملەنىڭ ئەھۋالى يەنىلا بۇرۇنقىدەك، ياكى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلالمىدى، ياكى جېنى ئاغرىمايدىغان ئەركىن ھاياتقا ئېرىشەلمىدى. بەزىدە تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئەھۋالىغا بەك ئېچىنىپ كېتىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى—ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياشىماقتىن بۆلەك، ئۇنىڭغا بۇ دۇنيانىڭ ھېچقانداق خۇۋلۇقى قالمىغان. كىشىلىك ھاياتتا، كۆڭۈلگە تەسكىن بېرىپ ئۇنى بىردەمگىنە بولسىمۇ خوش قىلالايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن مېنىڭ ئاپەتلىك بەختىم يەنىلا چەمبەرچەس باغلىنىپ تۇرماقتا ئىدى. جەملە بۇرۇندىنلا مېنىڭ خۇشاللىقىمغا ئېتىبار بىلەن قارايتتى. گەرچە ھازىر ئايرىم تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، ئۇ يەنىلا مېنىڭ خۇشاللىقىم ۋە بەختىم ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتاتتى. جىسمانىي جەھەتتىكى گۈزەللىكى ئاللىقاچان يوقالغان بولسىمۇ، بىراق قەلب گۈزەللىكى يەنىلا ئۆز پېتى، ھەتتا ئىلگىرىكىدىنمۇ مۇكەممەللەشكەنىدى. ئۇ گەرچە ئاللىقاچان سولىشىپ قۇرۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا خۇشپۇرىقىنى يوقاتمايدىغان قىزىل گۈلنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ روھىي دۇنيايىمدا ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. چوڭ بىر قارا ھەرىگە ئوخشاپ قالغان يۈرىكىم ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ خىل خۇشپۇراق گۈل، بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيتتى. شۇنداق، قارا ھەرە بىلەن خۇشپۇراقنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار دەيسىز؟ ئۇ پەقەت غوڭۇلداپ ئۇچۇپ كېلىپ گۈل بەرگىدىكى تاتلىق شىرىنىنى شۈمۈرۈۋالسىلا بولدى. گەرچە بۇ گۈلنىڭ خۇش ھىدى يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ ئەمما قارا ھەرە دېگەن بۇنداق سولاشقان گۈلگە ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئۇرۇپ يۈرمەيدۇ!

بىر كۈنى يەتتە ياشلىق ئوغلىمىز كەنىنۇ ئازراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەچكە قاتتىق ئۇرغانىدىم، ئانىسىنىڭ قېشىغا يۈگرەپ بېرىۋالدى. مۇشۇ كىچىككىنە ئىش ئۈچۈنمۇ جەملە ئەتىسى ماڭا:

—تۆنۈگۈن كەنىنۇنى بەك قاتتىق ئۇرۇپسىز،—دېدى.

—ئۇ خاتا ئىش قىلدى ـ دە،—دېدىم مەن.

جەملە كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئېلىپ:

—بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۇرماڭ، بولامدۇ،—دېدى يەنە.

—نېمىشقا؟

—مەن بەك ئازابلىنىپ كېتىدىكەنمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپى ماڭا بەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلدى. كىچىك بالىلارنىڭ ئۆمرىدە ئانچە ـ مۇنچە تاياق يەپ تۇرۇشى دېگەن نورمال ئىش تۇرسا، ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈنمۇ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

—خاتالىقى بارلار جازالىنىشى كېرەك،—دېدىم مەن،—سىزنىڭ بۇنداق ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن ئازابلىنىشىڭىزنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق.

—بۇنىڭ سەۋەبى بار،—دېدى ئۇ.

—نېمە سەۋەب؟

—چۈنكى، ئۇ ئانىسىز بالا.

مەن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيلا قالدىم.

—ئانىسىز بالا؟

—شۇنداق، مەن شۇنداق ئويلايمەن،—دېدى ئۇ،—ئەمدى مېنىڭ جېنىمدىن قانچىلىك ئۈمىد قالدى؟ مەن ئۆزۈمنى ئاللىقاچان ئۆلگەن دەپ قارايمەن، شۇڭا ئۇنى ئانىسىز بالا دەۋاتىمەن. سىز ئۇنى ئەيىبلىگەن ياكى ئۇرغان چاغلاردا يۈگۈرگەن پېتى قېشىمغا كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالىدۇ، مەنمۇ

ئۇنى پۈتكۈل جىسمىم ۋە روھىم بىلەن باغرىمغا چىڭ باسمەن، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ خاتىرجەم قىلىمەن. بىراق مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇ كىمنىڭ يېنىغا ئاشۇنداق يۈگرەپ بارار؟ كىمنىڭ ئېتىكىگە كىرىپ پاناھلىنار؟ يەنە كىممۇ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويار؟...شۇ سەۋەبتىن مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، ئۇنى ئەمدى ئەيىبلەپ يۈرمەڭ.

جەمىلەنىڭ چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان بۇ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا يۈرىكىم خېلى بىر ھازاغىچە ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە زادى قانچىلىك سېھرى كۈچ بارلىقىنى بىلەلمىدىم. بۇ گەپلەر ھەتتا مېنىڭدەك باغرى تاش ئادەمنىڭ يۈرىكىنىمۇ جايىدىن قوزغىتىۋەتكەنىدى.

—ماقۇل،—دېدىم مەن ئارانلا،—بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىمكان قەدەر ئەيىبلىمەي.

جەمىلەنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئانچە ئۇزاق قالمىغانىدى. ئارىدىن يەنە بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇ كارىۋاتتىنمۇ تۇرالماس بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە يامانلاشتى. ئۇ پانىي دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مېنى يېنىغا چاقىرتتى. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئەمدى بۇ ئالەمدە ئۇزاق ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم. بىراق بۇ كۈننىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشۈمدىمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن.

مەن ئۇ ياتقان كارىۋاتنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇم:

—قانداقراق؟

جەمىلە بوشقىنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

—ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن.

—«ناھايىتى ياخشى» دېگەن قانداق گەپ؟

—مەن كۆڭلۈمنىڭ بۇنداق خۇشال بولغىنىنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان.

—بۇ چىن كۆڭلىڭىزدىن چىققان گەپمۇ؟

—ھەئە،—دېدى جەمىلە،— بۇ راست گېپىم.

ئۇنىڭ چىرايىغا زەن سالدىم. بۈگۈن، يەنى ئۇ كېسەل بولۇپ ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى بۈگۈن، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، يۈزلىرىدىن، ئالتە يىل ئاۋۋالقى ئاشۇ گۈزەللىكنى قايتا كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغانىدىم. شۇ تاپتا ئۇنى ھېچقانداق كېسىلى يوق، ناھايىتى ساغلام دەپ ھېس قىلماقتا ئىدىم. نېمە ئۈچۈنكىن، بۈگۈن قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىلگىرىكى ئاشۇ چاغلاردىكىدەك قىزغىن مۇھەببەت قايتىدىن ئويغانغانىدى. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەن مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئوتلۇق مېھرىم بىلەن سىلاۋېتىپ:

—سىز چوقۇم ساقىيىپ كېتىسىز، ئۈچ ـ تۆت كۈنگە قالماي پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ قالىسىز،—دېدىم.

ئۆزىگە بۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىمنى كۆرگەن جەمىلە ماڭا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئىزا تارتقاندەك نەزىرىنى ئىتتىكلا باشقا ياققا يۆتكىۋالدى. شۇ چاغدا يۈرىكىم خېلىغىچە دۇپۇلدەپ كەتتى. ئاھ، ئاشۇ تارتىنىش ئارىلاشقان ئوتلۇق نەزەرلەر! ئاشۇ سەبىي كۈلۈمسىرەشلەر!...ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويۇشقا باشلىدىم: جەمىلەنىڭ گۈزەللىكى قىلچە ئۆزگەرمەپتىغۇ؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان كۆزلىرىم كور بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ھەتتا مۇشۇلارنىمۇ كۆرمىگىنىمنى نېمىسى؟ ھەي...مەن نەقەدەر زور خاتالىق ئۆتكۈزگەن ـ ھە! نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا ئاشۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بوپتىمەن. تۇۋا، مەن زادى نېمە بولغان ئادەم؟ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۇنى نېمىشقا بۇنداق نەزىرىمگە ئىلماي يۈردۈم؟ ئەجىبا، ئالدىدا تۇرغان ساپ گۆھەرنى كۆرمەي، ھەممىلا يەردە پۇچۇق ئەينەك پارچىلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈش ھەقىقىي بەخت ھېسابلانسا ـ ھە؟ ئۇنى بۇنداق تاشلىۋېتىشىم پەقەت ئۇنىڭغا مۇشۇ رودۇپاي كېسەل چاپلىشىۋالغىنى ئۈچۈنلىمىدۇ؟ بۇ نېمە دېگەن بىمەنىلىك؟ ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن بىر نىيەتتە ھەمكارلاشقان بولسام بۇ نىجىس كېسەلدىن ئاللىقاچان قۇتۇلۇپ قالغانمۇ

بولاتتى. مەن ئۇنى كېسەللىك ھەم روھىي ئازاب دې-
گىرزىغا تەنھا تاشلاپ قويۇپ، بىر ئۆزۈمنى دەپلا ياشى-
سام قانداقمۇ ھەقىقىي بەخت ۋە خۇشاللىقنى تاپا-
لايتتىم؟ ئۇ ئازابلانسا، بۇ خىل ئازابنىڭ بىر ئۈلۈشى-
نى مېنىڭمۇ ئۈستۈمگە ئېلىش مەجبۇرىيىتىم بار
ئىدىغۇ؟ ئۇنى بۇ ئەھۋالدا تاشلاپ قويۇپ كارىم بول-
ماي، ئۆزۈم راھەتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرمەسلىكىم
كېرەكتىغۇ؟... ئاھ، تەڭرىم!... نېمە دېگەن زور جىنا-
يەت بۇ؟!... ئۇ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇ-
رۇپمۇ يەنە ھېچقاچان زارلىنىپ باقمىدى. ئەكسىچە
دائىم مېنىلا ئويلاۋاتىدۇ، ھەتتا مېنى بەختلىك قى-
لىش ئۈچۈن قايتا ئۆيلىنىشكە ئۈندەۋاتىدۇ. ئاھ!...
ئىككىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە تۇتقان مۇئامىلىمىزدە
ھەقىقەتەن ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىكەن! مەن
كەچۈرۈپ بولمايدىغان جىنايەت ئۆتكۈزۈپتىمەن. ئەم-
دى بۇ جىنايەت پاتقىقىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ
چىقالايدىغانلىقىمنى راستىنلا بىلمەي قالدىم!...

چوڭقۇر سۈكۈتكە پاتقانلىقىمنى كۆرۈپ جەمىلە
مەندىن سورىدى:

ــ نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

ــ ھېچنېمە ئويلىمىدىم.

ــ سىز بىلەن بىر قانچە ئېغىز پاراڭلىشىۋالاي
دەپ چاقىرتقانتىم.

ــ قېنى دەڭ، نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟

ــ مېنىڭ سەۋەبىمدىن سىز كۆپ كۈلپەت
تارتتىڭىز،ــ دېدى ئۇ،ــ مەن سىزنىڭ بەخت يولى-
ڭىزدىكى بىر توساق بولۇپ قالدىم. ياراتقۇچى تەڭرىم
مېنىڭ پېشانەمگە «بەخت» دېگەن بۇ بىر بوغۇم
سۆزنى يازمىغانىكەن. پېشانەڭگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا
شۇنى كۆرىدىغان گەپكەن، ئۇنداق بولمىغاندا خۇددى
چۈشىدە جەننەتكە كىرگەندەكلا بىر ئىش بولىدىكەن.
مەن سىزگە ئازاب كەلتۈرىدىغان مەنبە ئىدىم. شۇڭا
ھازىر پات ئارىدا سىزدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىمنى
بىلىپ تولىمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن. سىز ئەمدى بۇ
دۇنيادىكى بەختتىن ئەركىن بەھرىمەن بولالايدى-
غان...

ئاڭلاۋېرىشكە تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ گېپىنى
ئۈزۈۋەتتىم:

ــ جەمىلە، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ــ مەن بەكلا
جىددىيلىشىپ كەتكەنىدىم،ــ يېنىمدا سىز بولمى-
سىڭىز مەن ھەتتا ئەرشكە چىقىپ كەتكەن تەقدىر-
دىمۇ بەختىمنى تاپالمايمەن، تەڭرىم پەقەت...

بۇ چاغدا جەمىلەمۇ ھەيران قالغان ھەم چۆچۈ-
گەن ھالدا گېپىمنى ئۈزۈپ قويدى:

ــ ئەپەندىم، ھازىر قۇرۇق گەپ سېتىپ تەكەل-
لۇپ قىلىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس،ــ دېدى ئۇ،
ــ ئەمدى بۇنداق ياسالمىلىقىڭىزنى قويۇپ، مېنىڭ
گېپىمگە قۇلاق سالسىڭىز بولارمىكىن.

مەن مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر خىل قايغۇ ـ
ھەسرەت ئىچىدە شۇنداق دېدىم:

ــ جەمىلە، مەن بەكمۇ پەسكەش، رەزىل ئادەم
ئىكەنمەن. بۇنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرىكى ۋاقىتقا
كەلگۈچە مەن دەل سىز دېگەندەك پۈتۈنلەي ساختا
قىياپەتتە ئىدىم. بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. بىراق،
تەڭرىم ئۆزى گۇۋاھ، ھازىر مەن ئۆتكەنكى تاش يۈ-
رەكلىكلىرىم ئۈچۈن قاتتىق خىجىل بولۇۋاتىمەن.
ئەگەر ئاشۇ جىنايەتلىرىم ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان
قىلىش بەدىلىگە بۈگۈنكى پۇشايمىنىمنىڭ ئورنىنى
تولدۇرغىلى بولىدىغان بولسا، قىلچە ئۆكۈنمەيلا جان
دەپ رازى بولغان بولاتتىم. مەن كور ئىكەنمەن، ئۇق-
ماپتىمەن، سىزگە ئاشۇنچە ئۇۋالچىلىقلارنى سالغان-
لىقىمنى ئەمدى قايتا ئويلىغىنىمدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە
ھەيران قېلىۋاتىمەن...

بۇ گەپلەرنى دەۋاتقىنىمدا كۆز ياشلىرىم خۇددى
يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باش-
لىغانىدى. ئىچ ـ ئىچىمدىن قايناپ چىقىۋاتقان
ئۆكسۈشلىرىمنى تەستە بېسىۋالدىم. جەمىلەنىڭ
يۈزلىرىمۇ ئاللىقاچان يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز
ياشلىرى بىلەن چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەنى-
دى...

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇ:

ــ ئەگەر سىز مۇشۇ گەپلەرنى بۇنىڭدىن بىر

قانچە كۈن بۇرۇنراق دېگەن بولسىڭىز، مەنمۇ چامامنىڭ يېتىشىچە ھايات قېلىشقا تىرىشقان بولاتتىم، بىراق ھازىر مۇمكىن ئەمەس، — دېدى.

مەن ھەيرانلىقتا ھاڭۋېقىپلا قالدىم. كۆز ئالدىمنى خۇددى قويۇق بىر قات تۇمان توسۇۋالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. جەمىلەنىڭ بېشىنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدىم:

— ياق! ياق! بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! مەن ئۆز جىنايىتىم ئۈچۈن پۇشايمان ئوتىدا پۇچۇلىنىپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە، سىز مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمسىز! سىز راستىنلا مېنى تاشلاپ كېتەلەمسىز؟ ياق، قەدىرلىكىم! سىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسىز!

جەمىلە بىر قانچە قېتىم ئۈزۈپ - ئۈزۈپ نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىز ماڭا ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ. قەلبىمدە ھاياتقا بولغان قىزغىن ئۈمىد قايتا پەيدا بولدى. ھازىرغا كەلگۈچە مەن ئۆلۈم ئۈچۈن روھلۇق تەييارلىنىپ تۇرغانىدىم، بىراق ئەمدى گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئۆلۈمنىڭ تولىمۇ ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەپەندىم، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا مېنى بۇنداق قايغۇ - ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلماڭ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆلۈمگە چىداش ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ قىيىنكەن. ماڭا قاراپ: «سېنى ئۆچ كۆرىمەن» دەڭ، «سىز قەلبىڭىزدىكى ئىلگىرى مەندىن يىرگىنىپ يۈرگەن چاغلاردىكى ھېسسىياتىڭىزنى چوقۇم ھېلىھەم ساقلاپ كېلەلىدىڭىز. سىز بۇنىڭغا مېنى ئىشەندۈرۈڭ. مېنىڭ ئۆلۈمۈم سەۋەبىدىن سىز بەختكە ئېرىشىشىڭىز، خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلسىڭىزلا ئاندىن مەن بۇ ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، خۇشال پېتىم كېتىمەن».

چوڭقۇر ئازاب ۋە قاتتىق پۇشايمان زەنجىرلىرى نەپسىمنى پۈتۈنلەي بوغۇپ قوياي دېگەندى. جەمىلەنىڭ گەپلىرىگە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرالمىدىم.

— ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىمدا سىزدىن پەقەت بىرلا ئىشنى ئىلتىماس قىلىمەن، — دېدى ئۇ بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن.

مەن تىلىمنى تەستە ھەرىكەتكە كەلتۈردۈم:

— قايسى ئىشنى؟

— مەيلى قانداقلا چاغ بولمىسۇن مېنىڭ گەننۇيۇمنى ھەرگىز ئەيىبلىمەسلىككە ۋەدە بەرسىڭىز...

ئۇ مۇشۇ گەپنى دەپ بولۇپلا ھوشىنى يوقاتتى. تاكى ئەڭ ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە قايتا ھوشىغا كېلەلمىدى...

**ئىلفار جان مەتتۇرسۇن ئىسلام — (ت)**

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

---

(بېشى 76 - بەتتە)

تەرىپىدە مىسكىن چېچىلىپ ياتقان باغاقلارنى دېقماق قوللىرى بىلەن بىر پۇرلەپلا، يانىدىكى كېرەكسىز قەغەزلەر سېۋىتىگە پوككىدە تاشلىدى ۋە ئىش ئۈستىلىنىڭ ئۈستىنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ئىشىك ئېچىلىپ، بىر باغلام گېزىتنى كۆتۈرگەن مۇھەممەتئىمىن كىرىپ كەلدى.

— باشقارمىدىن مۇھەممەتئىمىن شۇجى ئۆي چېيىغا چاقىرىپ باغاق چىقارتىپتىكەن، ئۈستەللىرىگە قويۇپ قويغانىدىم، ئالغانلا - ھە؟ — دېدى گېزىتلەرنى جازىغا ئېلىۋاتقان مۇھەممەتئىمىن ئىمىر باقىغا يۈزلىنىپ.

بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي بىر نەرسە يېزىۋاتقان ئىمىر باقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ نەزىرىنى مۇھەممەتئىمىنگە جىددىي ھالدا ئاغدۇردى. سىكونتلۇق ئويلىنىشتىن كېيىن:

— ھە، ھە، ئالدىم، ئالدىم، رەھمەت سىزگە، — دېدى. مۇھەممەتئىمىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن ئالدىراش - تېنەش قوپۇپ، پىخىلداپ ئېچىشىشكە، سېۋەتتىكى پۇرلەنگەن قەغەزلەر ئارىسىدىن «مۇھەممەتئىمىن» ئىسىملىك باغاقنى ئايرىپ ئالدى - دە، ئۈستەل ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇپ، پۇرلەنگەن جايلىرىنى ئالقىنى بىلەن سىيرىپ تۈزەپ، يېنىك تىنىپ قويدى.

دەقىقە ئىچىدە ۋۇجۇدىدىكى ئاچچىق تاراپ، قەلبىگە قەندەك بىر سىزىم ئېقىپ كىردى.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**



مېۋىنى بازارغا سال، بازاردىن ئاشسا ئاپتاپقا سال

# ئەمىر تۆمۈر نەسىھەتلىرىدىن

## ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان بول...

سەلتەنەت ئىشلىرىدا تۆت نەرسىگە ئەمەل قىلغىن: (1) كېڭەش؛ (2) تەييارلىق ۋە مەسلىھەت؛ (3) قەتئىي قارار، تەدبىرچىلىك، ھوشيارلىق؛ (4) ئېھتىياتچانلىق. چۈنكى، كېڭەش ۋە تەييارلىقسىز سەلتەنەتنىڭ بارلىق ئىشلىرى ۋە سۆزلىرى ناتوغرا جاھىل ئادەملەردە باشقىچە قىياس تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىشلىرى ئۆزىگە پۇ-شايمان ۋە نادامەت كەلتۈرگەي. شۇنداق ئىكەن، سەلتەنەت ئىشلىرىدا تەييارلىق، مەسلىھەت ۋە تەدبىر بىلەن ئىش كۆرگىن. مانا شۇنىڭدا پۇشايمان ۋە نادامەتتە قالمايسەن. شۇنى ھەم بىلىشىڭ كېرەككى، سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى سەۋر ـ تاقەت بىلەن ۋۇجۇدقا چىققاي. يەنە بىر قىسمى بولسا، بىلىپ بىلمەسكە سېلىش، كۆرۈپ كۆرمەسكە سېلىش بىلەن پۈتكەي. شۇنداق بېجىرىلىشى شەرت بولغان تەدبىرلەرنىڭ تەرىپى ۋە زىكىردىن كېيىن (شۇنى تەكىتلەش لازىمكى) قەتئىيلىك، تاقەتلىك، چىدامچانلىق، ساقلىق ۋە سەگەك، ئېھتىياتچانلىق، شىجائەت بىلەن بارلىق ئىشلار ئەمەلگە ئاشقاي.

دۆلەت ئىشلىرىنىڭ توققۇز ئۈلۈشى كېڭەش، تەدبىر ۋە تەييارلىق، قالغان بىر ئۈلۈشى قىلىچ بىلەن بەجا كەلتۈرۈلۈر.

بىلىملىك، مەرد، شىجائەتلىك، قەتئىي، تەدبىرلىك، ھوشيار كىشى تەدبىرسىز، بولۇمسىز مىڭلىغان ئادەمدىن ياخشىدۇر.

دۈشمەن لەشكىرىنى يېڭىش قوشۇننىڭ كۆپلىكى بىلەن ئەمەس، مەغلۇب بولۇش لەشكەرنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، بەلكى غالىب بولماقلىق تەڭرىنىڭ مەدىتى ۋە بەندىنىڭ تەدبىرىدىندۇر.

گەرچە ئىشنىڭ قانداق نەتىجە بېرىشى تەقدىر پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇن بولسىمۇ، لېكىن ئەقلى تازا ۋە ھوشيار ئادەملەردىن مەسلىھەت ۋە تەدبىر سوراپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئالماق زۆرۈردۇر.

ئەگەر خەتەرلىك ئىشتىن بىرنى ياكى ئىككىنى قىلىشقا توغرا كەلسە، ھەر ئىككىسىدىن تەڭلا قۇتۇلۇش چارىسى تېپىلمىغاندا، خەتەردىن بىرنى تاللاش كېرەك.

بىر ئىشقا كىرىشمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى مۆلچەرلەپ قوي.

قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلماي قالدۇرۇپ قويما. ئەگەر بىر ئىشنى قىلماسقا سۆز بەرگەن بولساڭ، ئۇ ئىشقا ھەرگىز يېقىن يولىما. ئېسىڭدە بولسۇنكى، تەڭرى جەسۇر ئادەمنى تارتۇقلايدۇ.

كېڭەش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى تىل ئۇچىدا دېيىلگەن گەپ، ئىككىنچىسى، يۈرەكتىن چىققان گەپ. تىل ئۇچىدا دېيىلگەن گەپنى ئاڭلاپ قويۇشقىلا بولىدۇ، يۈرەكتىن چىققان مەسلىھەتنى قەلبكە مەھكەم ئورنىتىۋېلىش لازىم.

ئەگەر ئەمىرلىرىم سۆلھىدىن سۆز ئاچسا، بۇنىڭ پايدىسىنى ئۇرۇشنىڭ زىيىنىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتىم. ناۋادا ئۇلار ئۇرۇشقا مايىل بولسا، ئۇنىڭ نەپ پايدىسىنى سۆلھىنىڭ زىيىنىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتىم. قايسىسىنى قىلىش پايدىلىقراق بولسا، شۇنى تاللايتتىم. لەشكەرلەرنى ئىككىلەندۈرىدىغان، تۇراقسىز كېڭەشنى ئاڭلاشتىن ساقلىناتتىم. قانداق كىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشنى كۆيۈنۈپ سۆزلىسە، سۆيۈنۈپ ئاڭلايتتىم. كىمكى ئاقىلانە گەپلەرنى ئەركەكلەرچە مەردانە سۆزلىسە، ئۇنىڭغا ھەم قۇلاق سالاتتىم. ھەر ئادەمدىن گەپ ئېلىپ كېڭەش سورايتتىم. لېكىن، ئالغان ھەر بىر مەسلىھەتنىڭ ياخشى ـ يامان تەرەپلىرى ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈپ، توغرا ۋە ساۋابلىقلىرىنى تاللىۋالاتتىم.

### دانالار ھېكمەتلىرىدىن

يۈز مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن قىلالمىغان ئىشنى بىرەر توغرا تەدبىر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن.

ئەگەر يەردە ۋە كۆكتە ئىككى خۇدا بولسا، جاھاننىڭ ئىشى بۇزۇلىدۇ.
يارغا يەتكۈزگىل سابا، كىم مىكىر قىلمىشتۇر ماڭا،
قىلغان بولسا كىمگە مىكرنى قايتىدۇ بىر كۈن ئاڭا.

جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى قۇدرەتلىك نەۋرىلىرىمگە مەلۇم بولسۇنكى، تەڭرىتائالا دەرگاھىدىن ئۈمىدىم شۇكى، كۆپلەپ پەرزەنتلىرىم، ئەۋلادلىرىم سەلتەنەت تەختىمگە ئولتۇرۇپ مەملىكەتلەرنى ئىدارە قىلغاي. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەلتەنەت قۇرۇش، دۆلەت تۇتۇش ئىشلىرىنى بىر قانچە تۈزۈككە باغلىدىم ۋە سەلتەنەت باشقۇرۇش قوللانمىسى (دەستۇر ئەمەل) يېزىپ قالدۇردۇم. پەرزەنتلىرىم ۋە ئەۋلادلىرىمدىن بولغانلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭغا مۇناسىپ ئىش يۈرگۈزسۇن. ئەلپى ئۇستۇن مىللەتنىڭ شاراپىتىنى، مۇھەببەت ۋە دوستلۇقىم ئارقىلىق قولغا كىرگۈزگەن دۆلەت ۋە سەلتەنەتنى ساقلىغايسىلەر.

بۇ تۈزۈكلەردىن سەلتەنەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا قوللانما سۈپىتىدە پايدىلانغايسىلەر. مەندىن ئۇلارغا يېتىدىغان دۆلەت ۋە سەلتەنەت زەررىچە زىيانغا ئۇچرىماي ئامان بولغاي.

دوست ۋە دۈشمەن بىلەن مۇرەسسە—مادارا قىلدىم.

ھەر مەملىكەتتىكە شەيخۇلئىسلام ئەۋەتىمكى، تاكى مۇسۇلمانلارنى گۇناھ ئىشلاردىن قايتۇرۇپ ياخشى ۋە ساۋابلىق ئىشلارغا ئۈندىسۇن دەپ.

تەڭرى ياراتقان بەندىلەرنى ئادالەت ۋە ئىنساب بىلەن ئۆزۈمدىن رازى قىلدىم. گۇناھكار ۋە گۇناھسىزلارغا رەھىم قىلدىم. ھەققانىيەت يۈزىسىدىن ھۆكۈم چىقاردىم. خەيرى ـ ئېھسان ئىشلىرىم بىلەن ئادەملەر دىلىدىن ئورۇن ئالدىم.

زالىملاردىن مەزلۇملار ھەققىنى ئالدىم. زالىملار يەتكۈزگەن ماددىي ۋە جىسمانىي زىيانلارنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى شەرئىيتكە مۇۋاپىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھاكىمە قىلدىم ۋە بىر گۇناھكارنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىگە جەبر ـ زۇلۇم يەتكۈزمىدىم.

ماڭا يامانلىق قىلىپ بېشىم ئۈستىدە قېلىچ ئوينىتىپ، ئىشىمغا نۇرغۇن زىيان كەلتۈرگەنلەر ئىلتىجا بىلەن نۆۋە ـ تەۋەززۇ قىلىپ كەلگەچ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ يامان ئىشلىرىنى ۋە قىلمىشلىرىنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتتىم. مەردلەرنى ھۆرمەتلەپ كۆتۈردۈم. ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە شۇنداق يول تۇتتۇمكى، ئەگەر كۆڭۈللىرىدە ماڭا قارىتا گۇمان بولسا ئۇنتۇپ كېتەتتى.

ئۆلىما بىلەن سۆھبەتتە بول ۋە پاك دىيانەتلىك، تازا قەلبلىك كىشىلەرگە تەلپۈن. ئۇلارنىڭ ھىممەتلىرىدىن نېسىۋە تىلەپ، مۇبارەك نەپەسلىرى بىلەن دۇئا ـ پاتىھە بىرىشلىرىنى ئىلتىماس قىل.

قەتئىي كەسكىنلىك بىلەن ئىش تۇتتۇم، بىرەر ئىشنى قىلىشنى مەقسەت قىلسام، پۈتۈن زېھنى ـ ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ پۈتكۈزمىگۈچە ئۇنىڭدىن قولۇمنى تارتمىدىم.

ھېچكىمگە غەزەب بىلەن قاتتىق مۇئامىلە قىلمىدىم ۋە ھېچبىر ئىشتا ئۇلارنى تەڭلىككە سالمىدىم، تاكى تەڭرى تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولماي، ئىشىمنى بۇزۇپ، ھالىمنى خاراب قىلمىسۇن دەپ.

ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن سۇلتانلارنىڭ قانۇنلىرى ۋە تۇرۇش ـ تۇرمۇشلىرى، قىلىش ـ قىلمىشلىرى، ئېيتقان گەپلىرىنى خاتىرەمدە ساقلىدىم ۋە خۇش ئەخلاق، مەقبۇل سۈپەتلىرىدىن نەمۇنە ئېلىپ، ئۇلارغا ئەمەل قىلدىم. دۆلەتلەرنىڭ تەنەززۇلىغا ئۇچرىشىدىكى سەۋەبلەرنى سۈرۈشتۈردۈم. دۆلەت ـ سەلتەنەت زاۋالىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلاندىم. نەسلىنى بۇزغۇچى ئاچارچىلىق ۋە ۋابا پەيدا قىلغۇچى زۇلۇم—بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلىنىشنى ئۆزۈمگە شەرت قىلدىم.

رەئىيەت ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولدۇم. چوڭلارنى ئاتا ئورنىدا، كىچىكلەرنى پەرزەنت ئورنىدا كۆردۈم.

ھەر بىر ئۆلكە ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئاقساقال ـ ئۇلۇغلىرى ۋە بۇزرۇكلىرى بىلەن دوست بولدۇم. ئۇلارنىڭ مەجەزلىرىگە، تەبىئەتلىرىگە توغرا كەلگەن، ئۆزلىرى خالىغان ئادەملەرنى ئۇلارغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدىم.

ھاكىملار، سىپاھ ۋە پۇقرادىن قايسى بىرىنىڭ خەلققە جەبر ـ زۇلۇم يەتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلىسام، ئۇلارغا دەرھال ئادالەت ـ ئىنساپ يۈزىسىدىن چارە كۆردۈم.

تەييارلىغۇچى: پاتىگۈل سابىر
تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ئەللامە زەمەخشەرى ھېكمەتلىرىدىن

دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان، شۇنىڭدەك ئىبرەت ئالمىغۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەنمۇ تولغان.

پارا بېرىش بۇزۇق—يامان ئادەملەرگە ۋە زالىملارغا ياردەم بەرگەنلىكتۇر.

ئادەمنىڭ ئىچ سىرى تۇزۇك بولسا، تاشقى ئەمەلىيىتىمۇ تۇزۇك بولىدۇ. ئۇسى تۇزۇك بولمىسا، بۇسىمۇ تۇزۇك بولمايدۇ.

كاتىپنىڭ ھۆسن خېتىدىكى ھەر بىر چېكىت، گۈزەل قىزنىڭ مەڭزىدىكى خالدىن گۈزەلرەكتۇر.

سودىگەرنىڭ يۈز ئابرۇيى يانچۇقىدا، ئالىمنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى كىتابلىرىدا.

زۇكام بولغان ئادەم خۇشپۇراق گۈلدىن بەھر ئالالمىغىنىدەك، ئەخمەق ئادەممۇ ھېكمەتتىن لەززەت تاپالمايدۇ.

توغرا يولدا ماڭغان كىشىنىڭ يۈرۈشى شىرنىڭ يۈرۈشىدىنمۇ ھەيۋەتلىكرەك.

قايغۇ ـ مۇسىبەت بولغان جاينى ئاڭلىساڭ، ئۇ يەردە ھازىر بول. توي ـ تاماشالارغا چاقىرىلساڭ، چېكىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن، ھەزەر قىل.

تىل يارىسى كۆپ چاغلاردا قىلىچ يارىسىدىن يامانراق.

يەرنىڭ زىننىتى ئالىملار بىلەن، ئاسماننىڭ زىننىتى يۇلتۇزلار بىلەن.

مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش بىلەن مەرد، ئالىيجاناپ ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە خار بولمايدۇ.

ئەي ھىيلىگەر، ساختىپەز كىشىلەر! سىلەر ھىيلىگەرلىك بىلەن شۇنچە مال توپلايسىلەر، بۇ مال خوتۇنۇڭلارنىڭ كېيىنكى ئېرى ئۈچۈنمۇ؟

ھايۋانغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىنسا سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، سۆيۈنگەن چاغدا شوخلۇق قىلىپ ئىگىسىنى تېپىدۇ.

كۈن نۇرى توسۇلماس، ھەقىقەتنىڭ چىرىقى ئۆچمەس.

ئالىملارنىڭ ئىزىنى باس، دۇنيادا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىسەن.

ئىلىم—ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش دېمەكتۇر، ھۆسن خەت بىلەن يېزىپ قويۇش ۋە قەغەز بوياش ئەمەس.

ئاتقا ھەرقاچان قامچا لازىم، گەرچە يىراققا چاپىدىغان ئات بولسىمۇ.

شەرت بىلەن قىلىنغان سېخىلىقتا ياخشىلىق يوق، گەرچە قاتتىق ياغقان يامغۇرغا ئوخشاش بولسىمۇ.

كىمكى ئىقبالى پارلاق كىشىلەرنىڭ پېشىنى تۇتسا، مۇراد مەقسەتكە يېتەر، ماڭغان يېرىدىن كۆك مايسا ئۈنۈپ چىقار.

ھەقىقەت ۋە ئادالەت بىلەن ئىش يۈرگۈزمىگەن ھەر بىر باشلىقنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلار ئاقىۋەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

نەپسىڭگە بويسۇنمىساڭ، ئۇنىڭغا ئىگە بولالايسەن، ئۇنداق بولمىغاندا تىزگىنىدىن تۇتالمايسەن.

ھەرقانداق مۇشكۇل ئىش پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى تەرىپىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. سەييارىلەرمۇ پەقەت ئۆز قۇتۇبلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

ئورمانلىقتا شىرلارنىڭ، باغلاردا يىلانلارنىڭ بولۇشىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

يەتمىش ياش ساڭا نەزەرىنى تىكىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما سەن ھامان يىرتقۇچ ھايۋاندەك مال ـ دۇنيا ئۈچۈن چىش بىلەيسەن.

ئىچكى دۇنياسىنى ياخشى سۈپەت ۋە گۈزەل خۇلق بىلەن زىننەتلىمىگەن ئادەم قانچىلىك ئېسىل كىيىملەرنى كىيىۋالغان بىلەنمۇ سالاپەتلىك بولالمايدۇ.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇلھەمىت توختىباقى

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# بىزنى راستلا سۆيسىلە

باغقا قوغۇن تېرىسام،
پىشىپ قاپتۇ تولۇشۇپ.
سەيلى قىلدىم يار بىلەن،
گۈللۈك باغدا ئويىنۇشۇپ.

يولدا قاتنار غۇيۇلداپ،
شيالى، ۋولگا، پوبىدا.
پوبىدادا يار بىلەن،
بىللە ماڭسام يارىشا.

ئارا مەھەللە دېگەن يەردە،
مەن كىرمىگەن باغ تولا.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
يۈرۈگۈمدە داغ تولا.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالمىنى ئۈزگەنلىرىم.
ئېسىڭىزدە بارمىدۇ؟
باشتا مەن سۆيگەنلىرىم.

يارىم مېنى تاشلىدى،
يىگۈسى يوق ئالمىدەك.
تارتىپ ئەمدى ئىچ ئاغرىق،
كۈندە يىغلاپ يۈرگۈدەك.

يارىم ماڭدى سەپەرگە،
ماڭا قويۇپ تۇمارلىق.
لەۋلىرى ناۋات يارنى،
سۆيۈۋالدىم خۇمارلىق.

دۇتتار چالىدۇ يارىم،
پەدىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
ئەركىلەيدۇ ناز قىلىپ.

قىزىلگۈلدەك پۇراق بار،
شېخىدا يوپيۇرماق بار.
ئۈۋال قىلماڭ يار بىزگە،
قىيامەتتە سوراق بار.

شاپتۇل شېخى پەسمىكەن،
ئەگمەك شۇنچە تەسمىكەن.
يارنىڭ كۆڭلى تەتىللا،
بىزنىڭ كۆڭۈل خەسمىكەن.

يول ئۇستىگە ئۆي سالدىم،
ئىچ ـ تېشىنى سۇۋۇۋاتماي.
چوڭ سۆزلەيدۇ بىر قىزچاق،
ئېغىزىنى يۇۋۇۋاتماي.

كۆل بېشىدا چوڭ تېرەك،
تۈز ئۆسۈپتۇ پۇتاق يوق.
سىز ۋەدىدە تۇرسىڭىز،
بىزدە ئەسلا چاتاق يوق.

ئۆيۈڭىنىڭ ئارقىسى بېدە،
تۇمىقىڭ كۆرپىسى گىردە.
ۋاپاسىزدىن يار تۇتۇپ،
يۈرەكىنىڭ تېگى زىدە.

تاغ باغرىدا ئۇتلايدۇ،
جۇپتى بىلەن بەش ئۇلا.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
يارىم كۆزىگە ياش ئالا.

باش ئازمىدىن كەلگەن سۇ،
ھەر توقايدا توختايدۇ.
خۇشخۇي ئامرىقىم يارىم،
ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ.

باش بۇلاق بۇلاقمىدى؟
سۈيى بەك سۇغاقمىدى؟
خەت يازسام جاۋابى يوق،
قولىڭىز چۇلاقمىدى؟

ئاق كۆينەكنى كېيىپلا،
ھەپتىدە بىر يۇيۇپلا.
باشقا يار تۇتۇپ بىزگە،
بىلىشتۇرمەي يۈرۈپلا.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا بويلىرى توڭلاپ.
يۈرۈگۈمگە ئوت كەتتى،
ياردىن خەت، خەۋەر ئاڭلاپ.

ئۆستەڭ بويى ئاق تىكەن،
پۇتىڭىزغا كىرمىسۇن.
دوست ئۆتەيلى ئىككىمىز،
چىدىماسلار بىلمىسۇن.

بېيىتىم بار بېيىتتەك،
تاغدىن چۈشتۈم كېيىكتەك.

خەلق-ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

كەپ قىلسام جاۋاب يوق
كۆزى ئوچۇق شېھىتتەك.

باغچىڭىزدا ئاق توشقان،
پۇتتا شاپتۇل قاقىدۇ.
گېپى يوغان چوكانلار،
ۋاسا ساناپ ياتىدۇ.

قونداقتىكى خورازغا،
چالما ئېتىپ چىللاتتىم.
يىراقتىكى شۇ يارغا،
خەت ئەۋەتىپ يىغلاتتىم.

چوڭ ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
كۆۋرۈك بىلەن ئۆتەلا.
مەن بارىمەن يېقىندا،
گۈل تۇۋىدە كۈتەلا.

يار ئۆيى يول بويىدا،
ئالتۇن سائەت قولىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
پىيالىمىنىڭ يولىدا.

ئاق ئالمىنى ئېغاتتىم،
خاپا بولماي تەرسلە.
سېغىنىپ سالام يازدىم،
چاپسان جاۋاب بەرسلە.

ئاقچى قوغۇن تولاشسا،
كۆكچى قوغۇن تولاشماس.
بىز يۇرۇشكەن قىزچاقلار،
ئېرى بىلەن بۇلاشماس.

قوغۇنلۇقنىڭ كېپىستە،
دۇتار بىلەن داپ قالدى.
خۇمار كۆزلۈك قەلەمقاش،
يۈرۈگۈمگە ئوت سالدى.

تەكىڭىزدىن كۆز ئالدىم،
ئۇلاپ قوياي توغاچقا.
سورىمايسىز ھالىمنى،
گەپ قىلايمۇ ياغاچقا.

يارنىڭ ئۆيى جەينەكتە،
سۈرىتى بار ئەينەكتە.
بىزنى ئەسلىسۇن يارىم،
كەيگەن ئەتلەس كۆينەكتە.

ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇم،
ئۆھۇ، ئۆھۇ يۆتۈلۈپ.
مەيلىڭ بولسا چىقمامسەن؟
ئون تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ.

كوپتاڭ شۇنچە چىرايلىق،
كەستۈمىڭنى سالغىنا.
يارىڭ مەنمۇ، باشقىمۇ،
راست گېپىڭنى قىلغىنا.

قاشلىرىڭ ئەجەپ قارا،
كۆزۈڭدە خۇمار بارمۇ؟
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
بوينىڭدا تۇمار بارمۇ؟

ئۈچامدىكى ئەتلەسنى،
ئۆز قولۇمدا توقۇغان.
مېنىڭ سۆيگەن يارىم بار،
ساۋاقداش بوپ ئوقۇغان.

دۇتارنى تۈزۈپ قويدۇم،
ئۈزۈۋەتمەي چالالا.
گەپنى يوغان قىلمىسلا،
يېرىم يولدا قالالا.

تاۋار كېيدىم بەسلەشمەي،
دۇردۇن كېيدىم بەسلەشمەي.
گۈلدەك ئېچىلىپ كەلسلە،
ھاراق ئىچىپ سەتلەشمەي.

قۇلاقتىمۇ ئالتۇن بار،
بارماقتىمۇ ئالتۇن بار.
ياخشى يارنىڭ ئىشقىدا،
يۈرەكتە ئوت—يالقۇن بار.

دۇتاردىمۇ پەدە بار،
راۋاپتىمۇ پەدە بار.
ئۆزلىرىدەك چىرايلىق،
ئىزدەپ باقسام نەدە بار؟

ئۆتەڭ ئۆستەڭ سۈيىنى،
ئانارلىققا باشلايمىز.
بىۋاپالىق قىلسىلا،
باشتىن ئۆرۈپ تاشلايمىز.

ئۆي ئالدىدا تار ئېرىق،
كېچىپ ئۆتمەي، ئاتلايمىز.
يولنى توسماڭ ھارۋىكەش،
«سانتا» دا قاتنايمىز.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
سۇغا سەكرەپ سۈزەلا.
بىزنى راستلا سۆيسىلە،
ئۆزلىرىنى تۈزەلا.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
توختىمۇھەممەت مىرەخمەت
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇغېنى سىيت
تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز







① كىچىك دوكتور

② شادىيانە

③ كىچىلىك مەشرەپ

④ كونا ئۆي







ئالمجان مەتقاسم سزغان

# 《新玉文艺》 يېڭى قاشتېشى

## ( NEW JADE LITERATURE )


2002 年　(双月刊)
编　　辑：和田地区新玉杂志编辑部
出版单位：和 田 地 区 文 联
印　　刷：和 田 报 社 印 刷 厂
发　　行：和 田 各 地 邮 政 局
订　　阅：全 国 各 地 邮 政 局
印　　张：787×1092，1/16，6.125 张
国 内 统 一 刊 号：
ISSN 1002－929 XCN65－1088/1
邮政代号：58－26

2002 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
«خوتەن گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1092 × 787م م، 16 / 1، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002-929 XCN65-1088 / 1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 _ 58

电话：2023792　定价：3.00 元

باھاسى: 3.00　تېلېفون نومۇرى: 2023792